ISSN: 2602–389X
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2020 - يىللىق 3 - سان ئومۇمىي 11 - سان











زوردۇن سابىر خاتىرە ئۆيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە خاتىرە بۇيۇملار

تارىخچى تۇرغۇن ئالماس بىلەن بىللە





مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىر 1987 - 1988 - يىللىدىكى گېرمانىيە زىيارىتى مەزگىلىدە مەشھۇر گېرمان تۈركولوگى ئاننېمارىيە فون گاباﺋىن خانىم بىلەن بىللە



ئوڭدىن: ئابدۇراخمان قاھار، زۇنۇن قادىرى، ئەكپەر غۇلام، زوردۇن سابىر



سادىر پالۋان مەقبەرىسىنى زىيارەت
(1994 - يىلى، غۇلجا)






يازغۇچى زوردۇن سابىر(سولدا) گېرمانىيە ئالىمى توماس خوپپە
(ئوتتۇردا) قاتارلىقلار بىلەن. 1988 -يىلى (گېرمانىيە)




ئابدۇرېشىت ئوسمانىنىڭ مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يېزىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2016 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «زوردۇن سابىرنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ» ناملىق ئەسىرى

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

### ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

### ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر **uyjurnal@gmail.com** ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

### ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

### ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋىي كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.izdinish.org

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Бегишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2020 ـ يىللىق 3 ـ سان
ئومۇمىي 11 ـ سان
ISSN: 2602–389X

ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى
مۇرات ئورخۇن

تەھرىر ھەيئىتى
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

خەتتات
نۇر ئەفۋان

بەتچىك
ئالىمجان ئىبراھىم

## ئىجادكارلىرىمىز

پروفېسسور، دوكتور سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي................................. رائىلە ئابدۇلۋاھىت قەشقەرىي (تۈركىيە) 8
شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم توغرىسىدا ................................................. تەييارلىغۇچى ئا. ئاقھۇن (تۈركىيە) 12

## نەسرىي ئەسەرلەر

دىيەت ........................................................................................... ئۆمەر سەيفەتتىن (تۈركىيە) 23
ئوسمانلى تۈركچىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەندان (تۈركىيە)
شۇبۇرشۇن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ........................................................ ئالىس كارلىيوكېۋىچ (بېلورۇسىيە) 50
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ ( قازاقىستان)
مىنىڭ دادام ........................................................................................ ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 58
كاملە گۈلى ........................................................................................ رابىندرانات تاگور (ھىندىستان) 81
خىتايچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە)
سەن كەتتىڭ ......................................................................................... ئارسلان بايىر (تۈركىيە) 87
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: باھارىستان (تۈركىيە)
پارىژدىكى مۈشۈك ................................................................................ رەنا غوپۇر (ئاۋىستىرالىيە ) 91

## شېئىرىيەت گۈلزارى

شېئىرلار ........................................................ سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي (تۈركىيە) 10
مىللىتىم ........................................................................ ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 14
شېئىرلار ........................................................................................ چىمەنگۈل ئاۋۇت 17
شېئىرلار ........................................................................................ پەرھات تۇرسۇن 20
شېئىرلار ........................................................................... راھىلە كامال (شىۋېتسىيە) 29
شېئىرلار ...................................................................................... سەرۋى (ئامېرىكا) 31
شېئىرلار ................................................. مۇھەممەتجان ياسىن (بۇغدا) (قىرغىزىستان) 33
شېئىرلار.......................................................... مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 52
ئىككى شېئىر ................................................................................ ئايكۇن (ئامېرىكا) 55
سۆيۈش ............................................ ئالتىنبېك ئىسمائىلوۋ (قىرغىزىستان، قىرغىز شائىرى) 57
قىرغىزچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلجان ئازناباقىيېۋ (قازاقىستان)
مەن سىنى ئەزھەردە ئوقۇتىمەن ............................................. ئايخان ياۋۇز ئاچىك كۆز (تۈركىيە) 57
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: كەۋسەر (تۈركىيە)

ئىستانبۇلنى سېغىندىم ............ هايىتباي ئابدۇسادىق (ئۆزبېكىستان) 75
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ............ باھارىستان 76
شېئىرلار ............ مۇھەممەت ئابدۇمجىت 77
شېئىرلار ............ نۇرمۇھەممەت هېيت (ئامېرىكا) 78
بەشىنچى مەكتۇپ ............ ئۇمىت ياشار ئوغۇزجان (تۈركىيە) 79
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئىمران سادائىي(تۈركىيە)
قوش سوۋغا ............ دەئۇلېتبېك بايتۇرسىنۇلى (قازاقىستان، قازاق شائىرى) 80
قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ئابدۇلجان ئازناباقىېۋ (قازاقىستان)
قورقۋاتىمەن............ مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن) 80
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: كەۋسەر (تۈركىيە)

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

شېئىرلار............ ئاۋايدۇللايېۋا دىلنارا (قازاقىستان) 48
نۇزۇگۇم ............ ماخامېتژانوۋا سابىنا (قازاقىستان) 49
خەلقىمگە............ ئادىكېرىموۋا دىيارا (قازاقىستان) 49

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

قەبرە ئالدىدىكى ئارمانلار............ سەلىمە.ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) 34
ئۇيغۇر كارتون(قونچاق) فىلىم سەنئىتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ............ ئە. ئازات 45
ياشلار شېئىرىيىتىگە نەزەر ............ شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان) 67
مېنىڭ ئارمانلىرىم............ مۇنەۋۋەر سۇلتان (شۋېتسىيە) 84
رەشكى - ھەسەت............ تاھىرجان ئاببار (تۈركىيە) 88

## ئۇيغۇر ئايالىرى

بۇغدا كۆلدىن پەرۋاز قىلغان ئاققۇ ............ 41

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تۇرمۇش دىتاللىرى............ زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە) 65

## سالامەت بولۇڭ

ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار توغۇرسىدا ئىزدىنىش......................................................... مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسۇر مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى 61

## تەپەككۇر كۆزنىكى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سىلىشتۇرمىسى ........................................................... مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 96
ئەقلىيە سۆزلەر ......................................................................................................... مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 101

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

ياش ئىجادكار – ئەدەبىيات كېلەچىكى......................................................................................... ۋىليام مولوتوۋ (قازاقىستان) 103
تۇنجى قېتىملىق «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى (2019)» ئىستانبۇلدا ئېچىلدى .............................................................................
................................................................................................ مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى 106

## خەلق ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ......................................................................................... ئە. ئازات تەييارلىغان 28

## كىتاب ئۇچۇرلىرى

ئىككى كۆز، ئىككى يۈز ......................................................................................... ھەسەنجان ئابدۇۋايىت 108
پەرھات تۇرسۇن ئەسەرلىرى ......................................................................................... ھەسەنجان ئابدۇۋايىت 110
«نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» ۋە مەن ......................................................................................... ئابدۇراخمان سادىق (شۋېتسىيە) 112
«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىستانبۇلدا نەشرى قىلىندى .................... «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» ھەيئىتى 114

مۇقاۋىدىكى رەسىمنى ئەسقەر تۇردى سىزغان

ئارقا مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى يۇلغۇن تارتقان.

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قاراشلار پۈتۈنلەي ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ كۆز قارىشى ۋە قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ.**



# پىروفېسسور، دوكتور سۇلتان مەخمۇت قەشقەري*

رائىلە ئابدۇللاھت قەشقەري** (تۈركىيە)

## هاياتى***

سۇلتان مەخمۇت قەشقەري 1936 - يىلى 8 - ئايدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دۆڭ مەسچىت كوچىسىدا ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1945 - يىلدا قەشقەر شەھىرىدىكى قوناق بازىرى مەھەللىسىنىڭ يېڭى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ.

1947 -يىلى غۇلجىغا بېرىپ، بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى داۋاملاشتۇرىدۇ. -1952يىلى -7ئايدا ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىسمى بېرىلگەن ياتاقلىق مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدۇ. -1953يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ تىل- ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ

1955 - يىلى 7 - ، 9 - ئايلاردا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن تاللانغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان مەركىزي دىيالېكتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ.

1956 يىلى 7 - ئايدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن سۇلتان مەخمۇت شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا بىر تەرەپتىن ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋام قىلغان قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپلىرىغا دەرس بېرىشكە باشلايدۇ.

1957 - يىلى 7 - ۋە 8 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تىل ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتى كىشىلىرىدىن تەشكىللەنگەن يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرس كىتابى تۈزۈش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەنبەلەرنى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قىدىرىپ، يىغىپ توپلاشقا قاتناشقان.

---

* بۇ ماقالىدە ئاپتورنىڭ ئىلىم ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى خىزمەتلىرى قىسقارتىلىپ بېرىلدى. باشقا ساھەلەردىكى خىزمەت ۋە ئۇتۇقلىرى، ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتى شۇنداقلا مەخسۇس تېمىلاردىكى ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈش ئۈچۈن، ئاپتورنىڭ 2020 - يىلى 7 - ئايدا «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان«ئۆمرۈمنىڭ تەقدىر-قىسمەت خاتىراتى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇشۇنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**دوتسېنت دوكتور، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتى، هازىرقى زامان تۈرك تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى.
ئېلخەت: railekasgarli@hotmail. com
ORCID: 0000 - 0003 - 1905 - 2022.

*** پېشقەدەم مائارىپچى، شائىر، تەتقىقاتچى، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيسى پروفېسسور سۇلتان مەھمۇت قەشقەري ئۆزىنىڭ هاياتىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك خىزمەتلىرى بىلەن تارىخ بەتلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا پروفېسسور سۇلتان مەھمۇت قەشقەرىينىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئېلان قىلدۇق(نەشرىياتلارنىڭ ئىسمى ۋە باشقا بىر قىسىم ئۇچۇرلار ئەسلىي ئىسمى بىلەن بېرىلدى).

1958 - يىلى ماگىستىرلىقنى تۈگىتىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن يەنە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا داۋاملىق شۇغۇللىنىدۇ. 1980 - يىلى 2 -ئايدا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» ناملىق ئەسىرى بىلەن دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 1983 - يىلى تۈركىيىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. 1985 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىراژدانلىقىغا ئۆتىدۇ.

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي يۇرتتىكى ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىسىم - فامىلىسىنى ئىشلەتكەن بولسا، تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئەسەرلىرىنى، «سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي» دېگەن ئىسىم بىلەن ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇ 1988 - يىلى 7 - ئايدا يۇرتنى زىيارەت قىلىپ، ساقچىلارنىڭ نازارەت قىلىش ۋە دىشۋارچىلىقى تۈپەيلى تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانا تۇپراققا قايتا ئاياغ باسالمىغان.

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن، 1983 - يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە چەتئەللىك تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە خىزمىتىنى باشلايدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا دوكتورلۇقتا ئوقۇپ، 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دوكتورلۇقنى ياقلايدۇ. 1994 - يىلى تىراكىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈرك تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. 1996 - يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 2000 - يىلى شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈرك تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 2004 - يىلى پېنسىيىگە چىقىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ دوكتورانت ئوقۇغۇچىلارغا بولغان يېتەكچىلىك قىلىشى بىر يىلغىچە داۋاملىشىدۇ.

## ئىلمىي خىزمەتلىرى

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي بىر ئەدەبىياتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت ژانىرىگە مۇئەييەن تۆھپە قوشتى. مەيلى يۇرتتا بولسۇن ياكى تۈركىيىدە بولسۇن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىپ سۇندى ھەمدە ھەر خىل كىتاب-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

تۆۋەندە سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىينىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئورتاقلاشماقچىمىز. تېخىمۇ كۆپرەك تەپسىلاتى ئۈچۈن2017 - يىلى تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىينىڭ «ئۆمۈرۈمنىڭ تەقدىر-قىسمەت خاتىرىلىرى » ناملىق كىتابىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي 13 يېشىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 17 پارچە كىتابى، 450 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ۋە مىڭ پارچىغا يېقىن ھەرخىل ژانىردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي ئەپەندى ھازىرغىچە يۇرتتا، تۈركىيە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، گېرمانىيە، بېلگىيە، رۇسىيە، ئۇكرائىنىيە، ۋېنگرىيە، كانادا، ياپونىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، سۆھبەت ۋە تۈرلۈك يىغىنلارغا قاتنىشىپ، تۈركلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل-ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ، تۈرك دۇنياسى ۋە يۇرتىمىزنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىغا بەرگۈلۈك تۆھپىلەرنى قوشتى.

## كىتابلىرى

1 . «يۈرەك ساداسى»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1959 - يىلى، ئۈرۈمچى.

2 . «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1962 - يىلى، ئۈرۈمچى.

2 . «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1965 - يىلى، ئۈرۈمچى.

4 . «كۆرەش ناخشىلىرى»، شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 - يىلى، ئۈرۈمچى.

5 . «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى، ئۈرۈمچى.

6. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» (خىتايچە)، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1981 - يىلى، شاڭخەي.

7. «تولۇنئاي» (شېئىر، باللادا، داستانلار)، خىتاي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى، بېيجىڭ.

8 . «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈركچىسى گىراماتىكىسى» (تۈركچە)، ئورخۇن نەشرىياتى، 1992 - يىلى، ئىستانبۇل.

9 . «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» (تۈركچە)، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، 1998 - يىلى، ئەنقەرە.

10 . «ئارمان» (شېئىر، باللادا ۋە داستانلار)، بايراق نەشرىياتى، 1999 - يىلى، ئىستانبۇل.

11 . «ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ كۈلتۈرى ۋە تۈرك دۇنياسى» (تۈركچە)، چاقىرىق نەشرىياتى، 2004 -يىلى، ئىستانبۇل.

12 . «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ۋە كېلەچىكى» (ئۇيغۇرچە)، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپە نەشرىياتى، 2005 - يىلى، ئىستانبۇل.

13 . «سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىينىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» (دوتسېنت. دوكتور. لەۋەنت دۇغان تەييارلىغان)، نوبەل نەشرىياتى، 2007 - يىلى، ئەنقەرە.

14 . «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (تۈركچە)، چاقىرىق نەشرىياتى، 2008 - يىلى، ئىستانبۇل.

15 . «تەڭرىتاغ سادالىرى» (شېئىر، داستان، باللادا)، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 - يىلى، ئىستانبۇل.

16 . «شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ هۆرىيەت ۋە مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى» (تۈركچە)، بايراق نەشرىياتى، 2011 - يىلى، ئىستانبۇل.

17. «ئۆمرۈمنىڭ تەقدىر-قىسمەت خاتىراتى»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2017 -يىلى، ئىستانبۇل.

# شېئىرلار

سۇلتان مەخمۇت قەشقەرىي

## ۋەتەن

بوگۈن خانتەڭرى باغرىدا مەغرۇر،
ۋەتىنىم نامىڭنى تىلىمغا ئالسام.
هاياجان بىلەن ئويناپ يۈرىكىم،
دىلىمدا قاينار ئارزۇ ۋە ئىلهام.

سەن ئالدىمدا ئەڭ شۆھرىتى ئۇلۇغ،
كۆز يەتمەس ۋەتەن، كەڭ، گۈزەل ماكان.
بايلىقىڭ چەكسىز، تۈگىمەس- پۈتمەس،
سەن ئەزىز ئانا بىزگە مېھرىبان.

كەڭ قۇچىقىڭدا ئۇپۇقنى سۆيۈپ،
تۇرىدۇ ئاقۋاش بۈيۈك تاغلىرىڭ.
كۈرەش ۋە ئۇلۇغ جەڭ بىلەن ئۆتكەن،
تارىختا سېنىڭ شانلىق چاغلىرىڭ.

سۇلىرى شىپا دەريالىرىڭدا،
بېلىقلار شۇڭغۇپ ئوينايدۇ ئۈزۈپ.
ۋادىلىرىڭدا قىزىتماقتا جەڭ،
يىگىت-قىزلىرىڭ پىلانلار تۈزۈپ.

ئەي ئانا ۋەتەن داڭلىق گۈلىستان،
كۈرەش باشلىدۇق هۆرلۈك يولىدا.
دەهشەتلىك قىيا بولىدۇ تالقان.
باتۇر خەلقىمنىڭ پولات قولىدا!

1951 - يىلى، غۇلجا

## ئىشقىڭدا يېنىپ

ئارىلاپ چىققىنىم گۈل قۇچاقلىرىڭنى،
ۋەتىنىم نېمانچە گۈزەل سەن، كەڭ سەن.
مېهرىڭنىڭ يالقۇنى يايراتتى مېنى،
هارارەت كۆچىدە قۇياشقا تەڭ سەن.

هەر قېتىم ئايلانسام باغرىڭنى كېزىپ،
قەلبىمدە تاشقىنلار دەريا مۇهەببەت.
سەن گۈلشەن، مەن بۇلبۇل ئىشقىڭدا يېنىپ،
سايرايمەن، قانمايمەن ئەبەدىلئەبەد.

1957 - يىلى ئاپرېل، قەشقەر

## بىر ساپاق ئۈزۈم

باغقا كىرسەم شۇ باغۋەن بوۋاي،
ماڭا سۇندى بىر ساپاق ئۈزۈم.
مەرۋايىتتەك يالتىرلىشىدىن،
قاراپ-قاراپ قاماشتى كۆزۈم.

—قېنى، ئېغىز تەگكىنە ئوغلۇم،—
دېدى،—باغنىڭ بۇ نېمىتىگە.
دولقۇنلىنىپ كۈمۈش ساقىلى،
نۇر يېيىلدى ئىككى بېتىگە.

-رەهمەت،-دېدىم ئاغزىمغا سېلىپ،
كەھرىۋادىن بىر نەچچە تالنى.
تامىقىمدا ئېرىپ، شۇر قىلىپ،
ئۇ ئەسلەتتى ساپ، يېڭى بالنى.

مەن سورىدىم باغۋەن بوۋايدىن:
ــئەجەپ بۇنىڭ تەمى باشقىچە،
مۇنداق شېرىن، سەرخىل ئۈزۈمنى،
كۆرمىگەنتىم مۇشۇ ياشقىچە.

ــئوغلۇم، ــدېدى بوۋاي زوقلىنىپ،
ئەجىر قىلدۇق تەر تۆكۈپ تەگكە،
شېرىنلىكىنىڭ ئۆزى ئامراقكەن،
قېتىرقىنىپ قىلغان ئەمگەككە.

باغۋەن سۇنغان بىر ساپاق ئۈزۈم،
يۈرىكىمگە بىر تۇيغۇ سالدى،
گويا مېنى بىر ئىللىق ئارزۇ،
پەرى بولۇپ قوينىغا ئالدى.

يېتىلدۈرسەم ئاشۇ باغۋەندەك،
ئۆز شېئىرىمدىن بىر ساپاق ئۈزۈم.
مۇرادىمغا يېتەتتىم شۇ چاغ،
كۈلۈپ ۋەدەم، نۇرلىنىپ يۈزۈم.

1964 - يىلى ئاۋغۇست، تۇرپان

## گۈل

گۈل باھار قۇياشى نۇرلار چاچتى شادىمان بولدى گۈل،
بىخ سۈرۈپ ياشناپ، چېچەكلەپ، زەپ باراقسان بولدى گۈل.

نەۋباھار، ئىللىق شامالدىن جۇت-زىمىستان قوغلىنىپ،
مىڭ تۈمەن يۇلتۇزغا ئوخشاش يەرۇ ئاسمان بولدى گۈل.

لالىدەك كىمخاب تاۋاردىن ئۈستىگە تونلار كىيىپ،
بىپايان قىرلار، ئېتىزلار، دەشت-باياۋان بولدى گۈل.

ئەجىرىمىز، قان-تەرىمىزدىن شاخ-شېخىدا غۇنچىلاپ،
شۇنچە ئۆز، رەڭدار پورەكلەپ تىلدا داستان بولدى گۈل.

1981 - يىلى، ئۈرۈمچى

## قەدىرلەيمىز يۈرەكتىن

(باللار ئاغزىدىن)

ئۆگەتتىڭىز زېرىكمەي بىلىم بىزگە مۇئەللىم،
مېھرىڭىزدىن سۆيۈندۇق رەھمەت سىزگە مۇئەللىم.

ئەجرىڭىزدە يۈكسەلدۇق ئالغا ئۆرلەپ مۇئەللىم،
ئۆسمەكتىمىز نوتىدەك ياشناپ، گۈللەپ مۇئەللىم.

سىز كۆيۈمچان بىزلەرگە ئاتا - ئانىدىن چارى،
سىز بولغاچقا ياشنايدۇ ئىلىم - پەننىڭ گۈلزارى.

سىزگە تۇتتۇق گۈلدەستە قىزىل غۇنچە پورەكتىن،
مەڭگۈ سىزنى ھۆرمەتلەپ قەدىرلەيمىز يۈرەكتىن.

1981 - يىلى ئۈرۈمچى

## يازدىم مەن ساڭا

(مەرھۇمە مېھرىبان ئانام ئايىمنىساخان روزى ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

كۆزۈمدىن تۇيۇقسىز كەتسەڭمۇ ئۇچۇپ،
بىر نەپەس ئېسىمدىن چىقمىدىڭ ئانا.
سەن مېنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشقاچ،
ئاق سۈتۈڭ، مېھرىڭنى بېغىشلاپ ماڭا.

نەپەستىن توختىغان چېغىڭغا مانا،
ئويلىسام بوپ قاپتۇ ئەللىك يىل بۈگۈن.
قەدرىڭگە يەتمىگەچ ھاياتلىقىڭدا،
قەلبىمدە لىق ھەسرەت، ئاچچىق بىر تۈگۈن.

يۈرىكىم پارىسى مېھرىبان ئانا،
كۆرىمەن چۈشۈمدە سېنى ھەر زامان.
سەن ئۈچۈن ئالللاھتىن جەننەتنى تىلەپ،
دۇئالار قىلىمەن، بولسامىلا ئامان.

بىر ئۆمۈر مەن ئۈچۈن بولدۇڭ پەرۋانە،
شەپقەتلىك جامالىڭ كەتمەس كۆزۈمدىن.
ھاياتىم بويىچە يانمايمەن ئەسلا،
ئالدىڭدا ئاند ئىچىپ بەرگەن سۆزۈمدىن.

قەسىمىم تۈپەيلى ئانا ۋەتەننى،
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەن بەلنى باغلىدىم.
قولۇمدىن چۈشمەيدۇ ئۆتكۈر گاڭ قەلەم،
شەرەپلىك، مۇقەددەس يولنى تاللىدىم.

بۇ يولدىن قايتمايمەن، قىلىمەن كۈرەش،
تىكلەيمەن كۆك تۇغنى ئانا ۋەتەنگە.
ئېرىشەر ھۆرلۈككە جانىجان ئېلىم،
مەن سادىق ئالدىڭدا ئىچكەن قەسەمگە.

كېلىدۇ بۇ كۈنلەر گۈل-چېچەك ئېلىپ،
قەبرەڭنى زىيارەت قىلىمەن چوقۇم!
ئەجدادلار روھىنى ئەيلەش شاد-خۇرام،
بۇ بىزگە تارىختىن قالغان بىر ئۇدۇم!

كۆزۈمدىن تۇيۇقسىز كەتسەڭمۇ ئۇچۇپ،
بىر نەپەس ئېسىمدىن چىقمىدىڭ ئانا!
ئېھتىرام –ھۆرمەتتە ئەسلەپ، ياد ئېتىپ،
شۇ ئوتلۇق شېئىرىمنى يازدىم مەن ساڭا!

2008 - يىلى 1 -يانۋار، ئىستانبۇل

**ئەسكەرتىش:** بۇ شېئىرلار مۇئەللىپنىڭ «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى.



# شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم توغرىسىدا

تەييارلىغۇچى: ئا. ئاقھۇن (تۈركىيە)

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، 1894 - يىلى ئۇيغۇر يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، جامائەت ئەربابى، يېتىشكەن ئالىم، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس داموللامنىڭ ئائىلىسىدە، ئاتۇشتا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىن باشلاپ، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھىرىدە پۈتتۈردى. ئۇ بۇ جەرياندا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇلقادىر داموللام ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى ھىندىستانغا ئەۋەتتى.

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستانغا بېرىپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى. 1924 - يىلى 8 - ئايدا ساتقىن مۇناپىقلارنىڭ قول سېلىشى بىلەن دادىسى ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھەر كونا ئوردىدىكى كۈتۈپخانىسىدا شەپقەتسىزلەرچە قەتلى قىلىندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ 1920- يىللاردىن باشلاپ شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغانلىقى مەلۇم. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا تەكلىماكان ئەھلىنىڭ جىددىي تەشۋىشلىرى ۋە ئۈمىد - ئىشەنچلىرىدىن يۇغۇرۇلغان بىر غېرىب كۆڭۈلنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ياڭراق مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

ئۇ ياڭزىڭشىن (1914 - 1924)، جىن شۇرېن (1924 - 1933)، شېڭ شىسەي (1933 - 1944)، گومىنداڭ (1944 - 1949)، خىتاي كوممۇنىستىك (1949 -) ھاكىمىيەتلىرىنىڭ تۈرمىلىرىگە سولانغان بولۇپ، چەتئەلدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىنكى 58 يىللىق ھاياتىنىڭ 43 يىلىدىن كۆپرەكىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. شائىرنىڭ تازا جاسارەتكە تولغان چاغلىرى مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىنى چىرىتىپ تۈگەتكەن قاراڭغۇ كامېرلاردا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا ئۆتتى.

1980 - يىلى كۈز ئايلىرىدا شائىرنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كېسەللىكىنى نەزەردە تۇتقان ھۆكۈمەت ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى قاماقتىن بوشاتتى. شائىرنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر خەلقى شائىر قەيەرگىلا بارسا ئۇنى بېشىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ كۇچا، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر قاتار زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

1982 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئابدۇلئەزىز مەخسۇم سىرلىق «پويىز ۋەقەسى» دە ئۈرۈمچىدە بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. گەرچە خەلقىمىز ئۇنىڭ كۈرەش روھىغا مۇناسىپ دەپنە مۇراسىملىرى، ھەشەمەتلىك قەبرە تاشلىرىنى تىكلىيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شائىر خەلقىمىز قەلبىدە ئۆلمىدى، ئۇ مىليونلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۈرەش يولىدىكى نامايەندىسىگە ئايلاندى.

بسم الله الرحمن الرحيم

## مىللەت تىم

مىللەت تىم غايەت
مىللەت بولغانىكىن
قاي مىللەت تۇرماس
ئەي نادان مىللەت
بولدۇڭ سەن مايمۇن
ھۆرلىكنى قويۇپ
كۆز تۇرۇپ ... داق
ھەدېسە خوش دەپ
نەلەرۇپ قاقشاپ
بولغاندىڭ قانى
ۋەتەن مىللەت دەپ
تۇراپ سەرلەۋگىنى
گەرچە ياساڭ بۇ شەكىل
كە نۆۋبەت ئالساڭ
ئۇيالماس رەزىل
دىنىنى بەردە ئەتىپ
ياۋغە قول بولۇپ
بۇ شىڭ ئۇيالماس
بۇنداغ ئۇيالماي
دۇنيالىق بىكار
ئەمدى سەن ياشلەر
تاراپ باشىڭنى

قايغۇلۇق ھالەت
نوس سەئەكلى چاپىش
ھېچ بىر تويغانماس
ساقايماس ئىللەت
نىشانسىز مەجنۇن
قۇللۇققا ئويۇپ
چالىپ سەن دومباق
ۋەتەنكەش بوش دەپ
بەرگىنىن ئاشاپ
ساتتىڭ ۋىجدانىنى
دىن ئۈچۈن غەم يەپ
سۆزەپ مەرلەكنى
يەپ سىياپ مانال
ھەمىيانى ساسالساڭ
ھىممەتسىز سەپىل
ئىمانىنى سەتىپ
يارماق پۇل بولۇپ
بەسلىك تىن قالماس
ھىچ بىر ئۇيالماي
ھەق سەندىن بىزار
ئەي قاياقى باشلەر
ياساپ تاشىڭنى

خار دۇرنە ھايەت
شاشە بىنتابىش
ھالىن ئويلىماس
ۋۇجۇدۇڭ زىللەت
ئەخلاقىڭ مەلئۇن
شۇملۇق قوللۇنۇپ
يالاپ سەن يالاق
كەل ئۇرغۇن تورش دەپ
ھايۋاندەك ياشاپ
قويدۇڭ ئىمانىنى
خودانى ئەسلەپ
بۇراپ زەللىكنى
ئامىن دەپ خوشال
غەنىمەت تىلىساڭ
نىزە كىبا ھەرجىل
ئەلنى ئالداتىپ
كاغەز گول بولۇپ
تارىخچە بولماس
شۇملۇق تىن قالماي
جۇڭنى سەن بەدكار
ئەمەق تاندىشلەر
يۈزكوز قاشىڭنى

ھەسرەت شىكايەت
رەسۋائە ھالەت
ئەغىرقە ياھەت
لەرگە مەتە ھادەت
ئىپلاس بىر ھالەت
ياۋغە ئىيانەت
بۇ بىر رەزالەت
تىلدىڭ سەداقەت
ئەسكەپ نىجاسەت
يوق دەپ قىيامەت
تىلدىڭ يىمۇ تائەت
ئىزدەپ زىيابەت
تاپساڭ دەۋامەت.
شولدۇر كەرامەت
يولۇڭ زەلالەت
ئېتلەپ سەنە زارەت
تاپاسەن راھەت
بۇ خىل ئىيانەت
ياشاش نەجاسەت
شۇم بەد دىيانەت
سەنەكلىك بىر ئافەت
سەنەكلىك نىزاكەت

—١٥١—

# مىللىتىم

تەييارلىغۇچى: ئا. ئاقهۇن

مىللىتىم غايەت، قايغۇلۇق هالەت،
خاردۇر نىهايەت، هەسرەت شىكايەت.

مىللەت بۇلغىنىش، تۇس شەكلى چىڭىنىش،
شەنىدىن تېنىش، رەسۋا ئاهانەت.

قاي مىللەت تۇرماس، هېچ بىر ئويغانماس،
هالىن ئويلانماس، ئېغىر قاباهەت.

ئەي نادان مىللەت، ساقايماس ئىللەت،
ۋۇجۇدۇڭ زىللەتلەرگە شاهادەت.

بولدۇڭسەن مايمۇن، نىشانسىز مەجنۇن،
ئەخلاقىڭ مەلئۇن، ئىپلاس بىرهالەت.

سۈنئى تىغ قۇرال، يوق ئاندا ئامال،
ئۇچاغلىق ئامال، ئۇ بىر ساپاهەت.

ئەڭ ئالىي نىيەت، ساپ هەققانىيەت،
چىن ئىنسانىيەت، هەقىقى غايەت.

ياتما تۇر چاققان، كۆرەشكە ئاتلان،
قوللىنىپ ۋىجدان، غەيرەت شىجائەت.

زور قورال ۋىجدان، هەققانى جەۋلان،
كېرەكمەس ئەلئان، سەن تىغ ئالەت.

هۆرلۈكنى قويۇپ، قۇللۇققا ئۇيۇپ،
شۇملۇق قوللىنىپ، ياۋگە ئىتائەت.

كۆتىرىپ پورداق، چېلىپ سەن دۇمباق،
يالاپ سەن يالاق، بۇ بىر رىزالەت.

هەدىسە «خۇش» دەپ، ۋەتەن كەش «بوش» دەپ،
كەل نورغۇن «توش» دەپ، قىلدىڭ ساداقەت.

تەلمۈرۈپ قاخشاپ، بەرگىنىن ئاشاپ،
هايۋاندەك ياشاپ، پۇراپ نىجاسەت.

بولغادىڭ قاننى، ساتتىڭ ۋىجداننى،
قويدۇڭ ئىماننى، يوق دەپ قىيامەت.

ۋەتەن مىللەت دەپ، دىن ئۈچۈن غەم يەپ،
خۇدانى ئەسلەپ، قىلدىڭمۇ تائەت.

ئوراپ سەللەڭنى، سۆرەپ مەللەڭنى،
بۇراپ زەللەڭنى، ئىزدەپ زىياپەت.

گەر تاپساڭ پوشكال، يەپ سىپاپ ماتال،
«ئامىن» دەپ خوشال، تاپساڭ دارامەت.

كونۋىرت ئالساڭ، هەميانغا سەلساڭ،
غەنىمەت قىلساڭ، شۇلدۇر كارامەت.

ئۇيالماس رەزىل، هىممەتسىز سەپىل،
نەيرەڭۋاز هەرخىل، يولۇڭ زالالەت.

دىننى پەردە ئىتىپ، ئىماننى سېتىپ،
ئەلنى ئالدىتىپ، ئىشلەپ شارارەت.

ياۋگە قۇل بولۇپ، يارماق پۇل بولۇپ،
قەغەز گۇل بولۇپ، تاپامسەن راهەت.

يۈزۈڭ ئۇيالماس، پەسلىكتىن قالماس،
تارىختا بولماس، بۇ خىل ئىتائەت،

بۇنداق ئۇيالماي، هېچبىر ئويلانماي،
شۇملۇقتىن قالماي، ياشاش خاباسەت.

دۇئايىڭ بىكار، هەق سەندىن بىزار،
چۈنكى سەن بەدكار، شۇم بەد دىيانەت.

ئەمدى سەن ياشلەر، ئەي قاپاق باشلەر،
ئەهمەق قانداشلەر، شەكلىڭ بىر ئاپەت.

تاراپ ساچىڭنى، ياساپ تاشىڭنى،
يۈز كۆز قاشىڭنى، شەكلىڭ نازاكەت.

هەممىدىن بورۇن، ئىزدىشىڭ ئورۇن،
سۈرەتكەش هورۇن، مايمۇن سالاپەت.

بىر ئامال ئېتىپ، مەنسەپكە يېتىپ،
ئۆزۈڭنى سېتىپ، تاپتىڭ سافاهەت.

ۋەتەننى سوغات، قىلساڭ يوق ئۇيات،
قىلۇر مۇكاپات، خەيرى ساخاۋەت.

ئۆزەڭنى ئىنسان، دېگىنىڭ يالغان،
چۈنكى يۇقالغان، سەندىن ئاسالەت.

سەنلەردە ئېناق، مېهرى ئىشتىياق،
بىرلىك ئىتتىپاق، يوقاپ نەهايەت.

هەق يولغا خىلاپ، تەپرىقە ئىختىلاپ،
كىزىب ۋە مىكرىلاپ، تۈرلى ئاداۋەت.

چېكىدىن تاشقان، هەددىدىن ئاشقان،
شۇم نەسلىڭ باسقان، بەختسىز هالەت.

ئورناشقان ئۈچۈن، يېشىلمەس تۈگۈن،
بولغاچ تۈن ۋە كۈن، بالايى ئاپەت.

ئىنسان بولماي قوي، هايۋان بولۇپ توي،
قىلما بۆلەك ئوي، بولماي خىجالەت.

يوقال كۈن كۆرمەي، بۇلغىنىپ يۈرمەي،
شۇم دەۋران سۈرمەي، ئى نەس كاساپەت.

ياشىمايلا قال، دۇنيادىن يوقال،
تارىختىن سوقال، ياشاش نەهاجەت.

بۇنداق تىركىلىك، سېسىق چىرىكلىك،
ئىپلاس ژىرىكلىك، جەزمەن هالاكەت.

بولماستىن سەرسان، دۇنيادىن چاپسان،
يوقالساڭ ئاسان، تارتماي مالامەت.

بۇ هالنى ئويلاپ، چىدىماي قايناپ،
زارلىنىپ قاخشاپ، قىينالدىم غايەت.

لېكىن ئەسلىسەم، ئويلاپ سۆزلىسەم،
ئۈمىد كۆزلىسەم، كېلۇر بېشارەت.

دېمەك مىللەت ئاق، كۆز ئاچساڭ پاتراق،
ئىقبالى پارلاق، بەختى سائادەت.

مىللەتكە پەسلەر، ۋىجدانسىز نەسلەر،
هاماقەت مەسلەر، بولماس كاپالەت.

ئەي ئەزىز مىللەت، بىزدىكى ئىللەت،
بارلىق مۇزەللەت، دەردى ئاسارەت.

مىللىتىم ئويغان، كۆتەر باش ئىرغان،
سېنى خار قىلغان، زورلۇق سىياسەت.

بۇ شۇملۇق شورلۇق، باسقۇنچى زورلۇق،
ۋەهشىي قانخورلۇق، كەلتۈرگەن هالەت.

ئۈستۈڭدىن باسقان، چېكىدىن تاشقان،
هەددىدىن ئاشقان، بالايى ئاپەت.

ئەمدى ئويغىنىپ، تىرەن ئويلىنىپ،
ھىممەت قوللىنىپ، قىلساق جاسارەت.

يوقۇلۇر خارلىق، مەھكۇم ياشارلىق،
قۇللۇق ھەم زارلىق، قالماس شول سائەت.

مىللىتىم چاققان، كۈرەشكە ئاتلان،
قوللىنىپ ۋىجدان، غەيرەت شىجائەت.

زور قۇرال ۋىجدان، ھەققانىي جەۋلان،
كېرەكمەس ئەلئان، سەن تېخى ئالەت.

قۇتۇل خارلىقتىن، قۇللۇق زارلىقتىن،
جاپاكارلىقتىن، قوزغال قىل غارەت.

قۇللۇقتىن بوشا، ھۆر ئەركىن ياشا،
شۇدۇر كەڭ تاشا، راھەت ـ پاراغەت.

سەن شانلىق مىللەت، پاك قانلىق مىللەت،
ئىمانلىق مىللەت، ئەسلىڭ نىجابەت.

تارىخىڭ ئۇلۇغ، تۇرانىي ئۇرۇغ،
ئىقبالىڭ قۇتلۇغ، نەسلىڭ سالابەت.

سەن ئۆچۈن مەزلۇم، خار ـ زار مەھكۇم،
ھوقۇقتىن مەھرۇم، ياتىش جىنايەت.

مىللىتىم ھەر ئان، بولغىل قەھرىمان،
ھېچ چاغ ھېچ زامان، بولما جابانەت.

قورقۇنچاق كىشى، ئۆلۈك كەلمەس ئىشى،
قايغۇسى بېشى، دىلى جاراھەت.

يۈرەكسىز ئادەم، دائىم دەرت ـ ئەلەم،
ھەسرەت قايغۇ غەم، لەرگە ھاۋالەت.

ۋىجدانلىق ئىنسان، يۈرەكلىك ھامان،
قورقماس ھەرقاچان، قىلۇر رىقابەت.

ياۋگە باش ئەگمەس، ھەرگىز بېرىلمەس،
ئالدامغا كىرمەس، بولماس ھاماقەت.

بولماس يالاقچى، تەتۈر دۈمباقچى،
يالغان سۇۋاقچى، پەسكەش نامەت.

قاراپ ئەھلىگە، بېقىپ ۋەسلىگە،
قىلماس نەسلىگە، قارشى سىئايەت.

نەسلىدىن تانماس، شانىدىن يانماس،
ھەرگىز بۇلغانماس، ساقلار ۋەجاھەت.

ئالىي ئىنسانغا، پاك ۋىجدانغا،
قىلالماس ئانغا، شۇملۇق سارايەت.

ۋىجدان ئارلىقتىن، قۇللۇق زارلىقتىن،
تۈرلى خارلىقتىن، بولۇر بەرائەت.

ۋىجدانسىز جاسۇس، بولۇشتىن نامۇس،
قىلماسلىق ئەپسۇس، ئەڭ پەس ئەسالەت.

ئاۋچىگە تايغان، بولۇش ئەڭ يامان،
بۇ شۇملۇق ھامان، ئېغىر پاجائەت.

ئەي ئېزىز مىللەت، قوللانغىل ھىممەت،
بار قىل ھۆررىيەت، ئۆچۈن مۇساپەت.

قۇللۇق بەكمۇ ئار، قۇللۇق شەرمىسار،
قۇللۇققا ھۇشيار، قىلماس قارابەت.

قۇللۇق جاھىللىق، قۇللۇق غاپىللىق،
قۇللۇق كاھىللىق، قۇللۇق ئاتالەت.

قۇللۇق چىركىنلىك، قۇللۇق مىسكىنلىك،
پۈتمەس غەمكىنلىك، قەلبى قاساۋەت.

قۇللۇق قاتتىقلىق، قۇللۇق ئاچچىقلىق،
كۆپ زەھەر تىغلىق، ئەڭ ئېپلاس ھالەت.

قۇللۇق مەزلۇملۇق، قۇللۇق مەھكۇملۇق،
قۇللۇق مەھرۇملۇق، قۇللۇق شاقاۋەت.

قۇللۇق مەنھۇسلۇق، قۇللۇق مەھبۇسلۇق،
قۇللۇق مەيۇسلۈك، قۇللۇق ھالاكەت.

قۇللۇق مەلئۇنلۇق، قۇللۇق مەجنۇنلۇق،
قۇللۇق مەھزۇنلۇق،قۇللۇق غەباۋەت.

قۇللۇق ئەسىرلىك، قۇللۇق ھەقىرلىك،
قۇللۇق داغ ـ كىرلىك، قۇللۇك خاساۋەت.

قۇللۇق دىل كورلۇق، ئۈستىدە زورلۇق،
ئاستى شۇم شورلۇق، تىلى كالالەت.

قۇللۇق ئاقساقلىق، قۇللۇق چولاقلىق،
ئەيىقى تۇلاغلىق، ھېچ يوق كەمالەت.

قۇللۇق ئىزىلىش، قۇللۇق دەسسىلىش،
قۇللۇق يەنچىلىش، قۇللۇق خارابەت.

قۇللۇق رەزىللىك، قۇللۇق سەپىللىك،
يوقتۇر ئىسىللىك، يوقتۇر شاراپەت.

قۇللۇق نادانلىق، قۇللۇق زىيانلىق،
قۇللۇق يامانلىق، قۇللۇق ئاداۋەت.

قۇللۇق ئوساللىق، قۇللۇق قوپاللىق،
تۈرلى ۋاباللىق، تۈرلى مالامەت.

قۇللۇق بوشاڭلىق، گالۋاڭ قاشاقلىق،
مەتو ساراڭلىق، يوقتۇر ئاپاقەت.

قۇللۇق ئىپلاسلىق، سۆرەم پالازلىق،
سېسىق شۇم ساسلىق، بولماس نىزاپەت.

قۇللۇق بەك زارلىق، نامۇس ۋە ئارلىق،
ئەنۋائى خارلىق، ئۇندىن ئىبارەت.

ھەرقانداق مىللەت، مەھكۇملۇق مۇددەت،
يۈزلەنگەي زىللەت، باسقاي ھالاكەت.

مىللەتكە زارلىق، مەزلۇملۇق خارلىق،
ئەركىنسىز تارلىق، قاتتىق ھاقارەت.

باغلاقتا يېتىش، خارلىققا پېتىش،
ئېزىلىپ كېتىش، ھايۋانغا ئادەت.

قۇل بولۇپ ياشاش، بەرسە يەپ ئاشاش،
تەلمۈرۈپ قاخشاش، ئەڭ پەس ئىرادەت.

قۇللۇققا كۆنۈش، مەھكۇم كۈن كۆرۈش،
تارىختىن ئۆچۈش، ئۆچۈن دالالەت.

قاي مىللەت ئەسىر، شول مىللەت ھەقىر،
ھاياتى ئېغىر، ھالى خاسارەت.

قۇل بولماي پۈتۈن، ھۆر ياشاش ئۈچۈن،
ياتماي تۈن ۋە كۈن، كېرەك ماھارەت.

يەنى ئويغىنىپ، قالقىپ ئىرغىنىپ،
قىزغىن قوللىنىپ، تۈرلى جالادەت.

يېتىش نىشانگە، ئازاتلىق شانگە،
بۇ دۇر ئىنسانگە، ھەققانىي رايەت.

مەردانە بولۇش، ھەققانىي بولۇش،
ۋىجدانىي بولۇش، ئىنسانىي غايەت.

شەرەپلىك سۆيەت، ئالىي تەبىئەت،
ئىنسانىي پەزىلەت، ئىنساپ ئادالەت.

بۇ ئۇلۇغ نىشان، ھۆرلىككە ھامان،
بولۇر نامايەن، ئېنىق ساراھەت.

ھۆرلۈك زور نېمەت، ئۇلۇق غەنىمەت،
مىللەتكە ھۆرمەت، ئىززەت مۇھەببەت.

ھۆرلۈك ئىستىقلال، پارلاق ئىستىقبال،
زور بەختى ۋە ئىقبال، لارگە ئىشارەت.

ھۆرلۈك پاك ياشاش، مىننەتسىز ئاشاش،
خارلىقنى توساش ئۈچۈن ۋاكالەت.

ھۆرلۈك زور نىشان، ھۆرلۈك ئالىي شان،
ھۆرلۈك ئەڭ ئۇبدان، مىللىي ھەقازەت.

ھۆرلۈك شەرەپلىك،ھۆرلۈك ئەدەبلىك،
ھۆرلۈك زىرىپلىك، ھۆرلۈك لاتاپەت.

ھۆرلۈك ئۇلۇغلۇق، بەختى تولۇقلۇق،
كۆڭلى يورۇقلۇق، راست قەددى قامەت.

ھۆرلۈك گەۋھەرلىك، تۆرلى جەۋھەرلىك،
قىممەت ئەسەرلىك، پۈتمەس خازانەت.

ھۆرلۈك ئالىي ھال، ھۆرلۈك روھىي بال،
باھارگە مىسال، شۇخلۇق تاراۋەت.

ھۆرلۈك بەلەنلىك، ھۆرلۈك خۇرسەنلىك،
ھۆرلۈك دىلبەنلىك، ھۆرلۈك مالاھەت.

ھۆرلۈك بىدارلىق، ھۆرلۈك دىلدارلىق،
ھۆرلۈك ھۇشيارلىق، ھۆرلۈك پاراسەت.

ھۆرلۈك ھېلىملىق، ھۆرلۈك كەرىملىق،
ھۆرلۈك يېقىملىق، ھۆرلۈك ساماھەت.

ھۆرلۈك ئىللىقلىق، ھۆرلۈك سىلىقلىق،
ئوبدان قىلىقلىق، شۆكرە قانائەت.

ھۆرلۈك پاساھەت، ھۆرلۈك بالاغەت،
ھۆرلۈك زاكاۋەت، ھۆرلۈك ھازاقەت.

ھۆرلۈك تىلى ساق، ھۆرلۈك دىلى ئاق،
ھۆرلۈك خۇش ئەخلاق، ھۆرلۈك ماتانەت.

ھۆرلۈك ھەرقاچان، ئىنسانىي ۋىجدان،
بۇنى ئۇقمىقان، غەپلەت جاھالەت.

ھۆر ئەركىن ياشاش، قۇللۇقتىن بوشاش،
قانداق مىللەتداش، ئۈچۈن لاياقەت.

ھۆرلۈك ئالىي باغ، چىنارى ياپراق،
كۆڭۈللۈك ھەر ياغ، ئاجايىپ راھەت.

ھۆر بولماي پۈتۈن، دىلدىكى تۈگۈن،
يېشىلمەس ھېچ كۈن، ئۆچمەس ھارارەت.

ھۆر ئەركىن ئازاد، ياشاش بىزگە زاد،
قەھرىمان ئەجداد لاردىن ۋاراسەت.

ۋەتەنگە خىزمەت، مىللەتكە رەھمەت،
ھۆرلۈككە ھىممەت، قەرز دۇر ئامانەت.

ئوەتەننى سېتىش، قاننى بۇلغىتىش،
شۇملۇقتا يېتىش، ئەڭ زور خىيانەت.

ۋەتەنگە كۆيۈش، مىللەتنى سۆيۈش،
شۇ يولدا ئۆلۈش، شانلىق شاراپەت.

ئەي ۋەتەنداشلار، مىللىي قانداشلار،
ھەربىر دىنداشلار مەقبۇل رىيازەت.

ۋەتەننى ساقلاش، مىللەتنى ياقلاش،
يۈزىنى ئاقلاش، ئۇلۇغ ئىبادەت.

مىللىتىم ئازاد، ۋەتىنىم ئاباد،
بارچە دىللار شاد، دېگەن بېشارەت.

قاي زامان ياڭرار، يەر يۈزى ئاڭلار،
تەبرىكلەپ داڭلار، ئەيلەپ زىيارەت.

توشار خوشاللىق، تۈگەر مالاللىق،
كېتەر ۋابااللىق، بولۇر ھالاۋەت.

بۇ ھالدا مىللەت، مۇستەقىل دۆلەت،
قۇرۇپ بى مىننەت، ياشار سالامەت.

شۇچاغ بۇ ۋەتەن، گۈلزارلىق چىمەن،
مىللىي ئەنجۇمەن، گۈللار داۋامەت.

زور تەرەققىيات، گۈزەل ئىسلاھات،
تۈرلى كەشپىيات، قاينار سانائەت.

كېرەك ھەر بارە، تەدبىرۇ - چارە،
ھەر خىل ئىدارە، ھەر بىر ۋازارەت.

قۇرۇلغان ھامان، ھەر بىر زور ئورگان،
ھەرتۈرلى مەيدان، ھەربىر نازارەت.

شۇل چاغ توختىماي، ھارماي چارچىماي،
ئىشلەيدۇ قالماي، بارلىق جامائەت.

چۈنكى ئۆز دۆلەت، لەززەتلىك نېمەت،
ھەرقانداق مىللەت، ئۈچۈن زور راھەت.

چۈنكى ھەر مىللەت، قۇرسا ئۆز دۆلەت،
پۈتمەس زور نېمەت، پۈتمەس ھالاۋەت.

تۈركىستان ۋەتەن، باي گۈزەل چىمەن،
ھەر تۈرلى مەدەن، ھەرخىل زىرائەت.

باغۇ بوستانلار، تاغ مەيدانلار،
دەريا ئورمانلار، ھەيبەت ساياھەت.

چارۋا ھايۋانات، ھەر خىل ناباتات،
تۈرلى مەھسۇلات، ھەددىن زىيادەت.

قانچە تەبىرلەپ، ماختاپ تەسۋىرلەپ،
يازسام بىر - بىرلەپ، پۈتمەس رىۋايەت.

قىسقىسى مىللەت، ئەركىن ھۆررىيەت،
بولۇپ ئۆز دۆلەت، قورغانلام سائەت.

بولغاي شۇل ھامان، دىللار شادىمان،
قالماس ھېچ ئارمان، ھەسرەت - نادامەت.

ئويغان مىللىتىم، ئويلان مىللىتىم،
قوللان مىللىتىم، ھىممەت جالادەت.

ئويغىنىپ ھۇشيار، بولۇپ پىداكار،
ۋەتەننى ھەر بار، قىلغىل ھىمايەت.

بولۇر شول زامان، مۈشكۈلۈك ئاسان،
قىلغۇسى ھامان، سېنى ھاپازەت.

ھەققانىي كۈرەش، ئىنسانىي كۈرەش،
ۋىجدانىي كۈرەش، قۇرئان ۋە ئايەت.

ۋەتەنگە پىدا، مىللەتكە ئادا،
بولغانغە خۇدا، قىلۇر ئىنئايەت.

ئامىن ۋە ئامىن، رەببىل ئالەمىن،
قىلغىل پات يېقىن، دۇئا ئىجاۋەت.

يارەب، يا كەرىم، رەھمانىررەھىم،
مەن مۇزتەرلەندىم، بولدۇم بىتاقەت.

يارەب مېنى پات، زىنداندىن نىجات،
ئەيلەپ ھۆر ھايات، قىلغىل ئىنايەت.

يوق سەندىن بۆلەك، مەن ئۈچۈن يۆلەك،
سەندىن زور تىلەك، دۇر ئىستىئانەت.

قىل ماڭا رەھمەت، ئەفۇ مەغفىرەت،
ئەيلەپ مەرھەمەت، تەۋفىق ھىدايەت.



# شېئىرلار

چىمەنگۈل ئاۋۇت

## بىزنىڭ يۇرتىمىز

ناۋادا
مۇھەببەتنى
ھەسرەتنى
ئازابنى گىراملاپ باققىلى بولسا
خۇددى ئالتۇندەك،
ئالتۇندىن قىممەت بولاتتى كۈنلەر...
ناۋادا
تېرىغىلى بولسا
چۈشنى، خىيالنى،
خۇددى مەندەك
يىغلاپ تۇرۇپ ئېچىلاتتى گۈللەر...
ناۋادا
سېغىنىشتا
موھتاجلىقتا
چىلىق-چىلىق بوپ كەتسەك
يامغۇردا قالغاندەك،
پارە-پارە بولاتتى تۈنلەر...
چوڭ ئانام
بازاردىن
ئاتا-ئانىدىن باشقا
ھەممىنى تاپقىلى بولىدۇ دەيدىغان،
يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرۇپ
غېمىمىزنى يەيدىغان...
چوڭ ئانامنىڭ دېگىنى راستكەن،
بىزنىڭ يۇرتىمىز
بەزىدە گۆش، بەزىدە تاشكەن.

## ھازىر

كۆيگىنى ئۈچۈن،
ئەسلىگىنى، سېغىنغىنى ئۈچۈن،
قايغۇ -ھەسرەتلىرى ئۈچۈن،
يالغۇزلۇقى، نەپرىتى ئۈچۈن،
مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاڭلىغىنى،
تەسىرلىك بىر كىنو كۆرگىنى ئۈچۈن
شېئىر يازىدىغانلار...
زېرىككىنى، تاشلىۋېتىلگىنى ئۈچۈن
ئېزىدىغانلار...
جىمجىت سۆيۈلگىنى ئۈچۈن مەندەك ياشايدىغانلار...
ھەممە ھەممىسى ئاجايىپ گۈزەل!
بىر نەپەستە
دەپ بولغىلى بولىدىغان ئاشۇ گەپنى،
بۇ ئۆمرۈمدە دەپ بولالماسمەن.
مېنى دۆت دەرسەن،
ساراڭ دەرسەن،
ئەخمەق دەرسەن...
تۇرۇپ-تۇرۇپ غېمىمنى يەرسەن.
لېكىن ئەللەر مېنى شائىر دەر،
مەشۇق دەر...
كۈنلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتەر...
بۇ سۆيگۈ بەزىدە ئۆلۈمدىن بەتتەر...

## سۆيگۈ مەكتىپى

سەن يەسلىگە كىرگەندە،
ئۇيقۇڭنى ئاچالماي بىردەم يىغلاپ كۈلگەندە،
بوينۇڭدىن يۇقمىغان سۈتۈمنىڭ ھىدى،
يۇرىكىمگە ئېقىپ كىرگەندە
شۇنچىلىك خۇش بولاتتىم.
دەرەخنى ئاسمانغا سىزاتتىڭ،
قونچاقلارنىڭ ئۆيىنىڭ تىمى يوق ئىدى.
ئاسفالىت يوللار شۇنچە رەڭگارەڭ،
قۇشنىڭ قانىتى بار پۈتى يوق ئىدى.
چىملىقتا مەن سەي توغراپ ئولتۇراتتىم
سەن ئىشقا كېتەتتىڭ.
ۋېلسىپىتىڭنىڭ پىدالىنى كۆچەپ تېپەتتىڭ....

سەن باشلانغۇچقا كىرگەندە
پارتىغا ئاران بويۇڭ يېتەتتى.
قاچان ئېگىز بولىمەن دەپ
بارماق ساناپ كۈنۈڭ ئۆتەتتى.
ئايىغىڭنىڭ شوينىسى،
قىزىل گالىستىكۇڭ
يېشىلغىلى ئۇنىمايتتى چىگىلىپ قېلىپ،
ئۈمچىيەتتىڭ قولۇڭ تېلىپ.
ئۇنىمايتتىڭ بىرەر قېتىممۇ
كۆتۈرۈۋالاي دېسەم
سومكاڭنىڭ ئېغىرلىقىدىن
ئىچىم ئېچىشىپ.
يۈگۈرۈپ كېلەتتىڭ بەزىدە ئالدىمغا
تىزلىرىڭ يېغىر.
مەن
سەن بولغاچقا تېلىقىپ كۈلەلەيتتىم يۈرىكىم يېغىر...

سەن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندە،
ئاداشلىرىڭنى ئاغىنەم دېيىشنى ئۆگەندىڭ.
گۈللۈكتىن ھەرە تۇتۇپ ئوينىمايدىغان،
ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ يىغلىمايدىغان بولدۇڭ،
قۇچىقىمغا لىققىدە تولدۇڭ.
ئاندىن
ئۇخلاشتىن ئىلگىرى
سۆز ئويۇننى ئوينىمايدىغان،
كىتابتا يوق ھېكايىلەرنى توقۇمايدىغان،
ھەر ئىككىمىز ئۆز خىيالىمىز بىلەن
ئۇخلىمايدىغان بولدۇق
سەن ساۋاقداشلىرىڭنى
قىيداشمىسا،
ئۇرۇشمىسا بولاتتى دەپ غېمىنى يەيتتىڭ.
ئون بىر ياشلىق بالا ئەمەس ئىدى سېنىڭ شۇ پەيتىڭ.
نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار
بالىلار ئۆچۈن بەدەل تۆلىدۇق دېيىشىدۇ،
كوتۇلداپ تۇرۇپ ئۆز غېمىنى يېيىشىدۇ.
جېنىم بالام!
لېكىن سەن بىز ئۈچۈن بەدەل تۆلىدىڭ،
يۈرىكىڭ بىلەن ھاياتىمىزنى يۆلىدىڭ...

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى
بويۇڭ بىلەن تەڭ كۆڭلۈم ئۆستى.
ۋۇجۇدىمىزدىكى ئوت تەبىئەتكە كۆچتى.
باللىرىنىڭ ئۆزىگە رەھمەت ئېيتىشنى كۈتىدىغان،
ئويلايدىغانلارغا دېگۈم كېلىدۇ:
مەن ئوغلۇمغا رەھمەت ئېيتىمەن،
تىرىشقىنى، تىرماشقىنى ئۈچۈن
تەتۈرلۈك قىلسام جىم تۇرغىنى،
روھلۇق يۈرۈشىمدىن سۆيۈنگىنى،
ماڭا كۆيۈنگىنى ئۈچۈن.
ئىچىمدىكىنى بىلىندۈرمەي
ئوغۇلبالىلىدەك يۈرگىنى ئۈچۈن...

بالام
ئوقۇشۇڭ پۈتىۋاتىدۇ،
ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى
سېنى كۈتىۋاتىدۇ.
مېنى يىغا تۇتىۋاتىدۇ
ھاياجان ھەم ئۈمىد
ئاسماندىن يامغۇر بولۇپ يېغىۋاتىدۇ
شامالالار گۈزەل بىر ناخشىنى ئوقۇۋاتىدۇ:
ھەممە مەكتەپ پۈتەر،
سۆيگۈ مەكتىپى پۈتمەس.
جاھان پاراغىتىنىڭ كۆيىكى
بالىنىڭ كۆيىكىگە يەتمەس!

2018 - يىلى 5 - ئىيۇن

## سەھەر

ئېرىقتىكى سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان،
بىر پارچە شېئىرغا قارايدۇ ئاسمان.
دېرىزە سىرتىدىكى ئايىئاق بىلەكىنىڭ،
ساڭا خۇش دېگىنى يالغاندۇر يالغان.

تىرەكلىك يول بىلەن كېتىۋاتىمىز،
شېخىل تاشلارمۇ تۈيۈلار مارجان.
تۈيۈقسىز يىقىلىپ كېتەرمەن بەلكىم،
جېنىمغا پاتقاندا چەكسىز ھاياجان.

تىرەك قاراڭغۇسىدا كۈلگەن كاككۇكتەك،
كۈلەرمىز تېلىقىپ ھۇزۇردا، دەردتە.
ھەرپلەرمۇ مارجان ئىدى يېشىل يىپىتكى،
ئۇزۇن يىل ئىلگىرى سەن يازغان خەتتە...

2017 - يىلى 6 - ئىيۇل

## ئات ئۈستىدىكى ئايال

ئاتنىڭ ياپلىدەك يۇمشاق،
ئاتنىڭ كۆزلىرىدەك پەرىشان
گۈزەل بىر ئايال
ئولتۇرىدۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە.
مەن ئۇنىڭدەك قەيسەر بولساممۇ،
تالاغا  يالىڭاچ چىقىشقا
سەۋەبىم يوق نېمىشقا يوللۇق؟
باغرىمدۇر زېدە...
ئۇنىڭ پۈت بارماقلىرى،
نازۇك قوللىرى،
ھەتتا قوڭۇر چاچلىرى
ئوخشايدۇ ماڭا،
تاشلىدىم  ئۆزۈمنى،
ئاشۇ ئاتنىڭ تۇياقلىرىغا...

كىيىملىرىم گۈل بەرگىدەك تۆكۈلدى قۇرۇپ،
يالىڭاچ پېتى تۇردۇم ئورنۇمدىن،
سۆيۈملۈك گودىۋا
مۇھەببەت ئۈچۈن ئەگكەن بېشىنى
كۆتۈرمىدى،
يا تامچە يېشى تۆكۈلمىدى.
مۇھەببەت ئۈچۈن يېپىلغان ئىشىكلەر،دېرىزىلەر
ئېچىلمىدى...
ئاتنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىدىم،
يالىڭاچ پېتى تىك تۇردۇم،
يىقىلمىدىم...
ھېچكىم يوق شۇ كوچىدا
ئىككىمىز قالدۇق...
كىيىمى بار ئات،
يالىڭاچ ئايالنى ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتى...
چالما-كېسەك قىلىنىشىمنى،
ھاقارەتلىنىشىمنى كۈتتۈم،
ھەممە ئىشىك -دېرىزىلەر ئوچۇق،
ئادەملەر مىغ-مىغ
لېكىن ئۇلار
مېنىڭ يالىڭاچلىقىمنى ئۇنتۇپ كەتتى...

## سېنى كۆرگۈم كەلدى

سېنى كۆرگۈم كەلسە كۆزلىرىمنى يۇماتتىم،
ئىسسىق نەپەسلىرىڭنى جۇغۇلداپ تۇرۇپ تۇياتتىم.
كۈلۈپ تۇرساممۇ ، مېنى ئۇششۇق دەيتتىڭ يىغلاتقىلى،
تىرنىقىمدىكى ئەتتىكەنلەرنى يۇلاتتىم.
ماشىناڭنىڭ يامغۇر ياغقاندىكى ئەينىكىنى،
قار ياغقاندىكى ئاياق ئىزىڭنى،
ماڭا يوپۇرماق ئۈزۈپ بېرىۋاتقاندىكى بارماقلىرىڭنى،
ئويلاۋېرىپ ،ئويلاۋېرىپ ساراڭ بولاتتىم.

سېنى كۆرگۈم كەلگەنلىكىنى دېمىسەممۇ بىلەتتىڭ،
يۈرىكىمدىن چىقىپ كەتمەي شۇنچە مەغرۇر يۈرەتتىڭ.
مەن قات-قېتىمدىن ئېچىلسام گۈلدەك،
شاخلىرىمغا تىكەن بولۇپ ئۈنەتتىڭ.
ھازىر سېنى كۆرگۈم كەلسە،
كۆزلىرىمنى يۇمۇشتىن قورقىمەن.
لېۋىمدىكى ھىدىڭنى،
چوغنى يۇتقاندەك يۇتۇمەن.
كۆزلىرىمنىڭ قارىسىنى دەريا قىلدىڭ ئامرىقىم،
بۇ دەريانى ئۆزۈم يالغۇز ئەمدى قانداق تۇسىمەن؟

2018 - يىلى 20 - ماي

## مۇھەببەت بىر ۋىرۇس

مۇھەببەت بىر ۋىرۇس،
ئۇنىڭدىن يۇقۇملىنىدىغانلار
كۆپ ئەمەس.
ئۇ ۋىرۇسنىڭ شەكلى ھەرخىل
دېگىلى بولماس
ياكى دېيىش تەس...
لېكىن
بىزگە ۋەھىمە سېلىۋاتقان،
كۆز يېشىدەك يامراۋاتقان ۋىرۇس
مۇھەببەت بولمىسىمۇ،
بىزنى قىينىسىمۇ،
ھاۋادا لەيلەپ يۈرەر.
ياشاش بىلەن ئۆلۈمنىڭ قانۇنىيىتىنى
يەرشارى بىلەر.
تەننى پەرىشان قىلغان ۋىرۇس
روھىمىزدىكى مۇھەببەتنى،
ئىنسانىيلىقتىكى ھەقىقەتنى
تونۇتتى.
كۆز يېشىمىزنى
يەنىلا مۇھەببەت قۇرۇتتى.
دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى،
ھاياتنىڭ قىممىتىنى،
بىزگە ئەگىشىپ ۋىرۇسمۇ سۆزلەۋاتىدۇ.
يۈرىكىم تورغايدەك ئۈنلەۋاتىدۇ.

دۇرۇس مۇھەببەت بىر ۋىرۇس،
شۇڭا گۈزەلدۇر
ئەسلەش ۋە ئۇنتۇش...
مۇھەببەتنىڭ ئىشىكىدە
يا بوسۇغا ،يا قۇلۇپ بولمايدۇ،
شۇڭا مۇھەببەت ۋىرۇس بولسىمۇ،
ئۇنى ئەيىبلەشكە
كىشىنىڭ كۆڭلى قويمايدۇ...

2020 - يىلى 19 - ئىيۇل

# شېئىرلار

پەرھات تۇرسۇن



## يالماۋۇز ناخشىسى

ئاھ، خۇدا !
«مەن ئادەممۇ ئەمەسمۇ؟»
پەيدا بولۇپ باقمىغان بۇنداق خىيال كاللامدا
چۈنكى
مەن ئەزەلدىنلا ئادەم
يەتمىدىم تېخى يوقىلىش مەقامىغا
قورقىمەن
خۇددى پىچاق بىلىگەندە چىققان ئاۋازدەك
ياكى شامالدا لەپىلدىگەن بايراق ئاۋازىدەك
قاغىغان ئۈندىن
قورقىمەن
تارىخنىڭ قاراڭغۇ جايلىرىدا سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن
گاھىدا پەرياد قىلىمەن سەۋەبسىز
گاھىدا قاھ – قاھ كۈلىمەن سەۋەبسىز
ھېچبىر ئادەم يېمەس گۆشۈمنى مېنىڭ
ئۆتكۈزمىدىم يەتتە يىلنى ئېتىكاپتا ئۆڭكۈردە
سىناي تېغىغىمۇ چىقىپ باقمىغان
ئىسپات بۇلار ھەممىسى ئادەملىكىمگە
يەنە ئاشۇ خۇنۇك كارىدور
يەنە ئاشۇ مۇزدەك سوغۇق ئېگىز بوي ئايال
پەقەت ئۇلار
كوچىلاردا تولۇپ يۈرگەن قىزلاردەك
جىنسىي ئەزاسى يوقمىدۇ دېگەن
شۈبھىگە سالالماس كىشىنى
لېكىن
«ئۇلار ئادەممۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن
خىيال پەيدا بولۇپ باقمىغان زادى كاللامدا
ئۇلار خۇددى خىيالى تۇيغۇدەك يېقىن بولسىمۇ
ئۇلار خۇددى ئۆز تېنىمدەك يىراق بولسىمۇ
يىراق بىر قېتىم
چوڭ كوچىدا
ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىدە
ئادەم ئەمەستەك سېزىپ قالدىم ئۆزۈمنى تۇيۇقسىز
چۈنكى سەن سورىدىڭ مەندىن:
لېۋىڭدىكى ئۇ كىمنىڭ قېنى؟ بېرەلمىدىم مەن جاۋاب
شۇندىن بېرى
قارا رەڭلىك قان تامماقتا سېنىڭ قاپقارا كۆلەڭگەڭدىن
بالىلىقىنىڭ يۇلتۇزلار نۇرىغا تولغان ئاسمىنى
چۈشلىرىمدە ئەمدى ئايان بولمايدۇ قايتا
يىراق نېچۈن يەنە
تېخىچە بويىنۇڭدا شۇ سەدەپ مارجان
قۇتۇلالماي يۈرەمسەن ياكى
ئازابلىق بالىلىقىنىڭ
ۋە ياساپ ئۇيىنىغان، يامغۇردا قېلىپ ئېرىپ كەتكەن
لاي قونچاقلارنىڭ ۋەھىمىلىك سايىلىرىدىن
قېنى سەندىكى
تۈگىمەس ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىستىكى؟
قېنى سەندىكى
تەشنالىقىمنى قاندۇرغۇدەك قان؟
قېنى سەندىكى
يېتەلمەسلىك ئۈچۈنلا قىلىنغان ئارمان؟
كەل، جىنسىي زوراۋانلىققا گىرىپتار بولغۇچى
شۇملۇقتىن بېشارەت بەرگۈچى شامالدەك
سۆيۈپ ئۆتكىن يۈزۈمنى
ھوقۇشتەك
كېچىلەرنى تىترەتسۇن نازلىق ئۈنلىرىڭ

1991 - يىلى 23 - ماي ئۈرۈمچى

## رەقىبلەر

ئۇلار – رەقىبلەر. مۇرەسسە يوق ئارىدا زادىلا
يول ماڭار بىر – بىرىگە تامامەن قارىشى يۆنىلىشكە
بىراق ھامان بىر كۈنى
پەيدا بولىدۇ ئۇلار چوقۇم بىرلا نۇقتىدا
چۈنكى يەر شارى يۇمىلاق
مۇتلەق قاراڭغۇلۇقنى نىشان قىلغۇچى
ۋە
يورۇقلۇقا ماڭغۇچىمۇ قايتماس كەينىگە
بىراق ھامان بىر كۈنى
پەيدا بولىدۇ ئۇلار چوقۇم بىرلا دەۋردە
چۈنكى تارىخمۇ چەمبەر شەكلىدە

## دەرۋىش

باش سۆڭىكى قۇياشقا قاقلانغان ئاسىي
چۆچەكلەرنىڭ چۆللۈكلىرىدە
يېقىنلاشساڭ ئوتقا قانچىلىك
بارار سايەڭ زورىيىپ شۇنچە
بىرلىشىپ كەت شۇڭا ئوت بىلەن
چۈنكى سەن ئۆتكۈزەلەيدىغان بىردىنبىر گۇناھ
خام – خىيال قىلىش
تەلۋىلىكىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا
ھەقىقەتەن قىيىندۇر بەرداشلىق بېرىش
سەن سۇدىن قورقىسەن. چۈنكى
ئۆلگىلى تاس قالغان ئىدىڭ تۇنجۇقۇپ
باش سۆيىنى ئىچىۋېلىپ قورساقتىكى چېغىڭدا
شۇڭا سەن تاللىغان دەرۋىشلىكنى سۇسىز چۆللەرنى
تەلۋىلىكىڭ تۇتقاندا ھەتتاكى ئوتنى
تۇغۇلۇپلا كۆنگەن قېچىشقا
قېچىپ چىققاندىن كېيىن قورساقتىن
باش سۆيىدىن قېچىش بىلەنلا
ئۆتكۈزدۈڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭنى
ئوت ۋە سۇنىڭ ئۇچرىشىشىدىن
بولغانمىغان ئالتۇن رەڭلىك قۇم
قىزلىقتەك پاك، پاكلىقتەك مەۋھۇم
قاراقچىلارنىڭ دەپسەندىسى، ئاقتى قىلىنىش ۋە ياللۇغ
ئاشۇ چۆل ئۈچۈن ئەرزىيدۇ چوقۇم.
قاچقىن سۇدىن!
چاك – چاك بولۇپ يېرىلسۇن تەنلىرىڭ
قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسىدەك
زىيارەت قىلسۇن سۆڭەكلىرىڭنى
كارۋانلارنىڭ ئاتەشلىرى.

2004 - يىلى، مارت ئۈرۈمچى

## ئەتىگەن تۇيغۇسى

ھەركۈنى ئەتىگەن
ئەسكى تۆسكى تەرگۈچىنىڭ قوپال ۋە سەت ئاۋازى
ئىشىكلەرنىڭ قىسلاچلىرىدىن
دېرىزىنىڭ قىسلاچلىرىدىن
بار كۈچى بىلەن كىرەر ئۆيگە سىغدىلىپ
ئېچىنىشلىق ئەمەستۇر بەلكىم بۇ ئاۋاز
بىراق قوپال ۋە سەتلىكىدىن
ئېچىنىشلىق ئاڭلىنىدۇ شۇ قەدەر
يېتەر يادىمغا
نۇرغۇن جايلاردا
قېلىپقالغىنى ئادرېسىم ۋە تېلېفون نومۇرىمنىڭ
شۇنىڭ بىلەن ھېس قىلىمەن
يوقاتقاندەك نۇرغۇن نەرسىنى
يوقاتقاندەك سېزىمەن ھەتتا
ئەڭ مۇھىم ئىچكى سىرلىرىمنى
چوڭ كوچىلاردا
قىپيالىڭاچ ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى
چۈنكى ھېچكىم كەلمەيدۇ ئىزدەپ
ھېچكىم ماڭا ئۇرماس تېلېفون
بەلكىم ئۇلار ئوغرىلىقچە نەلەردىدۇر كۆزىتەر مېنى
نومۇسسىزلارچە قىلار تاماشا تېلېفون نومۇر ۋە ئادرېسىمنى
تاماشا قىلغاندەك رەسۋالارچە سىرلىرىمنى
سىرتقا چىقىشقا پېتىنالماستىن
ھەممىنى تىللايمەن بۇندا ئولتۇرۇپ
ئەسكى تۆسكى تەرگۈچىنىڭ سەت ۋە بوغۇق ئاۋازى
بىنالارغا چۈشكەن ئاپتاپ جىلۋىسى
يوتقاندىن كۆتۈرۈلگەن تەنىنىڭ بەدبوي پۇرىقى
تاڭ ئاتقىنىنى
ئېتىراپ قىلىشقا قىستار كىشىنى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى

## مۇميا

چىرىمەي كەلدى مۇمىيالار نەچچە مىڭ يىللاپ
توختىماستىن ئىچىپ كەلگەچ مېنىڭ قېنىمنى
قەدىمىي قەبرىستانغا كىرگەن ئېكسپېدىتسىيەچى
ئېزىقتى سانسىز سىرلىق بەلگىلەرنىڭ ئارىلىرىدا
ھازىرقى دەۋردە پەقەتلا بەلگىلەر بىز ھەممىمىز
ئېزىقىدۇ ئارىمىزدا ئەرۋاھلار
ئاۋانگارت شەپەرەڭلەر
يول باشلايدۇ چەكسىز زۇلمەت ئىچىگە قاراپ
قالاق پەرۋانىلەر
يول باشلايدۇ كۆيۈپ تۇرغان ئوتنىڭ ئىچىگە
ئۈچىنچى خىل تاللاش يوق
يول تاپالمايمىز ئوتتۇرىسىدىن يالقۇن بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ
بىز چوقۇنغان ئاسماننى توسۇۋالدى قاغىلار
تىترىدىم سايىسىدا ئۇلارنىڭ. جانلىقلار ئىچىدە

تارىخى ئەڭ ئۇزۇن جانىۋار چىۋىن
بىراق ئۇ تۇتىم بولۇپ باقمىغان. چىرقىرايدۇ
كېپىنەكلەر قىيامەتتىن بېرىپ بېشارەت
ئۇلار گۇمران سالاھىيەت ۋەسۋەسىدىن
جىمجىتلىقتىن قورقىدۇ تاۋاپ قىلغۇچى
چۈنكى مەھرۇم بولىدۇ ئۇ بارچە تالالاش پۇرسەتلىرىدىن
بىراق مەن سەرسان ماماكاپمەن، شامال مېنى ئۇچۇرار ھەريان
قارغىلىش، ھاقارەتكە ئۇچراش، سۇيىقەست ۋە تەھدىت
بىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقىمىز مانا بۇلار ھەممىسى
شۇندا مۇمىيالار تىرىلىدۇ خۇددى ۋابادەك
توسۇۋالدى كۆزلىرىمنى قاغىلارنىڭ سايىسى
كۆرەلمەيمەن قانسىراپ كەتكەن قۇياشنى
بەكمۇ ئازابلىق ئەڭ ئاخىرقى تالالاش باسقۇچى
مۇمىيالار ئايان بولار شۇ چاغدا
ئىسسىق قانغا ئىگە ئىدى ئاشۇ تەنلەر ئىلگىرى
قاغىغىن مۇھەببەتنى، نەزىر قىلىپ
ئېقىت ئىسسىق قېنىمنى. زەھەرلىك
قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى توقۇغۇچى ئۆمۈچۈكلەر
سەرسان ماماكاپمەن، شامال مېنى ئۇچۇرار ھەريان
سەرگەردانمەن ئاسمان بىلەن ئارىسىدا زېمىنىنىڭ
خالىمايمەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇشنى
خالىمايمەن لاۋۇلدىغان ئوت ئىچىدە مەڭگۈ كۆيۈشنى
سەرگەردانمەن گۈلخان بىلەن ئارىسىدا زۇلمەتنىڭ
بىراق سەندەك قورقمايمەن قاراڭغۇلۇقتىن
قورقمايمەن سوغۇق تۇپراقتىن
شۇڭا مۇمىيا بولغۇم يوق ھەرگىز
پەقەت
پەقەت مەڭگۈ ئاخىرلاشماس تاللاشلار ئۈچۈن

2004 - يىلى 7 - يانۋار، ئۈرۈمچى

## زاۋالدا ئۇخلىغۇچى

قورقۇنچ ۋە غەزەپ گۇمران قىلغان
ئىمزاسىز خەت يازغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى
چىڭدالماقتا ئارخىپ خالتىسى
يۈرەك تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولغۇچىنىڭ يۈرىكىدەك
يېزىشماقتا ئۇلار توختىماي مېنىڭ جىنايىتىمنى
گويا زاۋالدا ئۇخلىغان ئادەمنىڭ مېڭىسىگە گۇگۇم سىڭىپ
كىرىپ
راك ھۈجەيرىسى ياكى قاتناش ھادىسىسىنى توقۇپ
چىققاندەك
ئايالىم ھاجىگۈلدىن كەلگەن تېلېفون مېنى ئويغىتىۋاتىدۇ
تۈيۈقسىز تارتىپ چىقىدۇ مېنى چۈشىسىز قاراڭغۇ ئۈيقۇدىن
دادا! دەيدۇ ئوغلۇم
ئۇ بىلىدۇ كۆرۈپ باقمىغان بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى
مانا بۇ مېنىڭ بارلىق يورۇقلۇقۇم
تېلېفون سىمىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى ئوغلۇمنىڭ
قاراشلىرى دادامغا، مىيىقىدا كۈلۈشلىرى مومامغا
ئوخشايدىغان چىرايىدىكى
ئىپادىلەرنى ئىنچىكە تەسەۋۋۇر قىلىمەن
زاۋالدا ئۇخلاپ قالغاندا
پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋالقى ۋە يوقۇلۇشتىن كېيىنكى
قاراڭغۇلۇق
تۈيۈقسىز كەلگەن ۋەھىمىدەك تېنىمنى جانسىزلاشتۇرغاندا
ئوغلۇمنىڭ تاتلىق ئاۋازى ماڭا ئىككى قاراڭغۇلۇقنىڭ
ئارىسىدىكى چەكسىزلىكنى كۆرسىتىدۇ
زاۋالدا ئۇخلاپ قالغان ئىبراھىمنىڭ چۈشىدە
ئايان بولغىنى ئىككى مىڭ يىللىق سەرسانلىق
بىراق مەن ئۇنداق ئۇلۇغ ئەمەس
پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرىنى چۈشىيەلمەيمەن
مېنىڭ چۈشىيەلەيدىغىنىم پەقەتلا ئۆز تەقدىرىم
ئوغلۇم خۇددى تاڭدەك بۇ چۈشتىن ئويغىتىدۇ.

## كۆيۈۋاتقان بۇغداي

مەن ئاشۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ھەممىڭلار قاغىغان،
قاراڭغۇ كائىناتتا نىشانسىز ، قارارسىز سەرگەردان.
سۆيگىن مېنى قىساسكارنىڭ قولىدىن بېرىپ قويغان،
ئەڭ ئاخىرقى قىساس پۇرسىتىدەك.
مەن ئاشۇ كىشىمەن دەرەختىكى سايەم ئويۇپ ئېلىنغان،
ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆلدى دەپ قارالغان.
سۆيگىن مېنى قىزىپ كەتكەن مېڭىسىدە تەلۋە قاتىلنىڭ،
پەيدا بولغان قالايمىقان خام خىيالىدەك.

مەن ئاشۇ بۇغدايمەن جەننەتمۇ ئوت بىلەن داغلاپ
كۆيدۈرگەن،
تومۇزدىكى قۇياش نۇرىمۇ مۇزلىتىپ تىترەتكەن.
سۆيگىن مېنى خارلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك.
غەيرى ئەقلىي كىشىلەرنىڭ قورشاۋىدا ئەقىلگە مەپتۇن
بولغاندەك.
مەن ئاشۇ بۆرىمەن سوغۇق يالتىرار ئۇستىخانلىرىم داخان
ئايال قولىدا.....

تارقىلىمەن ئەپسۇندەك تۇپراق، ھاۋا، يالقۇن ۋە سۇغا.
سۆيگىن مېنى كۈن بىلەن ئاي بىر سىزىقتا توغرا كېلىپ
ھەمەل بۇرجىدا،
ئۇچراشسىمۇ ئالتىنچى دەرىجىدە، يۈز بەرمىگەن
مۆجىزىلەردەك

2004 - يىلى 25 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى




# دىيەت*

ئۆمەر سەيفەتتىن (تۈركىيە)

تار ئىشىكىدىن باشقا يورۇقلۇق كىرگۈدەك ھېچبىر يېرى بولمىغان دۇكاندا ئۆزى يالغۇز كىچە - كۈندۈز ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئىشلەيدىغان قوجا ئەلى قەپەسكە سولانغان، كۆندۈرۈلگەن بىر شىرنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئالىقانلىرى يوغان، بىلەكلىرى توم، يەلكىسى كەڭ ئېگىز بويلۇق بىر پالۋان ئىدى. ئۇن يىلدىن بېرى بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە خام تۆمۈردىن سوققان قىلىچلىرىنىڭ بىسلىرى پۈتۈن ئانادولۇدا، پۈتۈن رىم ئېلىدە ۋە چېگرا رايونلاردا داڭقى چىققانىدى. ھەتتا ئىستانبۇلدىكى يېڭى چەرىلەرمۇ ئۆزلىرى سېتىۋالماقچى بولغان خەنجەرلەرنىڭ، شەمشەرلەرنىڭ، ئەگرى پىچاقلارنىڭ ئۈستىدە «ئەلى ئۇستىنىڭ ھۈنىرى» دېگەن تامغىنى ئىزدەيتتى. ئۇ «پولاتنى جۇپ سۇغىرىش»نى بىلەتتى. ئۇزۇن قىلىچلارلا ئەمەس، ئۇ سوققان قىسقا پىچاقلارمۇ ئىككى قەۋەت بولاتتى، سۇنمايتتى. «جۇپ سۇغىرىش» بولسا سەنئەتنىڭ پەقەت ئۇنىڭغا خاس بىر سىرى ئىدى. يېنىغا شاگىرت ئالمايتتى، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى، دۇكىنىنىڭ تېشىغا چىقمايتتى، توختىماي ئىشلەيتتى. بويتاق ئىدى، قېرىنداشلىرى ياكى تۇغقانلىرىمۇ يوق، بۇ يۇرتقا كەلگۈندى ئىدى. قىلىچ، تۆمۈر، پولات، ئوتلاردىن باشقا گەپ بىلمەيتتى، باھا تالىشىپ يۈرمەيتتى، خېرىدارلار نېمە بەرسە ئېلىۋېرەتتى. پەقەت ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىلا ئوتنى ئۆچۈرۈپ، دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، يوقاپ كېتەتتى - دە، ئۇرۇشتىن كېيىن پەيدا بولاتتى، شەھەردە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى كۆپ ھېكايىلەر سۆزلىنىپ تۇراتتى، بەزىلەر ئۇنى «جاللاتتىن قاچقان بىر ئېسىلزادە» دېسە، يەنە بەزىلەر «مەھبۇبنى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن دۇنيانى ۋاقىتسىز تەرك ئەتكەن بىر غېرىب» دەيتتى. چوڭ، قارا كۆزلىرىنىڭ مەغرۇر قاراشلىرىدىن، ئالىيجاناب يۈرۈش - تۇرۇشىدىن، چوڭ سۈپەت سۆكۈتلىرىدىن، ئورۇنلۇق گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئادەتتىكىچە بىر ئادەم ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. بىراق، «ئۇ كىم؟ قەيەرلىك؟ نەدىن كەلگەن؟» دېگەنلەرنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، شەھەردە بۇنداق مەشھۇر بىر ئۇستىنىڭ بولغانلىقى ھەممەيلەننى ئۆز ئالدىغا پەخىرلەندۈرەتتى.

— بىزنىڭ ئەلى.
— بىزنىڭ قوجا ئۇستا.
— دۇنيادا تەڭدىشى يوقتۇر!

* دىيەت: شەرىئەت بويىچە ئۆلتۈرگەن ياكى يارىلاندۇرغان كىشىگە قىساس ئورنىدا بېرىلىدىغان ھەق. تېكىستتە دىنىي مەنىدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەينى ئېلىندى (قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد سالىھ ھاجىم تەپسىرلىگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىمۇ بۇ سۆز ئەسلى بويىچە قوللىنىلغان).

– زۇلپىقارنىڭ سىرى ئۇنىڭدا!

دېيىشەتتى. قوجا ئەلى ئەڭ تۇم، ئەڭ قاتتىق تۆمۈرلەرنى قوناق يوپۇرمىقىدەك ئىنچىكىلىتىپ، قەغەزدەك يۇمشىتىۋېتىدىغان سەنئەتنى ھېچكىمدىن ئۆگەنمىگەن، ئۆزى تاپقانىدى. ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگىنىدە، سادىق بىر باش ھەربىي ۋالىي بولغان دادىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، يېتىم قالدى. تاغىسى بەك باي بولۇپ، كاتتا بىر ۋەزىر ئىدى، ئۇنى يېنىغا ئالدى، ئوقۇتماقچى بولدى. بەلكىم دۆلەت ئورۇنلىرىدا يېتىشتۈرۈپ، بۈيۈك ماقاملارغا چىقىراتتى، لېكىن ئەلىنىڭ خاراكتېرىدە «باشقىلارغا ئادەمگەرچىلىك قەرزى بولۇش» ئېھتىماللىقى چوڭقۇر ئەلەم چەكتۈرىدىغان ئىش ئىدى. «مەن ھېچكىمنىڭ مىننىتىگە قالمايمەن» دەپ، بىر كېچىسى تاغىسىنىڭ سارىيىدىن قاچتى، نامسىز - نىشانسىز بىر سەرگەردان كەبى تاغلارنى، ئېدىرلارنى، جىرالارنى ئاشتى، ئىسمىنى بىلمەيدىغان يۇرتلاردا يۈردى. ئاخىرىدا ئەرزۇرۇمدىكى ياشانغان بىر تۆمۈرچىنىڭ يېنىدا قالدى. ئوتتۇز يېشىغىچە ئانادولۇدا بارمىغان شەھىرى قالمىدى، ھېچكىمگە بويۇن ئەگمىدى، ھېچكىمنىڭ مىننىتىگە قالمىدى. چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ھالال تەرى بىلەن نان تېپىپ يېدى، قاتتىق ئىشلىدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ناھايىتى ئاز كىرىمگە قانائەت قىلدى، ئىچىدە «مۇقەددەس ئاتەش»تىن بىر پارچە يالقۇن بولغان ھەر يارىتىلمىشقا ئوخشاش پۇل ئۈچۈن ئەمەس، سەنئەت ۋە سەنئەتنىڭ زوقى ئۈچۈن ئىشلەيتتى. «پولاتنى جۇپ سۇغىرىش» ئۇنىڭ ئىشقى ئىدى. ئۇرۇشلارغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان چاغلىرىدا، يېڭىچەرىلەرنىڭ، سىپاھلارنىڭ، چېگرا مۇداپىئەچىلىرىنىڭ ئىچىدە «ئەلى ئۇستىنىڭ ھۈنىرى»نىڭ مەدھىيەسىنى ئاڭلاپ، تەمىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر مەنىۋى زوقنى ھېس قىلاتتى. ئۆلگۈچە مۇشۇنداق توختىماستىن ئىشلەپ، يەنە بىر قانچە مىڭ غازىيغا سۇنماس قىلىچلار، قالقانلارنى پارچىلىۋېتەلەيدىغان پولات شەمشەرلەر، ساۋۇتلارنى كېسىۋېتىدىغان ئېغىر خەنجەرلەر سوقۇپ بېرەتتى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى كۈلۈمسىرەيتتى، يۈرىكى خۇشاللىقتىن تېپىرلاپ، روھىدىن چىققان بىر ئىنتىلىش مەشئەلنىڭ ئۈستىگە مىليونلىغان ئۇچقۇنلارنى تۇتاشتۇراتتى.

– تاق! تاق - تاق! تاق - تاق!...

مانا بۈگۈنمۇ بامدات نامىزىدىن بېرى توختىماي ئون سائەت ئىشلىدى. سوققان ئەگرى بىسىنى مەشئەلنىڭ يېنىدىكى سۇ سوغىسىغا سېلىپ، ئوچاقنىڭ ئۆچۈشكە باشلىغان ئوتىغا قارىدى. بولقىنى قويغان قولى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتتى، ئىشىككە بۇرۇلدى، ئۇدۇلدىكى مەسچىتتە ناماز شامغا مۆڭلۈق ئەزان چىقىۋاتاتتى، مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇۋا تۇرنىلارنىڭ ئۈزۈلمەس تاراق - تۇرۇقلىرىغا تولغانىدى. نامازدىگەرگە ئالغان تاھارىتى بار ئىدى، پەقەت قوللىرىنىلا يۇيۇپ سۈرتتى، يەڭلىرىنى چۈشۈردى، جىلىتكىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، سىرتقا چىقتى. قۇلۇپ سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلاپ، ئىشىكنى ياخشى ياپتى. ئۇزۇن مەيداندىن مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بۇ ئاددىي ئىبادەتگاھقا كەمبەغەللەرلا كېلەتتى. كوچىغا قارايدىغان كىچىك بىر دېرىزە مۇنارى ئىدى، مەزىن مۇشۇ يەردىن بېشىنى چىقىرىپ، ئەزان ئېيتاتتى.

قوجا ئەلى مەسچىتكە كىرىپ، ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر قىستاڭچىلىقنى كۆردى. دائىم جىنچىراغتىن ئۈچىلا يېقىلىدىغان مەسچىتتە بۇ ئاخشام رامىزاندىكىدەك پۈتۈن جىنچىراغلار يېقىلغانىدى. جامائەت تېخى نامازغا سەپ بولۇشمىغانىدى، ئىشىكنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئەتراپىدىكى بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرى خالار - خالىماس قۇلىقىغا كىرىپ قېلىپ، خۇپتەنگىچە مەسنەۋى ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلدى.

ناماز شام ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ بىر قىسمى چىقىپ كەتتى. قوجا ئەلى جايىدىن مىدىرلىمىدى. ئەسلىدىمۇ بېشى بىرئاز ئاغرىۋاتاتتى، «مەسنەۋى ئاڭلاپ ئۇڭشىلىپ قالارمەن» دەپ ئويلىدى. ئاجايىپ بىر ھۇزۇر ئىچىدە، روھلارنى تىترەتكەن نەغمىلەرگە غەرق بولدى. ھەر ئاشىق كەبى ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ چەكسىز بىر ئۆزىنى يوقىتىش، ھاياجانلىنىش ۋە روھلىنىش ئىستېكى بار ئىدى. ئەڭ كىچىك بىر ئىشمۇ روھلىنىشىغا سەۋەب بولالايتتى. مەنىسىنى چۈشەنمىگەن بۇ تىلنىڭ مەڭگۈلۈك دۇنياغا باغلانغان ئاھاڭى ئۇنىڭ تىنچ قېنىنى سۇلارنىڭ ئاستىدا ساقلانغان دولقۇندەك قايناتتى. ھەممە يېرى سەۋەبسىز بىر جىغىلداش بىلەن تىترەپ، چىقالماس بىر ئۆكسۈش بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. خۇپتەننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەسچىتتىن چىقىپ ئۇدۇل دۇكىنىغا كىرمىدى، ماڭدى، ئۇيقۇسى كەلمىگەنىدى. ئىللىق، يۇلتۇزلۇق بىر ياز كېچىسى ئىدى، سېرىق ئالتۇن زەررىچىلەردىن شەكىللەنگەن پايانسىز بىر بۇلۇتقا ئوخشاپ قالغان سامانيولى ئاسماننىڭ بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغا سوزۇلغانىدى. ماڭدى، ماڭدى، شەھەردىن سۈت فېرمىلىرى تەرەپكە ماڭغان يول ئۈستىدىكى تاختا كۆۋرۈككە كەلگەندە توختاپ، بىر چېتىگە يۆلەندى. كەڭ جىرانىڭ تەكتىگە چۈشكەن يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى نۇردىن ياسالغان شېغىللاردەك پارقىراپ تۇراتتى، سۇلار شىلدىرلاپ، ئەتراپتىكى توپ - توپ سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا بۇلبۇللار سايراۋاتاتتى. خىيالغا پاتتى، قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ، سائەتلەرچە قىمىرلىمىدى، ئۆزى خالىغان نەغمىلەرنىڭ روھىدا قالغان ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاپ، خۇددى مەسچىتتىكىدەك غەرق بولغانىدى. تۇيۇقسىز ئارقىسىدىن بىر ئاۋاز:

– كىم سەن؟– دەپ ۋارقىرىدى.

–...

كىرىپ كەتكەن تاتلىق بىر ئالەمدىن

ئويغىنىپ، بۇرۇلدى، كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئىككى - ئۈچ قارا كۆلەڭگە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئىختىيارسىز جاۋاب بەردى:

– يات ئادەم ئەمەس.
– كىم سەن؟
– ئەلى...
– قايسى ئەلى؟
–...

كۆلەڭگىلەر يېقىنلىشىپ، بىر قەدەم قالغاندا ئۇنى كىيىمىدىن تونۇۋالدى.

– قوجا ئەلى، قوجا ئەلىكەن ئەمەسمۇ.
–...
– بۇ سەنمۇ، ئەلى ئۇستا؟
– هە، مەن.
– بۇ ۋاقىت بولغاندا بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟
– هېچنېمە.
– قانداق هېچنېمە بولىدۇ؟ سۇغا بولقاك چۈشۈپ كەتتىمۇ - يا؟

بۇلار شەهەر ئامبىلىنىڭ ئادەملىرى، قورۇقچىلار ئىدى. ئەتراپنى چارلاۋاتاتتى. نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمىدى. كېچىلەردە ئەپيۇن چېكىۋالىدىغان بۇ ئالاقاناتلار هايالىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوغرىلاردىن، نومۇسسىزلاردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۆزلىرىدىن باشقا سىرتتا يۈرگەن بىرەرىنى تۇتۇۋالدىمۇ بولدى، تاياقتىن جېنىنى چىقىراتتى، بىراق ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلە قىلمىدى. باش قورۇقچى:

– ئەلى ئۇستا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟– دېدى.
– ياق...
– بۇنداق يېرىم كېچىگە يېقىن چاغلار ئۇ ياقتا تۇرسۇن، هەتتا خۇپتەندىن كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ هېچكىمنىڭ كوچىلاردا، بولۇپمۇ بۇنداق شەهەر چېتىدە ئايلىنىپ يۈرۈشىگە بىزگىمىزنىڭ رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟
– بىلىمەن.
– ئەمىسە؟ نېمە ئىشىڭ بار بۇ يەردە؟
– هېچنېمە...
– قانداق هېچنېمە بولىدۇ؟

قوجا ئەلى يەنە جاۋاب بەرمىدى. قورۇقچىلار ئۇنىڭ نومۇسچان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، قىينىمىدى، پەقەت:

– بولدى، ئۆيۈڭگە كەت، ئايلىنىپ يۈرمە،– دېدى.

كەلگەن يوللىرىنى بويلاپ تېز - تېز قايتقان قوجا ئەلىنىڭ روهىدا ئۆزى خالىغان ئاهاڭلار قايتا پەيدا بولۇۋاتاتتى. بۇلبۇللار ئۈنلۈك - ئۈنلۈك سايراۋاتاتتى ، يىراقتىكى سۈت فېرمىلىرىنىڭ ئىتلىرى قاۋاۋاتاتتى. كوچىدا هېچكىمنى ئۇچراتمىدى، دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى تېخىچە ئۇخلىمىغان تۇرنا كېپەن كىيگەن بىر خىيالدەك ئۆرە تۇراتتى. ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى، چىققان چېغىدا چىڭ يېپىۋەتكىنىنى ئېسىگە كېلىپ، «غەلىتە ئىش، شامال ئېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. دۇكىنىدا مەشئەل بىلەن بولقىسىدىن باشقا قىممەتلىك بىر نەرسىسى يوق ئىدى، بۇلارمۇ ئوغرىلىغۇچىلىكى يوق، هېچكىمگە پايدىسىز نەرسىلەر تۇرسا، ئوغرى جاپا تارتىپ دۇكانغا چۈشۈپ نېمە قىلىسۇن؟!

ئىچىدىن ئىلغۇچنى ئىلدى. قورۇقچىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىششى ئىچىنى سىققانىدى، مانا شەهەردە ياشىماق بىر خىل ئەسىرلىك ئىدى مۇشۇنداق. هالبۇكى، تاغدا، سەهرادا سەنئىتى ئۆتمەيتتى. تۇرۇپ ئېغىر بىر هارغىنلىق باستى. جىنچىراغنى يېقىشقا ئېرىنىپ، ئوچاقنىڭ سول تەرىپىدىكى پاكار لىمتاققا قولىغا تايىنىپ چىقتى - دە، چوڭ بىر ئېيىق تېرىسىدىن ئىبارەت بولغان تۆشەكىگە سوزۇلدى.

چاچراپ ئويغانغىنىدا، ئىشىكى ئۇرۇلۇۋاتاتتى، گاراڭ هالەتتە:

– كىم؟– دەپ ۋارقىرىدى.
– ئاچە تېز...

سەهەر بولغانىدى، ئىشىكىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئاپئاق نۇر زەررىچىلىرى پارلاۋاتاتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئۇخلاپ كەتمەيتتى، كۈن چىقماي تۇرۇپ ئويغىنىپ بولاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، لىمتاقتىن سەكرىدى. ئايىغىنى ئىزدەپ يۈرمەيلا، تېز بېرىپ ئىلغۇچنى ئېچىۋىدى، بىردىنلا ئېچىلغان ئىشىكىنىڭ دۇكاننى تولدۇرغان يورۇقلۇقى ئىچىدە شاپ بۇرۇت، ئېگىز تەلپەكلىك باش قورۇقچىنى كۆردى. كەينىدە تېرە قالپاقلىق، قوش خەنجەرلىك ياش ياردەمچىلىرىمۇ تۇراتتى. «نېمە بولدى؟» دېگەندەك ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىدى، باش قورۇقچى:

– ئەلى ئۇستا، دۇكاننى ئاقتۇرىمىز ،– دېدى. قوجا ئەلى هەيران بولۇپ سورىدى:
– نېمىشقا؟
– ئاخشام بۇداق بەگنىڭ فېرمىسىغا ئوغرى كىرىپتۇ.
– هە، مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟
– شۇڭا دۇكاننى ئاقتۇرىمىز شۇ.
– بۇ ئوغرىلىق بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم؟
– ئاشۇ هەمىيانلاردىن بىرىنى بۈگۈن ئەتىگەن سېنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن تېپىۋالدۇق، ئاندىن بوسۇغاڭغا قارا، قان دېغى تۇرىدۇ.

قوجا ئەلى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، پاكىز بوسۇغىسىغا قارىدى، راستتىنلا ئالىقانچىلىك يەردە قان دېغى يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ قىزىل داغقا قاراپ قېتىپ قالغانىدى، باش قورۇقچى:

– هەم ئاخشام خېلى كەچ ۋاقىتتا سېنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە كۆردۈم، ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟– دېدى.
–...

قوجا ئەلى يەنە بەرگۈدەك بىرەر جاۋاب تاپالماي،

ئالدىغا قاراپ:

– ئاختۇرۇڭلار،– دەپ كەينىگە سۇرۇلدى.

قورۇقچى بىلەن ياردەمچىلىرى دۇكانغا كىردى. مەشئەلنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن باش ياردەمچى تووۋلىدى:

– هە، مانا، مانا...

قوجا ئەلى ئىختىيارسىز قورۇقچى قارىغان تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇرۇۋىدى، يېڭى سوپىۇۋېلىنغان تېرىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى. ياردەمچىلەر دەرهال تېرىنى يەردىن ئېلىپ، ئاچتى، تېخى هۆل ئىدى. باش قورۇقچى بىردەم ياردەمچىلىرىنىڭ بىردەم ئەلىنىڭ يۈزىگە قاراپ، غەزەپ بىلەن سوردى:

– ئوغرىلىغان پۇللارنى نەگە تىقىپ قويدۇڭ؟
– مەن پۇل ئوغرىلىمىدىم.
– ئىنكار قىلما، مانا قوزىنىڭ تېرىسى دۇكىنىڭدىن چىقتى.
– بۇ تېرىنى بۇ يەرگە مەن قويۇپ قويمىغان.
– كىم قويدى ئەمىسە؟
– بىلمەيمەن.
...
قوجا ئەلى ئەسلىدىمۇ كۆپ گەپ قىلالمايتتى، ئامبالنىڭ ئالدىغا چىقىرىلغاندىمۇ يىرىم كېچىدە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. قورۇقچىلار تاپقان پۈتۈن دەلىللەر ئۇنىڭغا گۇناھ ئارتىۋېتاتتى. بۇداق بەگ يېڭى ساتقان بەش يۈز قوينىڭ پۇلى فېرمىدا ئوغرىلانغانىدى. ئىككى كۈچلۈك ئوغرى قاراۋۇل پادىچىنى چىڭ باغلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ پادىچى ئەتىسى سوتچىنىڭ هۇزۇرىدا ئوغرىلارنىڭ بىرىنى قوجا ئەلىگە ئوخشاتقانلىقىنى ئېيتتى. كېچە بىر ۋاقىتقىچە دۇكىنىغا كەلمىگەنلىكى، تېرىنىڭ دۇكاندا، پۇل هەمياندىن بىرىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تېپىلغانلىقى قوجا ئەلىنىڭ قارىلىنىشىغا يېتەرلىك ئىسپات بولدى. قانچە ئىنكار قىلسىمۇ، ئوغرىلىقتىن ئاقلىنالمايتتى. يەنە كېلىپ هۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئۇ نەدىن كەلگىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق بولمىغان بىرى ئىدى، سول قولىنىڭ كېسىلىشىگە هۆكۈم قىلىندى.

قوجا ئەلى بۇ قارارنى ئاڭلاپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم سارغايدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى. قازاغا رىزادىن باشقا چارە يوق ئىدى، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سوتچىغا بوم بىر ئاۋازدا:

– قولۇمنى قويۇپ، كاللامنى كېسىڭلار،– دەپ ئۆتۈندى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تۇنجى ئۆتۈنۈشى ئىدى، بىراق ياشانغان سوتچى بەكمۇ ئادىل كىشى ئىدى:

– ياق، ئوغلۇم،– دېدى،– سەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىڭ، ئەگەر پادىچىنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا كاللاڭ كېتەتتى. جازا گۇناهقا قاراپ بولىدۇ. سەن پەقەت ئوغرىلىق قىلدىڭ، قولۇڭ كېتىدۇ. هەق مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ، شەرىئەتنىڭ كەسكەن يېرى ئاغرىماس...

–...

قوجا ئەلىنىڭ قولى بېشىدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. «پولاتنى جۇپ سۇغىرىش»نى مۇشۇ ئىككى قولىنىڭ سايىسىدە قىلاتتى، مۇشۇ ئىككى قولىنىڭ سايىسىدە چېگرالاردا جەڭ قىلىۋاتقان مىڭلاپ غازىيغا پولات قالقانلارنى تېشىپ، ئېغىر ساۋۇتلارنى كېسىپ، تۆمۈر دوبۇلغىلارنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان پەيدەك يېنىك قىلىچلارنى ئۆلگۈرتۈپ بېرەتتى، يوقنىڭ نەرقىدە، مىننەتسىز بىر ئىشقى بىلەن ئىشلەيتتى.

ئۇنى يېڭىچەرى قارارگاهىدىكى قورۇقچىلارنىڭ قونالغۇسىنىڭ ئاستىغا سولاپ قويۇشتى. قىساس كۈنىنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ، ئۈن - تىنسىز، چولاق قالغان چېغىدا مەشئەلنىڭ بېشىدا بولقا ئۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاشىقسىز قالغان مەشۇق كەبى ماتەم تۇتۇۋاتاتتى. قولىنىڭ ئورنىغا دىيەت تۆلىگۈدەك پۇلى يوق ئىدى، هازىرغىچە پۇل ئۈچۈن ئىشلەپ باقمىغانىدى.

پۈتۈن شەهەر خەلقى قوجا ئەلىدەك ماهىر بىر ئۇستىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىدىغانلىقىغا ئېچىندى، بۇنچىلىك قاملاشقان، ئىشەنچلىك، ئىشچان، كۈچلۈك، ئېسىل بىر ئادەمنىڭ ئۆلگۈچە مېيىپ بولۇپ يۈرۈشىگە ئەڭ هېسسىياتسىز ۋىجدانلارمۇ چىدىيالمايتتى، ئۇنى هەممەيلەن ياخشى كۆرەتتى.

سىپاهلار ئۆزلىرىگە بەكمۇ ئەرزان باهادا قىلىچ سوقۇپ بېرىدىغان بۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەسلىهەتلىشىپ، شەهەرنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىدىن بولغان هاجى مەهمەدكە مۇراجىئەت قىلدى. بۇ ئادەم قارۇندەك كاتتا مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇشىغا قارىماي، ئاجايىپ پىخسىق ئىدى. تېخىچە بازاردىكى كىچىك بىر دۇكاندا قاسساپلىق قىلاتتى. ئۇ يان ئويلىدى، بۇ يان ئويلىدى، نازلاندى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، بېشىنى تۆۋەن سالدى، سىپاهلار بىلەن ئارىسىنى بۇزسا بولمايتتى:

– سىلەر ئىلتىماس قىلىپ قالدىڭلار،– دېدى،– بوپتۇ، ئۇنىڭ قولى ئۈچۈن دىيەت بېرەي، ئەمما بىر شەرت بىلەن...
– قانداق شەرت؟– دەپ سورىدى.
– بېرىپ ئۆزىگە دەڭلار، ئەگەر مەن ئۆلگۈچە ماڭا بىكارلىق خىزمەتچى، شاگىرت بولۇشقا رازى بولسا...
– خوپ، خوپ...

سىپاهلار يېڭىچەرى قارارگاهىغا يۈگۈرۈشتى. هاجى قاسساپنىڭ تەكلىپىنى قوجا ئەلىگە دېدى. ئۇ ئاۋۋال قاسساپلىق بىلمەيدىغانلىقىنى باهانە قىلدى، قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. سىپاهلار: «سەنمۇزە! قاسساپلىقمۇ ئىشمۇ؟ شۇنچە كۆپ جەڭ كۆردۈڭ، قىلىچ ئويناتتىڭ، باغلاپ قويغان قوينى يەرگە ياتقۇزۇپ سويالمامسەن؟»

دەپ چىدىك تۇرۇۋېلىشتى. قۇلغا قۇل بولۇش، پانىي دۇنيادا بىرىنىڭ مىنىنتىگە قىلىش ئازابلارنىڭ ئەڭ ئېغىرىدۇر. ئۇ شۇنچە كىچىك چېغىدا ۋەزىر تاغىسىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆتۈرەلمىگەن، مىنىنتىگە قالماسلىق ئۈچۈن تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن قاچقان، ياقا يۇرتلارغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. ئەمدى شور پېشانىسى ئۇنى كىملەرگە قۇل قىلماقچىدۇ؟

سىپاھلار: «ھاجىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشتى، بەربىر يەنە قانچىلىك ياشاپ كېتەتتى، ئۇ ئۆلگەندە سەن ھۆر بولىسەن، بىزگە قىلىچ سوقۇپ بېرىسەن، بولدى، جىق ئويلىما» دەۋاتاتتى.

ھاجى قاسساپ كېسىلىدىغان قولىنىڭ دىيەتىنى سوتچىغا ساناپ بەرگەن كۈنى قوجا ئەلىنى كەينىگە سېلىپ، دۇكىنىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئادەم ئاجايىپ زىل، ئاجايىپ ئوسال، ئاجايىپ چاكىنا بىر قېرى ئىدى. توختىماستىن كوتۇلدايتتى. پىخسىقلىقىدىن ھازىرغىچە بىرەر خىزمەتچى ياكى شاگىرت ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. قوجا ئەلىنى قولىغا كىرگۈزگەن ھامان دۇكىنىنىڭ بۇلۇڭىغا بىر سۇپا چىقىرىپ، ئۈستىگە بىر كۆرپە قويدى - دە، ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە ھەممە ئىشىنى ئۇنىڭغا قىلدۇرۇشقا باشلىدى، ھەممىلا ئىشنى! بامدات نامىزىدىن بەش سائەت بۇرۇن شەھەردىن ئىككى سائەت يىراقلىقتىكى فېرمىسىدىن شۇ كۈنى سېتىلىدىغان قويلارنى ئۇنىڭغا ئەكەلدۈرەتتى، ئۇنىڭغا سويدۇراتتى، ئۇنىڭغا پارچىلىتاتتى، ئۇنىڭغا ساتقۇزاتتى... تاكى ناماز شامغىچە توختىماي بۇيرۇق قىلاتتى. بىچارىگە بېرىدىغىنى پەقەت يارما ئۇمىچى ئىدى. بەزىدە ئۆزىدىن ئاشقان - تاشقانلارنى ئىتقا تاشلاپ بەرگەندەك ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلايتتى. كېچىلەردە دۇكاننى باشتىن - ئاياغ يۇدۇراتتى، ئۇخلاتماي ئەتىسى ئەتىگەنلىك قويلارنى ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن فېرمىسىغا ئەۋەتەتتى. ئوتۇنىنىمۇ ئورماندىن ئۇنىڭغا كەستۈرۈپ ئەكەلدۈرەتتى، سۇنى ئۇنىڭغا توشىتاتتى، ھەممە ئىشنى، ھەربىر ئىشنى ئۇنىڭغا قىلدۇراتتى، ھەتتا ئۆيىنىڭ باغچىسىدىكى ئەۋرەز قۇدۇقىنىمۇ ئۇنىڭغا تازىلىتاتتى.

قوجا ئەلى قۇرۇق سۇغا چىلىنغان يارما ئۇمىچى بىلەن بۇنچە كۆپ مۇشەققەتكە نەچچە يىلغىچە چىدىيالاتتى، لېكىن ھاجى قاسساپنىڭ ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە:

– ھەي ئەلى! قولۇڭغا كېلىدىغان دىيەتنى مەن بەردىم، بولمىسا چولاق بولۇپ قالاتتىڭ،– دەپ قىلغان ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىشىغا چىدىيالمايتتى. بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن چىشىنى چىشلىدى، توختىماي ئىشلىدى. كېچىدە ئۇخلىماي، كۆندۈزى يۈگۈرۈپ يۈردى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى. يەنە:

– قولۇڭغا بېرىدىغان دىيەتنى مەن بەردىم.

–...

– ھازىر چولاق يۈرگەن بولاتتىڭ - ھە.

– ...

– قولۇڭ مېنىڭ سايەمدە ساق قالدى.

–...

بۇ سۆزلەر ھاجى قاسساپنىڭ تىلىغا «باركاللاھ» دېگەندەكلا ئورناپ كەتكەنىدى. ھەربىر بۇيرۇقىنىڭ ئىجراسىدىن كېيىن چار ساقاللىق، كۆرۈمسىز، ئاۋاق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆك، ئورا كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ، «ئېسىڭدە تۇت، سەن مېنىڭ ئەسىرىمسەن» دېگەندەك بەرگەن دىيەتنى ئەسلىتەتتى. قوجا ئەلى ئۈندىمەيتتى، يۈرىكىنىڭ پارچىلىنىپ، كۆكسىگە قىزىق بىر نەرسىنىڭ يېيىلغىنىنى، قۇلۇپلانغان ئېغىزىنىڭ قارسىلداپ، چېكىلىرىنىڭ لوقۇلدىغىنىنى ھېس قىلاتتى. كېچىلىرى ئۇخلىيالماي، كۈندۈزلىرى ئىشلەپ يۈرگەندە، فېرمىغا بېرىپ كەلگەندە، قۇشخانىدا قوي سويۇپ، خېرىدارلارغا گۆش كېسىپ بېرىۋاتقاندا، «قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟» دەپ ئويلايتتى، ھېچقانداق قارار چىقىرالمايۋاتاتتى. دۇنيادا ھېچكىمنىڭ مىنىنتىگە قالماستىن، شۈكۈر - قانائەت بىلەن غورۇرىنىڭ سائادىتى ئىچىدە ياشاشنى خالايدىغان تۇرۇپ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا نېمە ئەمدى؟

قېچىشتىن نومۇس قىلاتتى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئوغرىلىق قىلغان بولۇپ قالاتتى، لېكىن بۇ ئەبلەخنىڭ ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە قىلغىنىنى يۈزىگە سېلىشىغا بەرداشلىق بېرىشمۇ ئۆلۈمدىن قىيىن، ئۆلۈمدىنمۇ ئاچچىق ۋە ئېغىر ئىدى.

ھاجى قاسساپقا قۇل بولغىنىغا دەل بىر ھەپتە بولغاندا، كۈنلەردىن جۈمە كۈنى ئىدى. يەنە سەھەردە فېرمىغا بېرىپ، قويلارنى ئەكەلدى، قۇشخانىدا سويۇپ، دۇكاندىكى كانارىغا ئاستى. تىزگاھىنىڭ سول تەرىپىدىكى چوڭ مايلىق قارا تاشتا قىڭراقلارنى بىلەۋېتىپ، يەنە: «قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟» دەپ ئويلىغاچ لەۋلىرىنى چىشلىدى. خوجايىنى تېخى كەلمىگەنىدى، قىڭراقلارنى بىلەپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ پىچاقلارنى بىلەشكە باشلىدى. «قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟» دېگەن خىيالغا شۇنچىلىك كەتكەنىدىكى، قاسساپنىڭ كەلگىنىنى سەزمەي قالدى. تۇيۇقسىز نەس باسقۇرنىڭ بوغۇق ئاۋازى يۈرىكىنى ئاغزىغا ئەكەلدى:

– نېمە قىلىۋاتىسەن، ھەي؟

ئۆرۈلۈپ قارىدى، خوجايىنى ئورنىدا ئولتۇرۇپ، موخۇركىسىنى تۇتاشتۇرۇۋاتاتتى.

– پىچاقلارنى بىلەۋاتىمەن،– دېدى.

– ۋاي ھورۇن، ئېرىنچەكەي، ئەتىگەندىن بېرى نېمە قىلدىڭ؟

جاۋاب بەرمىدى، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بۇ كىچىك، ياۋۇز ۋە زەھەرخەندە كۆزلەرگە قورقماي قارىدى، يەنە قارىدى. قېرى ئادەم كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان بۇ نەپرەتلىك قاراشقا ئاچچىقى كېلىپ سورىدى:

– نېمىگە قارايسەن؟

قوجا ئەلى زۇۋان سۈرمىدى، بىر ھەپتە ئىچىدە بەلكىم بەش يىللىق خىزمىتىنى بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام

ئالماي قىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنى «ھورۇن، ئېرىنچەك» دەپ ھاقارەتلەشتىن زېرىكمىگەن بۇ ئەسكى ئادەمنى چىدىغۇسىز بىر نەزەر بىلەن سىنچىلاۋاتاتتى. يەنە يۈرىكى پارچىلىنىپ، كۆكسىگە بىر نەرسىلەر يېپىشقاندەك بولدى، ئېغىزى قۇلۇپلىنىپ، چېكىلىرى لوقۇلداپ كەتتى. قوجا ئەلى كۆزلىرىنى ئاچتى، بىر ھەپتە بۇنىڭغا قانداق چىدىغان بولغىيدى؟ ھەيران بولدى. ھاجى قاسساپ موخۇركىنى يېنىغا تاشلىدى، خىزمەتچىسىنىڭ بۇ ئېغىر قاراشلىرىدىن قۇتۇلغۇسى كەلگەندەك كوتۇلدىدى:

– قولۇڭغا كېلىدىغان دىيەتنى مېنىڭ بەرگىنىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلامسەن نېمە؟– دېدى،– مەن بولمىغان بولسام، ھازىر چولاق يۈرگەن بولاتتىڭ.

–...

قوجا ئەلى يەنە جاۋاب بەرمىدى، ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، قىزاردى، ئاندىن تۇيۇقسىزلا سارغىيىپ، تېزلا ئۆرۈلدى، ئۆزى بىلىگەن قىڭراقلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئالدى، ئېگىلگەن قولىنى ئېگىز قىيما كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى، كۆتۈرگەن قىڭراقنى شۇنداق بىر چۈشۈردىكى... شۇ ئاننىڭ ئۆزىدە ئاجرىغان قولىنى ئالدى ۋە ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ دەھشىتىدىن كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دېگەن ھاجى قاسساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

– ئالە مانا شۇ دىيەتنى بەرگەن نەرسەڭ!– دەپ ئىتتىك تاشلىدى. ئاندىن كېيىمىنىڭ قولسىز قالغان يېڭىنى چىڭ باغلاپ تۇگۈپ، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كەلگەن يېرىنى ھېچكىم بىلمىگەندەك، كەتكەن يېرىنىمۇ بۇ شەھەردە ھېچكىم بىلەلمىدى.

ئوسمانلى تۈركچىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەندان

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

## ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم...

تولىمۇ ئەزمە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە جىددىي گەپنىمۇ يەتتە ئايلاندۇرۇپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى قوشنىسى ئۇنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى كىرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۆزى بايقىماپتۇ، ئەزمە بولسا بۇنى كۆرۈپ:

– مەن بىر نەرسە كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر سىز ئۇنى يېقىن ئارىدا نېرى تارتمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە زىيان بولارمىكىن. ئەگەر دەپ بەرگىن دېسىڭىزغۇ، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن دەپ بېرىمەن...، – دېيىشكە باشلاپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

– زادى نېمە ئىش بولدى، دېسىڭىزچۇ؟– دەپ سوراپتىكەن، ئەزمە:

– چاپىنىڭىزنىڭ پېشى كۆيۈۋاتقىلى نەۋەخ،– دەپتۇ. قوشنىسى دەرھال ئوتنى كۆچۈرۈۋاپتۇ – دە، ئاچچىقلىنىپ:

– قانداق ئادەمسىز، كۆرگەن ھامان ھايت دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟– دەپتىكەن، ئەزمە قېتىغا كەلمىگەن ھالەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

– مەن ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم، سىز مەندىنمۇ ئۆتە ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز جۇمۇ!

## بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ

بىر كىشى ھازازۇل خوتۇنىدىن زېرىكىپ يۈرگىنىدە، ئايالى تۇيۇقسىز ئۆيىدىكى خىزمەتچى ئايالنى ماختاپ قاپتۇ:

– بىزنىڭ بۇ خىزمەتچىمىز قالتىس بەلەن ئايال–دە! تاماققا ئۇستا، ئارتۇق گېپى يوق، ئۇنى- بۇنى دەپ ئادەمنىڭ بېشىنىمۇ قايمۇقتۇرمايدۇ...

گەپنىڭ ئېپى كەلگىنىنى بايقىغان ئەر دەرھال ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

– ئىسىت، شۇ خوتۇننىڭ مىجەز - خۇلقىنى سېنى ئالماستىن بۇرۇن بىلگەن بولسامچۇ!

## ئىنسابىڭىزنىمۇ تارتىپ باقسىڭىز...

گۆشنى دائىم كەم تارتىدىغان بىر قاسساپ «گۆشۈڭ كەمكەن» دەپ ئەرز قىلغان بىر ئادەمگە:

– بىلەمسىز، مېنىڭ بۇ تارازامدەك لىللا تارازا بۇ شەھەردە يوق، – دەپ پوپوزا قىپتۇ.

– بەك ياخشى، – دەپتۇ گۆش ئالغۇچى، – ئەمىسە مۇشۇ لىللا تارازىڭىزدا ئىنسابىڭىزنى بىر تارتىپ باقسىڭىز ئىكەن!

ئە. ئازات تەييارلىغان

# شېئىرلار

راھىلە كامال (شىۋېتسىيە)

## كېلىڭ يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كېتەيلى

بۈگۈن ھاۋانى ئۈچۈق، دەپ قىياس قىلدىم،
چۈنكى سىز كەلمەكچى.

سىز يوق چاغلاردا
مۇشۇنداق ياشاشنى ئۆگەندىم.
تۇتۇق ئاسمانغا
ئوچۇق رەڭلىك كۆينەك كىيىمەن.
يامغۇر ياغقاندا
چېچىمنى بۇدۇرە قىلىمەن.
قۇرۇپ قالغان گۈل بىلەن پىچىرلىشىمەن.

قاچان دەمسىز؟
سىز كەتكەندىن كېيىن،
سىزنى سۆيۈپ قالغاندىن كېيىن.

يۇلتۇزلارنى ساناپ
ئۇنغا بارمايلا ئېزىپ كېتىمەن.
ئۇ بىر قىش ئاخشىمى ئىدى،
يۇلتۇزلار قار بولۇپ يېغىپ كەتكەندى،
تېرىۋالاي، يۇلتۇزلارنى تېرىۋالاي،
قار ماڭا ئاپئاق، سەت كۆلدى،
تېرىۋالغان يۇلتۇزلار قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.
قېپ قالغان بىرىنى كۆزۈمگە پاتۇرۇۋالدىم.
كۆلكىنىڭ بۇنداق سەتلىكىنى،
ئاقنىڭ بۇنچە سوغۇق، مەينەتلىكىنى
كۆرۈپ قالغىنىمغا ئېچىندىم
شۇندىن بېرى.

چىرايلىق گۈللەرنى كۆرسەم
كۆزۈمگە مۆللىدە ياش كېلىدۇ.
كۆزۈمگە گۈلنىڭ سولغان، توزىغان، قۇرىغان
ھالىتى كۆرۈنىدۇ.

گۈللەرنى لوڭقىلارغا سېلىشىمىز،
پۇرىشىپ، نەپەس ئېلىشىمىز.
لوڭقىلاردىكى گۈللەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ،
كۆك نۇر خىرۇستاللاردا قامىشىپ تۇرىدۇ،
گۈل بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىمىز،
گۈللەر ئۈچ كۈندىلا سولىشىدۇ.

بىر گۈلدە سۆيۈشىمىز،
ئىككى گۈلدە تويىشىمىز،
ئۈچ گۈلدە خۇيلىشىمىز،
تۆت بولغاندا خوشلىشىمىز،
بەش بولغاندا

«ھەي ئىسىت»، دەپ
قەبرىمىزنى يوقلىشىمىز.

مېنىڭ گۈلگە ئۇخشىغىنىم
قىپ قىزىل يالغانچىلىق.
مەن بۇلارنى گۈللەرنىڭ دەردى، دېدىم،
بەلكىم گۈل ئۇنداق دېمەيدۇ.
گۈللەرنىڭ ئۆزىنى  سۆزلىدىم،
بەلكىم گۈل بۇنى بىلمەيدۇ.
ئېھتىمال گۈللەر مېنى كۆرسە
كۆزىنى يۇمىۋالار،
مەندە بار لېكىن
قالغان بايانىسىز،
قاقشال ئېدىرلار،
پايانسىز چۆللەر ئۈچۈن.

بەلكىم گۈللەر كۆرۈپ قالدى،
تەشتىكىمدە ئېچىلغان ئۆزۈمنى.
چاچلىرىنى يېيىپ ھەريان،
كۆزلىرىدە قىلىپ بايان،
ئۆزىگە قاراپ تۇرغان،
يۇلتۇز كۆزلۈك ئايالنى.

بۈگۈن ئاسماننى زەڭگەر دەپ ئويلىدىم،
چۈنكى سىز كېلىسىز.
كېلىڭ ،تېزراق كېلىڭ!
قۇياش پاتقۇچە –
تاڭ ئاتقۇچە،
مىس تاۋاقتەك تولۇنئايمۇ
غۇلاپ چۈشكىچە.

كېلىڭ، تېزراق كېلىڭ!
بېرەرمەن سىزگە
كۆزۈمدە كۆيدۈرۈۋەتمەي، ئاۋايلاپ ساقلىغان،
بىر تال يۇلتۇزنى،
كېچىمىزنى يورۇتماق ئۈچۈن.
بېرەرمەن
سۆيگۈگە ئاتىغان، لوڭقىغا سالمىغان
بىر تال گۈلۈمنى،
كۆزلەردىكى ياشلارنى قۇرۇتماق ئۈچۈن.
يەنە بېرەرمەن
تەشتىكىمدىكى
يۇلتۇز كۆزلۈك،
سۇمبۇل چاچلىق،
گۈزەل شېئىرنى
بىزنى ھاياتقا قالدۇرماق ئۈچۈن.

## ئاسمان رەڭلىك دىلبەر ئىدى

ئاسمان رەڭلىك دىلبەر ئىدى،
قىزىللارغا بوياشتى.
سەرۋى بويى ئەنبەر ئىدى.
بەتبۇي قىلماق بولۇشتى.
چېھرى گۈزەل قەمەر ئىدى.
داغلار بىلەن ئۇلاشتى.
جىسمى كۆپكۆك مەرمەر ئىدى.
ئۇردى، چاقتى، كولاشتى.
سۇمبۇل چېچى خەنجەر ئىدى.
پارچە قىلىپ بۇلاشتى.

## يىگانىسەن

سېنىڭ باشقا ئوخشىشىڭ بارمۇ!؟،
يىگانىسەن خىياللىرىمدا.
مەن نادان قىز ئاداققى سەھەر،
ئۇزاپ كەتكەن باغرىڭدىن ئاستا.
چالمىسامۇ ياكى مۇڭلۇق كۈي،
تىلەپ قالدىڭ ئاق يولنى ماڭا.
ئىشقىم بىلەن بېرەرمەن ئېيتىپ،
چاك يېرىلغان باغىرلىرىمغا.
مەغرۇرلۇقۇم، گۆدەكلىكىمنى،
جېنىم بىلەن قالدۇرغان ساڭا.
مەغرۇرلۇقۇم سەن بەرگەن غۇرۇر.
نادانلىقىم ئالدىمدا تۇرۇر.

تىتىلماق ھالالدۇر سەنسىز راھەتتە،
نە قالدى ئىلكىمدە ھىجراندىن بۆلەك.
بىناۋا قۇشلارنىڭ پەرۋازى يوقمىش،
بۇ ھىجران ھەسرىتى يۈرەككە ئوقمىش.

بۇلۇتلار تىترەيدۇ تۆكەلمەي ياشىن،
بۇ كىمنىڭ ھەسرىتى، ئازابى ئاخىر؟!
كەتمەكنىڭ بەدەلى بۇنچىمۇ ئېغىر؟!
بىر يېنىپ ئۆچمەكمۇ، يانماقمۇ ياپىر!؟
ئۆزۈمگە قايتىپ ساڭا چۆككەندە،
سېنىڭ ئالدىڭدا مەن ئۆزۈم ئەمەس،
ئاھ يۇلتۇزلار نۇرىن تۆككەندە،
كۆز قىسىشى تاڭدا يۈتكەندە،
بىلىپ قالدىم مەن ئۈچۈن ئەمەس،
شامالدەك ئۇچۇپ كەتتىمكىن دېسەم،
ئاداشتىممۇ ئۆزۈمدە ياكى!؟
ئۆزگە بىر جەننەتكە يەتتىمكىن دېسەم...

ئاداشتىممۇ سۆزۈمدە ياكى!؟
سىم سىم يامغۇردەك تۆكۈلدۈم دېسەم ...
ئاداشتىممۇ كۆزۈمدە ياكى!؟
تىزىمنى قۇچاقلاپ پۈكۈلدۈم دېسەم ..
زەڭگەر ئاسمانغا يۆكۈندۈم دېسەم ..

نامەرتتە نە غۇرۇر، نە قەھرىمانلىق،
زالىمدا نە سۆيگۈ، نە مېھرىبانلىق،
ئاللاھنىڭ بۇيرىغان بىر كۈنى چوقۇم—
جازاسى، غەزىپى تاشار ئۈستىگە.
زىمىنىنىڭ نەپرىتى ياغار ئۈستىگە.
بەدبەختنىڭ قولىدا قايرىلغان قىلىچ،
پاتىدۇ ئۆزىنىڭ تۆمۈر قېپىگە.

سېنى ئەسلەيمەن، ئەسلەپ ئۆلىمەن،
ئەسلەپ ئۆلگەچكە كۈلۈپ ئۆلىمەن.
بويۇڭنى، خۇيۇڭنى كۈيلەپ ئۆلىمەن،
سەن كۆيگەن زىنداندا يۈرۈپ ئۆلىمەن.

## كۆز

ئەگىيدۇ بېشىمدا خىيالچان بىر ئاي،
باغرىمغا ئۈنتىنسىز تارتىپ سادا.
ئېھ! گۈلۈم تىترەيدۇ ياپراقلىرىڭمۇ،
بۇ مېنىڭ پىغانلىق كۆزلىرىم ئارا.

جىمجىتلىق روھىمغا قاتتى ئېزىلىش،
تىزىمنى قۇچاقلاپ يىغلىدىم ئۇزاق.
پاكلاندى يۈرىكىم ئازابلار بىلەن،
يامغۇردا پاكلىنار ياپراقمۇ شۇنداق.

قىلغانتۇق ئەسلىدە نېمىنى خاتا!؟
ئۇ بىزنى ئازابلاپ قويمايدۇ تىنچ.
كۆڭۈللەر ئىستىكى يارقىن بولسىمۇ،
ئەزەلدىن بولمىغان بىزدە قېنىشىش.

غازاڭلىق يول بىلەن ماڭىمەن جىمجىت،
بۇ ھارغىن كۆڭلۈمنى قالدۇرۇپ ساڭا.
ئۆزگىلەر نەقەدەر شادىمان بوگۈن،
نە ئۈيدا تىكىلەر كۆزلىرى ماڭا!؟

يەتكەندە قەدىرىڭگە ئايلار، يىل ئۆتۈپ،
كەتكۈم بار پۇرۇردە ئۇچۇپ سەن تامان.
ئاھ شۇنداق قوشۇلۇش يېرىپ كۆڭلۈمنى —
شۇ چاغمۇ قويارمۇ سەن، مېنى ئامان!؟

# شېئىرلار

سەرۋى (ئامېرىكا)

## قەشقەر چۈشى

قەشقەر ياكى كاشىغەر،
يىپەك يولىدا دۇر-گەۋھەر،
چاقناپتىكەن قاماشتۇرۇپ كۆزلەرنى،
تاڭدىكى  چولپان كەبى،
كوھىنۇرنىڭ ئالمىسىدەك.
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا،
يىراق قەدىم زاماندا،
كەتكىنى كەتكەن،
يۈتكىنى يۈتكەن،
ئۆلگىنى ئۆلگەن،
بولغان زاماندا.
تۇپراقلىرىنى ئالقانغا ئالساڭ،
جىمىرلايدىكەن ئالتۇنۇ-زەر،
سۈيىن ئىچكەنلەر دېگەنكەن كەۋسەر،
بۇلبۇللىرى ناۋالىق، قاقىدىكەن پەر،
چىقىپتىكەن قاراخانلاردەك،
خانلار، شاھلار ھەر، ھەر.
ئوردۇكەنت دېسە، كاشىغەر دېسە،
ھەركىم دەر:
ئاجايىپ شەھەر!

سەمەرقەنت، بۇخارا، باغداد،
كابۇل، خارەزىم ھەم ھىرات،
قەشقەر دېسە تۇرار قول باغلاپ،
شەھەرلەرنىڭ شەھەرى سەن دەپ،
شاھلارنىڭ شاھىنىڭ ماكانىسەن دەپ،
ئەھلى ئالىمنىڭ بوستانىسەن دەپ،
شەرقنىڭ چوغدەك يالجىغان  يۈرىگىسەن دەپ.

سودىگەرلىرىنىڭ ھەمىيانى،
باغدادنىڭ، كابۇل، كەشمىرنىڭ،
پەرغانە، سەمەرقەنتنىڭ،
لىقلانغان ئالتۇن تەڭگىگە،
دەل مۇشۇ يەردە،
ئەزىزانە يۇرت- گۈزەل قەشقەردە.
قەشقەر چۈشىنى كۆرگەن نەچچە رەت،
شۇڭا قەشقەرگە قايتقان داۋامەت،
دېگەن بۇ شەھەر ئەجەب ئالامەت،
مېھرى ئۆزگىچە، سېھرى ئۆزگىچە،
بىرلا كەلدىڭمۇ، ئۇنۇتالمايسەن.
 مەڭگۈگە پەقەت.
چۈنكى بۇ شەھەر- قەشقەردۇر قەشقەر.

– قېنى ئۇ قەشقەر؟
قېنى ئۇ شەھەر؟
يۈتۈپ كېتىپتۇ،
كىملەرنىڭ شۇم خالىتىسىغا،
چۈشۈپ كېتىپتۇ.
ھەئە!
يىپەك يولىنى جىن باستى،
قەشقەرنى قارا باستى.
ھېيىتگاھنى
جانان كوچىسىنى، خام بازىرىنى،
ئەۋرىشىمكارنى، ئۆستەڭ بويىنى،
نور بېشىنى،
پالاكەت باستى.
ئوردا ئالدىنى،
يۇمىلاق شەھەرنى،
چىنە باغنى،
كوزىچى ياربېشىنى،
قۇم باستى.
يارباغدىكى ئوسمىچى قىزنىڭ،
لەڭپۇچى يىگىتنىڭ،
سامسىپەز قىرانىنىڭ،
چۈشلىرىنى قارا باستى.
قەشقەرلىكنىڭ قوي كۆزلىرىنى،
سەل باستى، قىيان باستى،
سەمەننىڭ يىگىتلىرىنى،
زىنداندا ئۆلۈم باستى.

يىغلىمىدى سەمەرقەنت، بۇخارا، باغداد،
قەشقەر ئۈچۈن،
يىغلىمىدى كابۇل ھەم كەشمىر،
يىغلىمىدى ھىرات، خارەزىم،
 تىترىمىدى ھېچكىم،
شەھەرلەرنىڭ شەھرىيە.
قالدى ئاھ، قەشقەر،
ناتىۋان يېتىم.
دېگۈدەك ھەممىسى:
ئۇنتۇپ كېتەيلى قەشقەر چۈشىنى.
راۋاپچى ھاپىزنىڭ قەشقەر رىۋايىتىنى.
ئالتۇنغا لىققىدە توشقان،
تىرە ھەمىيانىنى،
ھەممىنى،

ئۇنتۇپ كېتەيلى،
قەشقەردە يىرگەن تۈزنىڭ ھەققىنى.
چېقىلدى قەشقەر، يىقىلدى قەشقەر،
خورلاندى قەشقەر،
قىلىچتىن ئۆتتى،
بوزلىدى قەشقەر،
ئاھ، سەكراتتا قەشقەر...

كەتكىنى كەتكەن، قالغىنى قالغان،
ئەتكىنى ئەتكەن، تارتقىنى تارتقان.
ئۆرگەلگەن پەلەك، چۆرگەلگەن پەلەك،
يۈزۈڭگە توپا چاچ قەشقەر ئۆچۈن دەپ،
ياقاڭنى يىرتقىن قەشقەر ئۆچۈن دەپ،
قەشقەرگە قەشقەرچە ھازىدار كېرەك.

قەشقەرنىڭ ئۈرۈقى بارمىكىن،
قەشقەرلىك سودىگەرنىڭ خورجۇنىدا.
قول يەتمەيدىغان بۇلۇڭىدا.
يامان كۆزلەردىن ئامان قالغان،
ئەپچىلگىنە مۆكۈۋالغان.
تېرىساق ئۈنەرمىكىن قەلبىمىزگە،
بىخلارمىكىن كېلەر يىلى باھار كەلگەندە،
گۈللەمدىكىن ھۆپپىدەك،
قەشقەرنىڭ ئانارىدەك.
چۈشەمدىكىن ئاناردەك ھەر شىخىدا مىڭ قەشقەر،
ھەر قەشقەردە بارمىكىن كۆلۈپ باققان تاڭ سەھەر.

2019 -يىلى، 10 -ماي، ئامېرىكا

## دۇنيادىكى ئەڭ

دۇنيادىكى ئەڭ قىزىق كىتاب،
كەچۈرگىن مېنى.
ئوقۇيالمايمەن سېنى،
كۆلەلمەيمەن باش قەھرىمان بىلەن،
چۈنكى كۆزۈمگە چۆككەن ھەسرەتلىرىم بار،
توسار كۆزۈمنى.
شۇڭا چىقمىغىن ھەرگىز ئىشكاپتىن،
كور دەپ ئويلىغىن مېنى.
رەنجىمىگىن مېنىڭدىن،
ئاچالمايمەن سېنى.

دۇنيادىكى ئەڭ تەملىك قەھۋە،
ئىچەلمەيمەن سېنى.
ھوزۇرلىنىپ تېتالمايمەن سەندىكى،
خۇشپۇراق تەمنى،
چۈنكى قىرتاق ھەسرەتلەر،
تېشىپ چىقتى يۈرەك بېغىدىن،
ئېغىزىمغا تولدى لىققىدە،
نېمە ئىچسەم تېتار كەكرىدەك،
ھەتتا بەزىدە گويا زەھەردەك.
شۇنداق ئادەمگە قەھۋە نە كېرەك؟
سېنىڭ بىلەن ئۆلۈپەتداشلىقىم،
شۇنداق پۈتكۈدەك.
سووۇپ كەتكىن ئۈستەل ئۈستىدە،
مېنىڭ بىلەن خىيال سۈرگىن جىممىدە،
ئىچمەيمەن سېنى.

دۇنيادىكى ئەڭ ئىللىق ئىنسان،
كەچۈرگىن مېنى.
كۆرەلمەيمەن سېنى،
باغرىمغا مەڭگۈ باسالمايمەن سېنى،
چۈنكى ئارىمىزدا تۈۋى يوق بىر ھاڭ،
يېقىن كەلسەڭ يۇتىدۇ بىزنى.
تۇرايلى شۇنداق ھاڭنىڭ لېۋىدە،
قولىمىزنى بىر-بىرىمىزگە سوزغىنىمىزچە.
دۇنيادىكى ئەڭ چەكسىز سېغىنىش بىلەن،
دۇنيادىكى ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن،
بىر-بىرىمىزگە تەلمۈرگىنىمىزچە.
دۇنيادىكى ئەڭ ئاچچىق ياشنى،
بىر-بىرىمىز ئۆچۈن تۆككىنىمىزچە.

دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك دوست،
كەچۈرگىن مېنى.
ھوزۇرلىنىپ سېنىڭ بىلەن تەڭ،
بەختنىڭ ئۆچۈن كۈلەلمەيمەن ئەمدى.
بولالمايمەن بۇرۇنقىدەك كۈلگۈنچەك،
قىلالمايمەن شوخ چاقچاقلىرىمنى،
چۈنكى دىلخانەمدىكى يارام،
قاناۋاتىدۇ، يىرىڭلاۋاتىدۇ،
ئېغىز ئالغۇچە ساقلاپ تۇر مېنى.
تېلىفۇنمۇ ئۇرمىغىن ئەمدى،
ئىشىك قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتمىغىن،
ئۇنۇتقىن مېنى.

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ زاھىت،
كەچۈرگىن مېنى،
ئاستىلات قەدەملىرىڭنى،
يېتىمشۇۋالاي.
ئايىقىڭنىڭ ئاستىدىن توزىغان توپىلىرىڭنى،
كۆزلىرىمگە سۈرتىۋالاي.

جول-جول تونۇڭنىڭ پىشىگە سۆيۈۋالاي،
جۆر بولاي ھەقنى ئىزدەش سەپىرىڭگە.
كېتەيلى بىز تەكلى ماكانغا.
ساما سالايلى روھلار دۇنياسىدا.
كىروراندا، مىرەندە ۋە ئەندىرەدە،(1)
كۆمۈلگەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە،
بىر-بىرلەپ ئىستىقامەت قىلايلى.
سۇنۇق كوزىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق سۇنى،
ئىچىپ باقايلى.
نەقىشلىك ساندۇقتىكى تاش قاتما ناننى،
چىشلەپ باقايلى.
تارشا پۈتۈكتىكى ئىمىر-جىمىرنى،
بارمىقىمىز بىلەن ئىزلاپ باقايلى،
شۇندىلا بەلكى،
كۆزلىرىم كۆرەر،
تىللىرىم تېتار،
دىلىمدىكى شۇ يارا ئېغىز ئالار.
شۇڭلاشقا ئاڭلا،
سوۋغات قىلاي ساڭا،
دۇنيادىكى ئەڭ ئازابلانغان ئىنسان قەلبىنى،
ئىپ كەتكىن مىنى.

ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

------------------------------------------

(1) كىرورەن، مىرەن، ئەندىرە: شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمى شەھەر خارابىلىرى.

2019 -يىلى 3 -ئىيۇن، ئامېرىكا

# شېئىرلار

مۇھەممەتجان ياسىن (بوغدا)

(قىرغىزىستان)

## يۈرەك سۆزى

خەلقىمنى ئانام دەيمەن،
خەلقىمنى ئاتام دەيمەن.
بېشىمنى سىلاپ تۇرغان،
خەلقىمنى پانام دەيمەن.

ماڭا زور بەخت، ئامەت،
ئۇ ئۈچۈن جاپا چەكسەم.
ئىرىشىپ، مىنۇت، سائەت،
كۈتكەننى بەجا ئەتسەم.

ئارمان يوق ماڭا ھېچچاغ،
ئاقلىسام ۋاپا، ئەھدىم.
مېھرىمدىن ياساپ گۈلباغ،
جېنىمنى ئېتەي تەقدىم.

خەلقىمنى ئانام دەيمەن،
مەڭگۈلۈك پانام دەيمەن.

## ئۇلۇغ نام

ئانا نامى - ئۇلۇغ نام،
تائەبەدكە ئۆچمەيدۇ،
تاغلار كۆچەر، يەر كۆچەر،
ئانا نامى كۆچمەيدۇ.

ئانا ھامان مېھرىبان،
قۇياش دەيمىز مېھرىنى.
غېمىمىز يەر ھەر زامان،
گۈلدەك دەيمىز چېھرىنى.

ئاق سۈت بېرىپ ھالالدىن،
يېتىلدۈردى مەردلەرنى.
جاپا چەكسە سەزدۈرمەي،
تارتتى تالاي دەردلەرنى.

ئانا نامى - ئۇلۇغ نام،
دىلدا مەڭگۈ ساقلىنار.
ئۆزى كەتسە، سىماسى،
يۈرەكلەردە يادلىنار.

ئانا دېسەڭ تىللاردا،
ئوت بوپ يانار دىللاردا.

## ئانا تىلىم

ئانامنىڭ سۈتى بىلەن كىرگەن تىلىم،
مىللىتىم ئوتى بىلەن كىرگەن تىلىم.
سەن بىلەن تونۇلدۇق بىز ئەللەر ئارا،
سەن بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئېلىم.

بىز سېنى ئەزىزلەيمىز ئاتا بىلىپ،
يۈكسىلىش، ئىلىم-پەندە پانا بىلىپ.
شۇڭلاشقا قەدىرلەيمىز «ئانا تىل»، دەپ
سۆيگەچكە دىلىمىزدىن ئانا بىلىپ.





# قەبرە ئالدىدىكى ئارمانلار

سەلىمە. ئا. كامال (ئاۋستىرلىيە)

مەن قەبرە-مازارلاردىن بەخت تىلەپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئەمەس. ئەمما، بۇ قەبرىنى چۈشەنگەچكە، يېقىنلاشقانسېرى ۋۇجۇدۇم ئۆرتەندى. قولۇمدا بىر تۇتام گۈل، بىر ئاپتوموبىل بىمالال ماڭغۇدەك باغ يولىدا ئۇدۇلۇمدىكى ياپيېشىل قارىغايلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەبرىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. يول ماڭغانسېرى ئۇزۇراپ كېتىۋاتقاندەك... يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا "ھوپپىدە" ئېچىلغان پىلپىلگۈل، سالداتگۈل، قارىغاي گۈل، سېرىق سەبدە، ئەتىرگۈل، قىزىلگۈللەر ئارىسىغا كۆزگە چېلىقارلىق قىلىپ ئورنىتىلغان كىچىك-كىچىك تاختىلارغا قوشاقلار يېزىلغان:

ئالۋانغا سوروك بەرمەي،
يايى قامچىلاپ چىقتى،
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي.
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى.

ئون قەدەمچە ماڭدىم، يەنە بىر كۇپلېت قوشاق:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئونبەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا.
دۆك يامۇلغا پالانغان.

ئەتتىر گۈللەر ئارىسىدا يەنە بىرى:

ئىككى مىڭ چېرىك چىقتى،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا قاراپ ئىختىيارسىز توختايمەن. ئاجايىپ مەنىلىك «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»نى ئوقۇيمەن. يەنە ئالدىمغا ماڭىمەن. ئاخىرى ئاددىيغىنە بىر قەبرە ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. سۇپا چىقىرىلىپ ياسالغان قەبرىگە چاپلانغان چاقچۇقلارنىڭ بەزىلىرى يېرىم پۇچۇلغان، سىرلىرى ئۆچكەن ھالدا ئېغىر سۈكۈتتە تۇراتتى. قەبرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يانمۇ-يان قىلىپ يەنە ئىككى كۇپلېت، يان تەرىپىگە ئۈچ كۇپلېتتىن ئالتە، قۇيرۇقىدا يەنە ئىككى كۇپلېت قوشاق يېزىلغان ئىكەن. قەبرىنى ئايلىنىپ ھەممىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقتىم. بەزى مىسراسىدا ئاجايىپ خەلقپەرۋەر روھ ئۇرغۇسا، بەزىسىدە شىر يۈرەك ئەركەك زاتنىڭ خىسلىتى «مانا مەن!» دەيتتى. بەزىسىدە خەلقنىڭ مۇڭ-زارى تۆكۈلسە، بەزىسى مېھرىبان بىر ئاتىنىڭ خوتۇن-بالىسىنى سېغىنغانلىقىنى سۆزلەيتتى...

سادىر پالۋاننى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن تونۇۋالغىنىمدىن باشلاپ ئۇنۇتمىدىم. بىراق، ئەينى چاغلاردا ئۇنى تولۇق چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. چەتئەل خەلقلىرىنىڭ تارىخىي مەشھۇرلىرىغا تۇتقان قەدىرلەش ئېڭىنى كۆرگەن-چۈشەنگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە سوئاللار قويدۇم.

1990 - يىلى رۇسىيەنىڭ موسكۋا، سانكت-

-پېتىربۇرگ شەھەرلىرىدە ساياھەت-زىيارەتتە بولدۇم. موسكۋا دەرياسى بويىدىكى «يېڭى پەرى» قەبرىستانلىقى رۇسلارنىڭ بىرمۇنچە «مەشھۇرلار قەبرىستانلىقى» ئىچىدە ئەڭ ھەشەمەتلىك ئىكەن. قەبرىستانلىق سمولنىسكى چېركاۋىغا يانداش بولۇپ، ئايلانما قىزىل تېمىغا ئاق رەڭلىك قاپارتما گۈللەر نەقىشلەنگەن. چېركاۋ ئۈستىدىكى ئالتۇن رەڭلىك بەش يۇمىلاق مۇنار قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپلا مىڭلىغان قەبرە تېشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. پەلەككە تاقاشقان كاۋچۇك - قېيىنزارلىقتا مىڭلىغان ھەيكەللەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سىرلىق، نەپىس ھەيكەللەر كىشىگە ھەيكەلتىراشلىق مۇزېيىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. قەبرىستانلىققا رۇسىيەنىڭ مەشھۇر سىياسىيونلىرى، ھەربىي قوماندان، ئالىملىرى، ئەدىب-مۇزىكانت-سەنئەتكارلىرى دەپنە قىلىنغان.

مەن «رۇسىيەدە مۇنچىۋالا كۆپ مەشھۇر ئۆلۈپ-تۈگىگەن بولسا، مەشھۇرلار قالمىغان چېغى» دەپمۇ ئويلىدىم. سېمونتىلانغان ئىككى مېتىرچە كەڭلىكتىكى پىيادىلەر يولىدا سۇلتان خوجانۇر ئاكام بىلەن بىللە بىر توپ كىشىگە قوشۇلۇپ قەبرىستانلىققا ئىچكىرىلىدىم. قەبرىلەر رەتلىك قوپۇرۇلغان. ئارچا-قارىغايلارمۇ رەتلىك تىكىلىپتۇ. بىزگە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇش ن.ۋ.گوگول، ئا.پ.چېخوۋ، ماياكوۋسكى... قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدىن ئۆتتۇم. خروشچېۋنىڭ قەبرە سۇپىسىلا ئەمەس، سۇپا ئۈستىدىكى ھەيكىلىنىڭمۇ پېشانىسى، قېشى، بۇرۇنى، ئاغزىمۇ تەڭ نىسبەتتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، تاكى بەدىنىگىچە يېرىمى ئاق، يېرىمى قارا مەرمەردىن قاتۇرۇلغان ئىكەن.

—نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىككى خىل رەڭدە قاتۇرغاندۇ؟—دەپ سورىغان سوئالىمغا تاغام:

—چۈشەندۈرگۈچى ھەيكەلنىڭ رەڭگى توغرىسىدا:... چۈنكى، ئاق بىلەن قارىنى پەرقلەندۈرىدىغان كىشى ئىدى، دەۋاتىدۇ، —دەپ جاۋاب بەردى.

بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قارلار سۈپۈرۈلگەن، چىرايلىق لوڭقىلارغا تىزىلغان گۈللەر،قاچا گۈللەر قويۇلغان ئىدى. مەن ئالدىمغا ئىككى قەدەم تاشلاپلا بىر قەبرە ئۈستىدە ياتقان ئاققۇنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە، ئاق مەرمەردىن ياسالغان ئاققۇ قاناتلىرىنىڭ بىرىنى ئالدىغا،بىرىنى ئارقىسىغا كەڭ يېيىپ، ئۇزۇن بويىنىنى ئالدىدىكى قانىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ «ئۇخلاۋاتاتتى». ھەيكەلگە قاراپ: بۇ يەرگە چوقۇم داڭدار بالېت ئۇستىسى كۆمۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. دېگەندەك قەبرە تېشىغا: «مەشھۇر بالېت ئۇستىسى—داۋىدوۋا»، دېگەن خەت يېزىلىپتۇ. ئاجايىپ نەپىس ئاققۇدىن بېشىمنى تەستە كۆتۈرگۈنۈمدە تاغام خېلى ئۇزاپ كېتىپتۇ. يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم. «ئېھ!» شۇ چاغ ماڭا تونۇش بىر قىزنى «كۆرۈپ»قالدىم. ئۇ:كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان، بەدىنى كۆكەرگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ قاتتىق باغلانغان، غەزەپلىك كۆزىنى دۈشمىنىگە تىككەن پېتى دارغا ئېسىقلىق تۇراتتى. مەن قەبرە تېشىدىكى بىر تال ھەرپكە قاراپ قويماي ئۇنى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى—زويا كوسمودېميانىسكايانى تونۇۋالدىم. ئۇنىڭ ئىنىسى شورا بىلەن ۋەتىنىنى، ھۆرلۈكىنى قوغداش يولىدا دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلغان ئاجايىپ باتۇرلۇق كەچمىشلىرى ئېسىمگە تولۇق چۈشۈپ بولدى. شۇچاغدا ئۆزۈمنى نورمالسىز سەزدىم: ئەجەب مەن بىر چەتئەللىك تۇرۇپ، رۇسلارنىڭ قەھرىمان قىزىنى شۇنچە پىششىق بىلىدىكەنمەنۇ، ئۆزىمىزنىڭ قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈلنى زويادەك پىششىق بىلمەيدىكەنمەنا؟!.. مەن دۈشمەن غالجىرلارچە توپقا تۇتقان پەيتتىمۇ ئىس-تۈتەكلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ ياردار جەڭچىلىرىمىزنى قۇتقۇزغان، ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن ھەسسە يوغان جەڭچىنى ھاپاش ئەتكەنچە ئوقلار ئاستىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا تاق بېشىغا ئوق يەپ شۇ يەردىلا جان بەرگەن ئون توققۇز ياشلىق باتۇر قىزنىڭ قانلىرى سىڭگەن جايدا-ھەرەمباغدا ئويناپ چوڭ بولدۇمغۇ! ئۇنداقتا نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ رىزۋانگۈلنى تېخى بىلمەسلىكىدىن رەنجىمىسەم بولغۇدەك...



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمان قىزى—زويانىڭ ھەيكىلى



ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان قىزى—رىزىۋانگۈل

رۇس ئەدىبلىرىگە-زويانىڭ ئانىسىغا بارىكاللا! «زويا ۋە شورا» ناملىق بىيوگرافىك ئەسەرنى، يەنى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى، ئۆلۈمىنى ئۆز ئانىسى يېزىپ، تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە قالدۇرغان ئىكەن.

خىيال بىلەن بېشىم چۈشۈپ كەتتى. كۆكۈش مەرمەر ياتقۇزۇلغان قەبرە ئالدىغا كەلگەندىلا بېشىمنى كۆتۈردۈم. قەبرە سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىغا ئورنىتىلغان ئۈچ مېتىرچە ئېگىز مەرمەر تۈۋرۈك بېشىغا شۇخىل مەرمەردىن ئايروپىلان مودېلى ئورنىتىلغان. ئۈستى ئوچۇق ئايروپىلاندا رولنى چىڭ قاماللىغان بارماقلىرى، تۈرۈلگەن قوشۇمى، چىڭ ھىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن تاجاۋۇزچىلارنىڭ نەق ئۇۋىسىنى بومباردىمان قىلىشۋاتقاندىكى ئۆزلۈكتىن ھالقىغان ئەزىمەت ئۇچقۇچىنىڭ ھەيكىلى ئىدى. ئۇ ماڭا كۆكرىكىنى كېرىپ ۋەتىنىدە ھۆر ياشاۋاتقان سانسىز ئۇچقۇچىلار ئارىسىدا ھايات ياشاۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ھەيكەلگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم: ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەتىنىنى قوغداشقا جېنىنى بەرگەن ئۇچقۇچى بولسا كېرەك. قىياسىم توغرا ئىكەن. قەبرە تېشىغا «ۋەتەن ئوردېنى» ئويۇلۇق تۇرۇپتۇ.چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ھەربىي لىيۇتچىك ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى تۈگىدى. شۇ چاغدا توپ ئارىسىدىن سېرىق چاچلىق، يىگىرمە ياشلاردىكى بىر قىز يانچۇقىدىن چىرايلىق قاتلانغان گۈللۈك قولياغلىق چىقاردى-دە، ياغلىقنى قاتلانغان پېتى قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىگە قويدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر مىنۇتچە سۈكۈتتە تۇردى. ئاندىن تېز مېڭىپ ئۆز توپىغا يېتىشىۋالدى. مەن ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن قولياغلىققا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. پۈتلىرىم ئېغىرلىشىپ ماڭغىلى قويمىدى. خەلق قەھرىمانلىرىمىزنى قەدىرلەش ئېڭىمىزدىكى پەرقنى ئەلەم بىلەن تۇيغۇنۇمدا،ھەسەتخورلۇقتىن ئىچىمگە ئوت كەتتى.

رۇسلار مەشھۇرلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى مەدەنىيەتكە، تارىخقا گۇۋاھ بولغۇچى مۇزېيغا ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە چۈشەندۈرگۈچىلەر زىيارەتچىلەرگە مەشھۇر كىشىلىرىنىڭ قىزىقارلىق كەچمىشلىرى، نەتىجىلىرى، تۆھپىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئىپتىخارلىقنى نامايان قىلىدىكەن. رۇسلار بۇ قەبرىلەرنى يوقلاش، سۆيۈش، گۈلدەستە قويۇشنى مۇقەددەس دەپ بىلىدىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشلۇقىدا بۇ قەبرىستانغا ئائىت مەزمۇن بار ئىكەن. تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ نەق مەيداندا دەرس ئۆتىدىكەن.

ئەينى چاغدا مەن «بىز نېمىشقا مەشھۇرلىرىمىزنىڭ تىرىكلىكىنىمۇ، ئۆلۈكىنىمۇ ئۇلاردەك قەدىرلىيەلمەيمىز؟» دېگەن سوئالنى ئۆزۈمگە جىددىي قويغان، كاللام پىرقىراپ كەتكەن ئىدى... قەبرىستانلىقتىن، ياق! ئۈستى ئوچۇق تارىخ مۇزېيىدىن چىققاندا، گويا بىر مەكتەپنى–تارىخىي ئۇلۇغلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندەك بولغان ئىدىم.

XXX

خېلى كۈچلۈك ئابىرال شامىلى ئۇرۇپ، ئېتەكلىرىمنى ئۇچۇردى، چاچلىرىمنى چۇۋۇدى. شۇ چاغدىلا ئېسىمنى يىغىپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم. سادىر بوۋامغا ئاتىغان بىر تۇتام گۈلنى سىقىمدىغان ئوڭ قولۇم تەرلەپ كەتكەنىدى.

مەن سادىر پالۋان بوۋامغا گۈلنى «تۇتتۇم». توغرىسى، قەبرىنىڭ كەڭ سۇپىسىغا چىقىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامى يېزىلغان قۇببە ئالدىغا قويدۇم. ئاددىي توپا-كېسەكتىن قوپۇرۇلغان قەبرە ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرغىنىمدا، ئاشۇ توپا-كېسەكلەر، ئاشۇ پۇچۇلغان چاقچۇقلار ماڭا مەرمەردىن قىممەتلىك كۆرۈندى. ئۆزۈمنى مەغرۇر سەزدىم. قەبرىدىن يېنىپ، كۆلىمى ئاتمىش كىۋادىراتمېتىر ئۆيگە «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»گە كىرىپ، چۈشەندۈرگۈچىگە ئەگەشتىم.

–سادىر پالۋان مەنچىڭ ئەمەلدارى لىرۇيىنىڭ ئىلى خەلقىگە سالغان ئېغىر ئالۋاڭ-سېلىقى، زۇلۇمىغا قارشى چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ لى زېچىڭى. ئۇ سۆيدۈك سېپىلىنى پارتلىتىپ، نەچچە قەلئەنى ئازاد قىلغاندا، مەنچىڭ ھۆكۈمدارى ئالاقزەدە بولۇپ، چارروسىيەدىن ياردەم سورىغان. چارروسىيە گېنېرالى كالپاكوۋسكى سادىر پالۋان يېتەكچىلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ ئىلىغا كىرگەن. ئەمما ئۇ كۆكتاش قەلئەسىدە سادىر پالۋان يېتەكلىگەن دېھقانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان...

چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۆرۈمچىدىكى بىر قېتىملىق «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»نى كېڭەيتىش، پالۋاننىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇش ئۈستىدىكى كېڭەش يادىمغا يەتتى. تىلشۇناس، ئالىمىمىز، ھۆرمەتلىك ئىبراھىم مۇتئىي:

–...سادىر پالۋان قوشۇنى مانجۇنىڭ كۈرەدىكى مۇھىم قەلئەسىنى پارتلىتىۋەتكەن، كالپاۋسكىينىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى قورغاس چېگراسىغىچە قوغلىغاندا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قوزۇق قاققۇزۇپ، ئۆلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ كاللىسىنى قوزۇققا قاداپ ماڭغان... –، دەپ سۆزلىگەن ئىدى.

مەن «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»دىكى قىممەتلىك بويۇملارنى، سۈرەتلەرنى تەپسىلىي كۆردۈم. 105 پارچە قىممەتلىك سۈرەت ئىچىدە 429 يىللىق تارىخى بار قۇنتەيجى راۋىقىنىڭ سۈرىتى (سىزما رەسىمدىن تارتىلغان) بار ئىكەن. سادىر پالۋاننىڭ گىرۋەكلىرى كەشتىلەنگەن ئاق مالىخاي كىيگەن، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان بىر جۈپ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەن، يارىشىملىق بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرى چىڭ ھىمىرىلگەن يېرىم بەدەنلىك قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن باج ماركىسى بار ئىدى. بۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمگە يېرىم بەدەنلىك قىياپەت رەسىم بىلەن باج ماركىسى توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتۈمەن:

بۇ رەسىم سادىر پالۋان ھايات ۋاقتىدا سىزىلغان بولماستىن، ۋاپاتىدىن 74 يىل كېيىن، 1945 - يىلى قازاقىستانلىق قازاق رەسسام ئەبىلقان قاستېيېۋ سىزغان رەسىمدۇر. بۇ ھەقتە مائارىپچى، شائىر، دىراماتورگ قادىر ھەسەنوۋنىڭ «ھايات ئاڭلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق مەلۇماتلار بار: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى، ئازادلىق جەڭچىسى، ھازىر جاۋاب قوشاقچىسى سادىر پالۋاننىڭ رەسىمى ئەۋلادى ئۈچۈن ساقلانمىغان ئىدى. بۇ

ئىشنى دەسلەپ 1920 - يىلى ئۇيغۇر رەسسام ئابا شەمس تۇتقان. ئۇ سىزغان سادىر پالۋان رەسىمى 1934 -يىلى ئالمائاتادا ئېچىلغان رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. ئاردىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ بۇ ئەسەر ئىزسىز يوقۇلۇپ كەتتى. 1945 - يىلىغا كەلگەندە سادىرنى قايتا سىزىش، ئەۋلادلارغا پالۋاننىڭ سىيماسىنى قالدۇرۇش ئىشى قولغا ئېلىندى. شۇ يىللاردا مەن ئالمائاتادا چىقىدىغان «قازاق ئېلى»، «يېڭى هايات» ژۇرنىلىدا رېداكتور ئورۇنباسارى ئىدىم. ئۇيغۇرشۇناس س.شاكىرجان ئىككىمىز سادىرنىڭ رەسىمىنى سىزىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتۇق. قايسى رەسسامغا سىزدۇرۇش كېرەك؟ ئاخىرى ئەبىلقان قاستېيۇۋقا سىزدۇرماقچى بولدۇق. سەۋەبى: ئۇ يەركەنتلىك، ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ ئۆسكەن.ئۇنىڭغا: ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىقى، تارىخى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۆتمۈشى، مىجەز-خۇلقى تونۇش. شۇ يىللاردا پالۋاننى بىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى- ئايشەم جېلىل قىزى توقماق شەھىرىدە تۇراتتى. يېشى 120 لەردە بولۇشى مۇمكىن. س.شاكىرجان ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە موماي:«مەن سادىرنى كۆرگەندە ئۈچ بالىغا ئانا ئىدىم. سادىر ئېگىز بويلۇق، ئۆتكۈر كۆزلۈك، پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق ئادەم ئىدى» دېگەن.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى مەسۇم بوۋا ھەمدۇئوغلى تەستىقلىغەن. بۇ كىشى سادىر پالۋانغا نەۋرە تۇغقان، كېيىنچە كۈيئوغۇل بولغان: «مەن بوۋامنىڭ ئالدىدا يۈرگەندە ئونبىر-ئون ئىككى ياشلاردا ئىدىم. قىياپىتى تولۇق ئېسىمدە» دەيدۇ ئۇ. بىشكەك شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق گۈلجامال چورۇق قىزىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. سادىرنى كۆپ كۆرگەن، سۆھبەتتە بولغان سادىق بوۋا ھەسەن ئوغلى سادىرنى ئاخىرقى قېتىم 32 يېشىدا قورغاستا كۆرگەن ئىكەن. سادىق بوۋا 100 يىل ياشىدى. يەنە ئۆز دەۋرىدە موللابىلال نازىمى يازغان «غازات دەرمۈلكى چىن»، مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»، چوقان ۋەلىخانوۋ تەتقىقاتلىرى، خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنىڭ پالۋاننىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەشتە چوڭ ياردىمى بولدى. قاستېيۇۋ كۆپ ئەجىر قىلدى. ئۇنىڭ دەسلەپ سىزغانلىرى يۇقىرىدا ئاتالغان كىشىلەرگە كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-مەسلىھەتى بويىچە قايتا سىزىلدى. شۇنداق قىلىپ، سادىر پالۋاننىڭ پورترېتى 1945 - يىلى «قازاق ئېلى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ رەسىم ھازىر پۈتۈن مەدەنىي ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەتتى...

سادىر پالۋاننىڭ يېرىم بەدەنلىك رەسىمى چۈشۈرۈلگەن باج ماركىسى ۋە ئىلى يامۇلىنىڭ رەسىملىرىگە كەلسەك، «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى» قۇرۇپ، پالۋاننى «تىرىلدۈرۈپ» ئارىمىزغا كەلتۈرۈشكە 30 يىل سەرپ قىلغان، سادىر پالۋان ھەققىدە 4 كىتاب يېزىپ، ئۇنى جۇڭگوغا، دۇنياغا تونۇتقان تۇرسۇن ياسىن مۇئەللىم ئالمائاتادىكى «سادىر پالۋان كۆرگەزمىخانىسى»دىن سېتىۋالغان ئىكەن.

بۇ يەردە يەنە، 300 يىل بۇرۇن ئىلىدا ئىشلەنگەن «ئالمىلىق» دېگەن خەت بار دۇنيا خەرىتىسى، سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا ئاساسەن سىزىلغان ماي بوياق رەسىملەر، كەم دېگەندە 40 يىللىق تارىخىي سۈرەتلەردە سادىر پالۋاننى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى بىلىدىغان يۇرت چوڭلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، قەبرىسىنى ئىزدەش، تېپىش، بېكىتىش جەريانىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ خىزمەتلىرى، سادىرنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى، پەي نەۋرىلىرىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار ئىدى...

XXX

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ موللاتوختى يېزىسى بارات مەھەللىسىدە—سادىر پالۋان تۇغۇلغان. بالىلىق، ياشلىقىنى ئۆتكۈزگەن تەۋەررۈك جاي. سادىر پالۋان مەقبەرىسى مۇشۇ مەھەللىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار، شەخسلەرنىڭ قوللىشىدا سادىرنىڭ ئەسلى قەبرىسىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان ئىكەن. مېنىڭ قەبرىنىڭ تېپىلىشى، جەزملىنىشى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات ئالغۇم كەلدى. خاتىرە ئۆيىدىن چىقىپ، تۇرسۇن ياسىن مۇئەللىمنى زىيارەت قىلدىم.

—سادىر پالۋاننىڭ تارىخىنى قېزىش، قەبرىسىنى تېپىش، جامائەتكە تەقدىم قىلىش ئاسان بولمىدى—دېدى ئۇ، گەپنى ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى جەريانىدا پىششىق ئىگىلىگەن سادىر تارىخىدىن باشلاپ،—غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئاقئۆزەن يايلىقىدا بىر ئۆڭكۈر بار. بۇ ئۆڭكۈرنى خەلقىمىز «سادىرنىڭ ئۆڭكۈرى» دەيدۇ.



ئاپتورنىڭ «سادىر پالۋان» خاتىرە سارىيىنى قۇرغان تۇرسۇن ياسىن مۇئەللىم بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى (2006 – يىلى)

مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە: سادىر پالۋان مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، ئېغىر جەڭلەردىن قايتقاندا، ئەشۇ ئۆڭكۈرنى ماكان قىلغان، قورال-ياراق يوشۇرغان، ئۇ

ئۆڭكۈرنىڭ تاشلار ساڭگىلاپ تۇرىدىغان نەم تورۇسىغا قاراپ يېتىپ جەك پىلانلىرىنى تۈزگەن، مەھەللىنى، خوتۇن-باللىرىنى سېغىنىپ تۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. بەزىدە ئۆڭكۈردىكى پىيادىلىرى بىلەن مانجۇلارنى رازۋېدكا قىلغان. ئۇ تۇرپانىيۈزى - جىلىلىيۈزى قورغاسىقىچە بېرىپ قوشۇن توپلىغان. دۈشمەن ئارىسىغا بەزىدە بوۋاي، بەزىدە ياش بالا سىياقىدا ياسىنىپ كىرگەن. ھەتتا، ئىت سىياقىدا ياسىنىپ، تۆت ئاياغلاپ مېڭىپ كىرىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. بەزىدە مانجۇ چېرىكلىرىدەك ياسىنىپ، ئۇلارنىڭ «ئەرخاڭ» ناخشىسىنى ئېيتىپ سېپىگە قوشۇلۇۋالغان. ئۇ ھەقىقەتەن باتۇر، چارە-تەدبىرلىك سەردار بولغان. كۆپ قېتىم خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان. كۆپ قېتىم تۇتۇلغان. دەھشەتلىك قىينالغان. مانجۇلار خۇددى ئۆكۈزنىڭ بۇرنىغا شۇلۇك ئۆتكۈزگەندەك ئۇنىڭ بۇرۇننى تېشىپ تۆمۈر شۇلۇك ئۆتكۈزۈشكەن. چېكىسىگە قىزىتىلغان تۆمۈر تامغا باسقان.گەۋدىسى شۇنچە زور پالۋىنىمىزنىڭ پەقەت باشمالتاق قولىغا كىرمەك سېلىپ دارغا ئاسقان. بىرىنچى قېتىمدىلا ئۇنىڭ قولىنىڭ باشمالتىقى ئۈزۈلگەن. ئۇ بېلىدىكى پوتىسىنى يىرتىپ، قانغا مىلەنگەن قولىنى چىڭ باغلاپ، شۇ كېچىسى ئاقئۆزەنگە قاچقان.

—سوئالىڭىزنىڭ نەق جاۋابىغا كەلسەك، پالۋاننىڭ قەبرىسى— ئۇنىڭ جەسەت سۆڭەكلىدىكى ئۈزۈلگەن بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىگە بېسىلغان تامغىنىڭ ئۇستىخانىدا قالدۇرغان ئىزىغا ئاساسەن جەزملەشتۈرۈلدى...

شۇنداق قىلىپ، ئادىدىي قەبرىدە ياتقان سادىر پالۋاننىڭ ئانا يەرنىڭ توپىسىغا سىڭىپ كەتكەن جىسمىنى پۈتۈنلەپ چىقىش مۇمكىن بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ روھىي تىرىلدۈرۈلگەن.



ئاپتورنىڭ «سادىر پالۋان» مەقبەرىسى زىيارىتى

—ھازىر بۇيەرگە كېلىدىغان ئېكسكۇرسىيەچى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ،—دېدى مۇئەللىم،—جەنۇب-شىمالدىكى شەھەرلىرىمىزدىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىنمۇ كېلىدۇ. پالۋاننىڭ قەبرىسى، خاتىرە ئۆيى ئەۋلادلارغا تارىخ، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرسى بېرىدىغان سورۇن بولدى. مەندىمۇ چوڭ ئارمان قالمىدى.

—مۇئەللىم، ئەمسە كىچىك ئارمانلار تېخى بار ئىكەن-دە؟

—سادىر پالۋان قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى، «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»نىڭ ئېچىلىشى مېنىڭ چوڭ ئارمانىمنى ھازىرچە قاندۇردى. باشقا ئارمانلار جىق. ئۇنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇراي دېگەن ئىدىم.

ۋاھ!بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوپالدىكى تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەريي بوۋىمىزنىڭ، يەركەنتتىكى مۇقامشۇناس ئامانىسا خانىشنىڭ ھەيكەللىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. يەنە قەھرىمان سەركىلەردىن بوۋىمىز غەنى باتۇرنىڭ قازاقىستاندىكى ھەيكىلىنىڭ تىكلىنىش ھېكايىسى يادىمغا يەتتى. بۇنىمۇ دەپلاۋېتەي-ھە!

1944 -يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قەھرىمانلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇرنىڭ يەنە بىر قەھرىمان ئەزىمەتى -- غەنى باتۇر 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچمەن بولغان.

ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، سەكراتقا چۈشكەندە بۇرادەرلىرىگە: «مېنى يەرلىكىمگە ئېلىپ كىرگەندە يۈزۈمنى قىبلىگە ئەمەس، ئىلىغا قارىتىپ قويۇڭلار. ۋەتىنىمنى كۆرۈپ ياتاي»دەپ ئۆتۈنگەنىكەن. بۇرادەر-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنداپ، يەرلىكىدە يۈزىنى ئىلىغا قارىتىپ قويغان. قەبرە تېشىنى، ھەيكىلىنىمۇ ئىلىغا قارىتىپ ئورناتقان ئىكەن.

—مىستىن ياسالغان ھەيكەللەر ھەم كۆركەم، ھەم چىداملىق بولىدىكەن،—دېدىم مەن، — 1941 - يىل 12 -ئاينىڭ 8 -كۈنىدىن 1944 -يىل1 - ئاينىڭ 17 -گىچە گېرمان ئارمىيەسى قامال قىلىۋالغان لېنىنگراد (سانكت--پېتىربورگ)نى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن رۇس ئوغۇل-قىزلىرى ئۈچۈن قاتۇرۇلغان، ئېگىزلىكى ئون مېتىرچە كېلىدىغان «ۋەتەن ئانا»نىڭ باتۇرلىرىغاگۈل ئۈرۈمىسى تۇتۇپ تۇرغان زور مىس ھەيكىلى، تۇنجى بولۇپ ئايغا قونغان گاگارىنىنىڭ موسكۋادىكى ھەم بەك ئېگىز، كۆركەم سۈنئىي ھەمراھ بىلەن بىللە قاتۇرۇلغان ھەيكىلى، ئۆزبېكىستاندىكى ئەمىر تېمۇر ھەيكىلى بەك ياخشى ساقلىنىۋېتىپتۇ. يەنە سانكت-پېتىربورگتىكى نېۋا دەرياسىنىڭ بويىدا نىكولاي (نىكولاي2)نىڭ ئات مىنىپ تاغدا كېتىۋاتقان ھەيكىلى بار. ئاتنىڭ ئۇڭ پۇتىنىڭ تاپىنىدا دەسسىلىپ، بېشى مىجىلغان يىلاننىڭ چاچراپ چىققان كۆزلىرىگىچە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. يەنە نېۋانىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى يۈزچە ئاتلىق چەۋەندازلار ھەيكەللىرىمۇ مىستىن بولغاچقا، بەزىلىرى ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان مەزمۇت تۇرۇپتۇ،—دېدىم مەن.

—سادىر پالۋان ھەيكىلىنى مېنىڭمۇ مىستىن

قاتۇرغۇم بار، —دېدى مۇئەللىم،—گەج ھەيكەل كۆركەم بولىدۇ، ئۆمرى مىس ھەيكەلدەك ئۇزۇن بولمايدۇ. بۇ مىس ھەيكەلنىڭ لايىھەسى، —ئۇ ئۇستەلگە لايىھە سىزىلغان قەغەزنى يېيىپ، پۈتكىنىگە بەش يىل بولغان، ئەمما، قەغەز يۈزىدىلا قېلىۋاتقان لايىھەنى كۆرسەتتى، — 60 مىڭ يۈەن بولسىلا، يېنىمىدىكى يىغقان-تۆككىنىمنى قوشسام يېتەتتى. «خاتىرە ساراي»نى قۇرۇش، باغ-ۋارانلانتۇرۇشقا 200 مىڭ يۈەن كېتەتتى. شۇڭا ئىقتىسادىمدا سەل ئۆزۈكچىلىك بولۇۋاتىدۇ...

«سادىر پالۋان خاتىرە سارىيى»نى زىيارەت قىلغىنىمغا ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتتى. مۇئەللىمنىڭ ئەپسۇسلانغان چىرايى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا بار، سادىر پالۋاننىڭ مىس ھەيكىلى ھازىرغىچە يوق!

سادىر پالۋاننىڭ مىس ھەيكىلىنى قاتۇرۇشقا كەملىگەن پۇلنى شۇ زامان-ماكانغا قويۇپ ئويلىسام بەك كۆپ بىلىنىدۇ، دۇنيادىكى ھەيكەلتىراشلىق بىلەن ئۆز تارىخىنى ئەۋلادىنىڭ،دۇنيانىڭ كۆز ئالدىغا تىكلەپ قويغان پاكىتلارغا باغلاپ ئويلىسام ناھايىتى ئاز پۇل ۋە ئاسان ئىشتەك بىلىنىدۇ.

1997 -يىلى 4 -ئاينىڭ 5 -كۈنى يەكشەنبە. كەنبېررادىكى «ئاۋسترالىيە ھەربىي مۇزېيى»نىڭ بۈككىدە دەرەخزارلىقىدا ۋېيتناملىق، ئامېرىكىلىق، ئاۋسترالىيەلىك...ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان نۇرغۇن ھەيكەللەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئېغىر يارىلانغان سەپدىشىنى ھېرىپ ھالى قالمىغان ئورۇق ئىشەككە ئارتىپ جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىققان بىر يارىدار ئەسكەرنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا توختاپ قالدىم. نېمىشقا؟

مەن شۇ كۈنلەرگىچە تارىخىي كىتابلار، كىنولاردىن جەڭ مەيدانلىرىدا پەقەت ئاتلارنىڭلا مۇھىم ياردەمچى بولىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن. ئېشەكنىڭ جەڭدە ئەسقاتقىنىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. شۇ بىر ھەيكەل تۈپەيلى ئېشەكنى ئۇچراتسام جەڭ مەيدانىدىكى ئەشۇ «ئۇلۇغ ئېشەك»كە ئوخشىتىدىغان بولۇپ قالدىم.

توۋا ! ھەيكەلمۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا شۇنچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىكەن—ھە؟! ئادەم مەنىۋىي ئوزۇققا تەشنا بولغاندا، بىر ھەيكەل، يەنى، ئېسىل بىر ئەدەبىي ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىنسانغا ئېستېتىك زوق بېرىش قىممىتىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن. چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن مەڭگۈ روھىي ئوزۇق بولالايدىكەن. ئەقىللىق ئىنسانلارنىڭ باتۇرلىرىغا، ئۇلۇغلىرىغا ھەيۋەتلىك، يىقىلماس ھەيكەللەر تىكلىشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن-دە!

ھەربىي مۇزېينىڭ تورۇسى گۈمبەز شەكلىدە يېپىلغان، مەركىزىي كۆرگەزمە زالىنىڭ بەش مېتىرچە ئېگىز سىرتقى تېمى پۈتۈنلەي قارا رەڭدە سىرلانغان. ئۇلۇق تەرىپىدە 2 –دۇنيا ئۇرۇشىدا، سول تەرىپىدە 1 -دۇنيا ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ نامى مىستا قۇيۇلۇپ تامغا ئورنىتىۋېتىلگەن ئىدى. ئىسىملار شۇنچىلىك كۆپكى، دۇنيادا ئادەم قالمىغاندەك...قاپقارا تامغا ئويۇلغان بەزى ئىسىملارنىڭ ئۈستىگە-ئۇدۇلىغا قىزىل ئاق چېچەكلەرنىڭ قىستۇرۇلغىنىغا ھەيران قالدىم. 90 يىل بۇرۇنقى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا، جەڭدە قۇربان بولغان سەپدىشىنى، قېرىندىشىنى، ئاتا-ئانىسىنى، بوۋا-مومىسىنى ياد ئېتىپ، ئۇلارنىڭ باتۇرانە روھىدىن مەنىۋىي ئوزۇق ئىزدەپ بۇيەرگە كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

قۇربانلار تىزىملىكى تېمىدىن نېرى كەتتىم. كۆپ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدىغان سېمونت كۆلچەك بويىغا چىقىپ قالدىم. كۆلچەكتە سۈپسۈزۈك سۇ جىمىرلايتتى. كۆلچەكنىڭ تۆردىگە، سۇنىڭ ئىچىگىلا يوغان مىس داس چىلاپ ئورنىتىلغان بولۇپ داستا قىپقىزىل ئوت لاۋۇلدايدۇ. ئۇلار دېمەكچى: «قەھرىمانلار ئۆلمەيدۇ!»

مەن كۆلچەككە ئېڭىشتىم. سۇ ئىچىدە نۇرغۇن تەڭگە پۇللار دۆۋىلىشىپ كېتىپتۇ. چۈشەندىم: «خالىس ئىئانە». مۇزېيۇمنى كېڭەيتىش، يېڭى ھەيكەل قاتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئاسراش...لار ئۈچۈن—چوقۇم!

شۇ چاغدا ئون ياشلاردىكى قىزچاق ئاپىسى بىلەن كۆل بويىغا كەلدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا بىر دوللار تەڭگە بەردى. قىزچاق ئۇنى سۇغا تاشلىدى. يالغۇز تەڭگە سۇنىڭ تېگىدە دۆۋىلەنگەن تەڭگىلەرگە قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئۇ خاتىرجەم بولۇپ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەندۈرەلمىدىممۇ -يوق! يەنە يېشىپ بەر دېسىڭىزمۇ مەيلى،يېشەي:

ئاۋات شەھەرلىرىمىزنىڭ كوچىلىرىدا ھەركۈنى موكىدەك چېپىپ يۈرۈپ پۇل تېپىۋاتقان، خەجلەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بىر تالدىن ئالىيۇمىن تەڭگە ئاتىسىمۇ، سادىر پالۋان، غەنى باتۇرنىڭ،شەپقەت-ھەمشىرەمىز رىزۋانگۈلنىڭ، ئالىم-ئەدىبلىرىمىزنىڭ، يەنە دېسەم، جوڭگودا ئۇدا بەش يىل بوكس پادىشاھى ئاتالغان ئابدۇشۈكۈر، ئۇيغۇر نامىنى ئولىمپىك تارىخىغا يازغان ئابدۇراھمانلارنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرمەسمىدى؟!

بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي مەشھۇرلىرىمىزنىمۇ، دەۋرداش مەشھۇرلىرىمىزنىمۇ قەدىرلىمىسەك، تونۇمىساق، دۇنيانى تونۇغىنىمىز-چۈشەنگىنىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

مەن «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»دىن قايتقان كۈنى ئاشۇنداق ئارمانلاردا پۇچۇلاندىم. ھازىرمۇ شۇنداق ئويلايمەن: ئۇقمىدىم-- قاچان، قايسى كۆلچەككە، ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن بىر تەڭگە پۇل بولسىمۇ تاشلاشنى كىم، قايسى ئەقىللىق ئىنسان باشلاپ بېرەركىن!...

مەن شۇنداق كۆلچەككە ھەركۈنى بىر تال تەڭگە تاشلاشقا رازى ئىدىم!

«ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى» 2003 - يىلى 6 -سانىدىن ئېلىندى



ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» ژۇرنالىستلىرى بىلەن بىرلىكتە سادىر پالۋان مەقبەرىسى زىيارەت خاتىرىسى (2003)



ئاپتورنىڭ تېلېۋىزىيە، گېزىت مۇخبىر - مۇھەررىرلىرى بىلەن بىرلىكتە سادىر پالۋان مەقبەرىسى زىيارەت خاتىرىسى (2005)




«سادىر پالۋان مەقبەرە خاتىرە سارىيى» زىيارەت بىلىتى(بىلەتنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە بېسىلغان قوشاقلار)



# بوُغدا كۆلىدىن پەرۋاز قىلغان ئاققۇ

ۋېنىرا ۋەلىجان ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. تەلەپچان ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئىزچىل ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن. ئەدەبىيات -سەنئەت، مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقى كىچىكىدىنلا كۈچلۈك بولۇپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، نۇتۇق سۆزلەش، ھۆسنخەت يېزىش، ئۇسسۇل ئويناشتەك قىزىقىشلىرىنى تەك ئېلىپ بارغان.

1994 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەت بالېت سىنىپى ئېچىلماقچى بولىدۇ. كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن ۋېنىرا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيەلەردىن قاتناشقان نەچچە مىڭلىغان نامزاتلار ئارىسىدىن تاللىنىپ تۇنجى قېتىملىق بالېت سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ. گەرچە ئۆيدىن كىچىكلا ئايرىلىش، جاپالىق مەشىقلەر ئېغىر كېلىپ نەچچە رەت تارام-تارام ياش تۆككەن بولسىمۇ، ئەمما ئاسانلىقچە بىر ئىشتىن ۋاز كەچمەسلىكتەك خاراكتېرى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ بۇ كەسىپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋېنىرا تىرىشچانلىقى بىلەن مەكتەپتە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. گەرچە سىنىپىدا يېشى كىچىك ھېسابلانسىمۇ، لېكىن مەيلى كەسپىي ياكى نەزەرىيەۋى دەرسلەردە بولسۇن سىنىپىنىڭ ئەڭ ئالدى بولۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇيدۇ.

1998 - يىلى بالېت سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يېڭى بىر تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بىر قىسىملىرى باشقا كەسىپنى تاللايدۇ، يەنە بىر قىسىملىرى دۆلەتلىك

بىر تۇتاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلۇپ، بالېت كەسپىنى ئوقۇتۇش تېخنىكىسى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان «شېنياڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل فاكۇلتېتى» غا ئەۋەتىلمەكچى بولىدۇ. ۋېنىرا يەنىلا بالېت كەسپىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىدە چىڭ تۇرغاچقا ھېچ ئىككىلەنمەيلا دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىدۇ. بىر نەچچە ئاي قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردىمىدە ( گەرچە شۇ چاغدا يېشى 16 گە توشمىغان بولسىمۇ) شۇ يىللىق دۆلەتلىك ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ۋېنىرانىڭ دادىسى ۋەلىجان ئەپەندىم شۇ چاغدا قىزىغا « قىزىم، سىزدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمىز، سىز مۇشۇ نەتىجىڭىز بىلەن ئالىي مەكتەپتىكى ئۆزىڭىز خالىغان ھەرقانداق بىر كەسىپتە ئوقۇيالايسىز. مەيلى سىز قانداقلا قارار چىقىرىڭ بىز قارارىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمىز ھەم ئاخىرغىچە قوللايمىز» دەيدۇ. ۋېنىرا «بۇ قەدەمنى باسقان ئىكەنمەن ئاخىرىغىچە داۋام قىلاي» دەپ شېنياڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ بالېت كەسپىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە بالېت كەسپىي بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىدۇ. «كەسپىي ھاياتىمدىكى ھەم تۇرمۇشتىكى ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىم شۇ مەكتەپ ئىچىدە ئۆتتى» دەپ ئويلايمەن دەيدۇ ۋېنىرا شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ. قىشنىڭ زېمىستان سوغۇقلىرىدا تۈزۈك پار يوق ياتاقلاردا پەلەي پوسمىلارنى كىيىپ ئۇخلاشقا مەجبۇر بولغاندىن سىرت، مەشىق زالىدا ئوقۇتقۇچىمىز سوغۇققا چىدىماي قېلىن پەلتوسىنى سالماي دەرس ئۆتسە، بىز دىرىلداپ تىترەپ تۇرۇپ مەشىق قىلاتتۇق. شۇنداقتىمۇ

ئوقۇشقا بىللە بارغان شۇ سۆيۈملۈك ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك بولۇپ ئىجىل -ئىناق ئۆتكەچكىمىكىن، شۇ جاپالار بىلىنمەپتىكەن، ھەم بىر بىرىمىزگە يار يۆلەك بولۇپ تىرىشىپ ئوقۇپ 3 يىل ئىچىدە بالېت كەسپىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ئىدۇق.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ۋېنىرا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قايتىپ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ بىر تۈركۈم ياش ئوقۇتقۇچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. جاپا مۇشەققەتتە قان-تەر تۆكۈپ ئۆگەنگەن كەسپىدە ئويلىغىنىدەك ئىلگىرى باسالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋېنىرا ئاتا ئانىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن چەتئەلگە، شۇنداقلا گېرمانىيەگە چىقىپ بالېت ئۇسسۇلىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىشكە بەل باغلايدۇ. بىر يىل تىل ئۆگىنىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ 2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ قار قېلىن ياغقان بىر كۈنى گېرمانىيە زېمىنىغا قەدەم قويىدۇ. ۋېنىرا بارماقچى بولغان ئۇنىۋېرسىتېت شۇ چاغدا گېرمانىيە بويىچە، بالېت كەسپىدە ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئادەتتە ئىمتىھان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى ،قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ۋېنىرا كېلىپلا 3 كۈندىن كېيىن ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ، ھەم شۇ كۈنىلا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ گېرمانىيىدىكى بالېت ئۇسسۇل كەسپىي ھاياتى باشلىنىدۇ.

ۋېنىرا مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا، تالانتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا نېمىس تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمايدۇ. « يات بىر دۆلەتتە ياشىغان ئىكەنمىز، شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى يەرلىكلەردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە بىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى تىل دېگەن ئاچقۇچ.»

ئۇزۇنغا قالماي ۋېنىرانىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى باھالىنىپ، ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان «دئائاد ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» (DAAD Stipendium für besondere Leistung)

ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا ۋېنىرا گېرمانىيەنىڭ ئوپېرا ئۆمەكلىرىدىن سەمپېر ئوپېراسى ( Semper Oper)، درېسدېن تىياتىرخانىسى (Schauspielhaus Dresden)، ماگدېبۇرگ ئوپېراسى (Oper Magdeburg) ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ (ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە) سەھنىلىرىدە ئويۇن قويۇپ، نۇرغۇن مول تەجرىبىلەرنى توپلايدۇ.

2006 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، براندېنبۇرگ ئۆلكىلىك دۆلەتلىك تىياتىرىغا ئاساسلىق يالغۇز كىشىلىك بالېت ئارتىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋېنىرا سەھنىدىكى ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتىنىڭ ۋە ئىپادىلەپ بېرىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تېزلا تونۇلۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە باھاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۆلكە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ياخشى باھالار بىلەن توختىماستىن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ.

«2008 - يىلى 10 -ئاينىڭ 5 -كۈنى مەن ئۈچۈن يەنە بىر ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى» دەيدۇ ۋېنىرا شۇ كۈننى قايتا ئەسلەپ. ماكس-گرۈنېباۋم فوندى (the Max Grünebaum Foundation) ھەر يىلى، سەھنىدە تۆھپىسى زور بولغان ئارتىسلارغا ۋە پەن-تېخنىكىدا نەتىجە ياراتقان ياشلارغا مۇكاپات تارقىتىدىغان بولۇپ، ۋېنىرا شۇ يىللىق بۇ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. (تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدىغىنى، بۇ مۇكاپاتنى مۇشۇ يىلغا قەدەر بىرمۇ ئۇسسۇل ئارتىسى ئېلىپ باقمىغان ئىكەن. ۋېنىرا بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇنجى بالېت ئارتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.)

«سەھنىدە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانامغا چەكسىز رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ياردىمى، تېخىمۇ مۇھىمى مىننەتسىز مۇھەببىتى بولمىغان بولسا، مېنىڭ بۇ كۈنگە كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»

ۋېنىرا ھازىرغا قەدەر سەھنىلەردە، نۇرغۇن بالېت ئوپېرالىرىدا ھەرخىل ئاساسلىق روللارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

### ئۇ رولغا چىققان كلاسسىك بالېت ئەسەرلىرىدىن :

«ئاققۇ كۆلى»، «جىزەل»، «ئۇيقۇدىكى مەلىكە»، «دونكىخوت»، «كوپپېلىيا»، «گۈل بايرىمى» قاتارلىقلارنى تىلغا ئالالايمىز.

### باش رولغا چىققان مەشھۇر ئەسەرلەردىن ئارىيە:

«رومېئو - جۇلىتتا» دا جۇلىتتانىڭ رولىنى ئالغان. (ۋىليام شېكسپېر ئەسىرى)

«ئەلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» دە ئەلىسىنىڭ رولىنى ئالغان. (لۇئىس كارول ئەسىرى)

«كىچىك سۇ پەرىسى» دە سۇ پەرىسىنىڭ رولىنى ئالغان. (ئاندېرسون چۆچەكلىرى)

«يەر شارى يادروسىغا ساياھەت» دە كىچىك قىز كىلارانىڭ رولىنى ئالغان. (ژيۇل ۋېرن ئەسىرى)

«يازدىكى بىر چۈش» دە ئاقسۆڭەك قىزى ھەرمىيانىڭ رولىنى ئالغان. (ۋىليام شېكسپېر ئەسىرى)

بۇلاردىن سىرت گېرمانىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تونۇلغان ئۇسسۇل رېژىسسورلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقماقتا.

«بالېت ئۇسسۇلى دۇنيادا ئەڭ ئېسىل سۈپەت ۋە گۈزەل ئېستېتىكىغا ئىگە دەپ قارىلىدىغان سەنئەتتۇر. مېنىڭ مۇشۇ كەسپتە ئازراق نەتىجە قازىنىشىم، كىچىكىمدىن سۆيۈپ، ئويناپ كەلگەن، مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئۇسسۇل ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر

ئۇسسۇلىمىزنىڭ تەسىرىدىندۇر. چۈنكى مەن تۇغۇلۇپ تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئاڭلىدىم، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تونۇدۇم. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى لەرزان ھەرىكەتلەر، گۈزەل ئىپادىلەشلەر مېنىڭ قېنىمغا قويۇق سىڭىپ، قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. سەھنىلەردە ئالاھىدە بولۇپ كۆزگە چېلىقىشىمىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا ئەنە شۇ ئۇيغۇرچە پۇراقنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ ئويلايمەن.»

## ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەرسخانىسىنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ جەريانى

– سىز يېقىندا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى تور دەرسخانىسىنى قۇرۇپ، بولۇپمۇ چەتئەلدىكى قېرىنداشلار ۋە ئەۋلادلار موھتاج بولۇۋاتقان بىر بوشلۇقنى تولدۇردىڭىز. بۇ ئىدىيەگە كېلىشىڭىزگە قانداق كۈچ تۈرتكە بولدى؟

– ئەسلى مېنىڭ كۆڭلىرىم سۆيگەن كەسپىمنى سەھنىدە يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئورۇنداش، ئائىلەمگە مېھىر-مۇھەببىتىمنى بېرىش، باللىرىمنى ياخشى تەربىيەلەش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتۈۋاتقان ئىدى. خۇددى باشقا ئارتۇقچە ئىشلارغا پەقەتلا ۋاقتىم يوقتەك ھېس قىلاتتىم. بىر قېتىم، يېقىنقى يىللاردا باللىرىمىزنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىگە زور كۈچ چىقارغان، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى توپلاپ، يېڭى«ئېلىپبە» نى تۈزۈپ چەتئەلدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىغا ئانا تىلىنى ئۆگىتىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىزدىنىۋاتقان دوستۇم گۈلنار ئىمام بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. گۈلنار چەتئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈۋاتقان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىزگە بولغان تونۇشىنىڭ ئازلىقىنى، مۇشۇ چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان بىرسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتى. گۈلنارنىڭ سۆزلىرى مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. قانچە ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى خۇددى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا ياشاۋاتقان شەخسىيەتچى كىشىدەك ھېس قىلىپ، ئۆزۈمدىن ئاغرىنىپ قالدىم. ئەسلى ۋاقىت چىقىرالماسلىق بىر باھانە ئىكەن. غەيرەت قىلسا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش يوق ئەلۋەتتە. مەن ئەتراپلىق ئويلىنىشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمنى، ئازغىنە بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىمنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، گۈلنارغا بۇ ئويۇمنى ئېيتقىنىمدا، گۈلنار ناھايىتى خوش بولدى، ھەم ئۆزىنىڭ دەل مۇشۇ جاۋابىمنى كۈتۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا مەدەت بەردى.

گەرچە بىز ئۆز ۋاقتىدا سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ بالېت كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىنىمۇ ئۆلچەملىك، سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ئىدۇق. ماڭا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ نەقەدەر نەپىس، گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئاشۇ تەلەپچان، قاتتىق قول پېشقەدەم ئۇستازلىرىم ئىبادەت ئابلىمىت، خەلچەم راخمان، تۇرانقىز ماموت، مەرھۇم ئىنايەت قۇربانلارنى ھۆرمەت ۋە سېغىنىش تۇيغۇسىدا ھەر ۋاقىت ئەسلەيمەن.

– دەرس ئۆتۈش پىلانىڭىز؟

– مەن دەرس ئۆتۈش پىلانىنى تۈزۈش جەريانىدا، ئوقۇغۇچى ۋاقتىمغا قايتىپ شۇ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قايتا ئەسلەشكە تىرىشتىم. ئۇستازلىرىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك نۇرغۇن مەزمۇنلار كاللامغا مەھكەم ئورناپ كېتىپتىكەن. يېرىم يىلغا يېقىن ماتېرىيال كۆرۈش، ئىزدىنىش ۋە ئۇستازىم ئىنايەت قۇربانىنىڭ يازغان «ئۇيغۇر ئۇسسۇل دەرسلىكى» كىتابىنى قايتا كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق تەييارلىغان تۇنجى سائەتلىك دەرسىمنى بۇ يىل 3 -ئايدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەرسخانىسىغا يوللىدىم. مەن ئىزدىنىش جەريانىدا دەرسلەرنىڭ پەقەت ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى، ھەرىكەتلەرنىڭ ئاتالغۇلىرى، ئۇسسۇللارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، تەرەققىياتى ۋە قايسى ئۇسسۇلنىڭ قايسى سورۇن، قانداق ۋاقىتتا ئورۇنداشنىڭ بەكرەك مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەجدادلىرىمىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇ گۈزەل ئاتالغۇلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا بىز كەسىپ ئەھلىلىرى زور كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك!




ۋېنىرا خانىمنىڭ 2017 - يىلى نەۋرۇز بايرىمىدا چۈشكەن سۈرىتى (گېرمانىيە)

مەن دەرسلەرنى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتىن باشلاپ ئۆتۈشنى پىلانلىغان ئىدىم. مۇقەددىمىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ھازىرغا قەدەر، قول ۋە پۇتنىڭ تۇراقلىرى، بېغىش ئايلاندۇرۇش، بېغىش ئويىنىتىش، چىراي ئىپادىلىرى، ھەرخىل قەدەم ھەرىكەتلىرى، داپ ئۇسسۇل بىرىكمىلىرى، مۇزىكىلىق ئۇسسۇللار، جۇلا، ساما ئۇسسۇللىرى پىلانلىغاندەك ئۆگىتىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە «سەنەم»،

«دولان ئۇسسۇلى» ۋە باشقا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن تونۇشىمىز. بۇ ئۇسسۇللار كوللىكتىپلىقنى تەلەپ قىلغاچقا، يېقىندا، دەم ئېلىشىمدىن پايدىلىنىپ تۈركىيە ئىستانبۇل شەھىرىدىكى دوكتور گۈلزادە تەڭرىتاغلى خانىمنىڭ «ئۇيغۇر سەنئەت مەركىزى» گە بېرىپ، شۇ يەردىكى تالانتلىق ياش ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى بىلەن بۇ ئۇسسۇللارنى مەشىق قىلىپ، دەرسىمگە مول ۋە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاپ كەلدىم. ماڭا شارائىت يارىتىپ بەرگەن قولى ئوچۇق، مېھرى ئىللىق گۈلزادە تەڭرىتاغلى هەدەمگە ۋە شۇ ئوت يۈرەك تىرىشچان هەۋەسكارلارغا يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

– كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىڭىز ياكى ئارزۇيىڭىز:

– دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىش ئېلىپ باردىم. قانچە چوڭقۇر ئىزدەنگەنسېرى، قىزىقىشىم شۇنچە يۇقىرى ئېشىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇسسۇل دەرسىنى ئۆتۈشتىن سىرت، زېھنىمنى ئۇيغۇر ئۇسسۇل تەتقىقاتىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئويلاۋاتىمەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىز بىر ئۆچمەس بايلىق. بۇ بايلىقنى ساقلاپ قېلىش هەم گۈللەردەك ئاسراش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

ۋېنىرا خانىم ئۆزىنىڭ كەسپىي بالېت هاياتىدىكى ئالدىراشچىلىقى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئۇسسۇل دەرسخانىسىنى ماڭدۇرۇپلا قالماي، ئۇ يەنە دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇسسۇل هەۋەسكارلىرىغا مۇشۇ ساھەدە مۇئەييەن دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە.

## مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار:

ماكىس-گرۈنبىباۋم فوندى 2008 - يىلى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر (the Max Grünebaum Foundation 2008 award winners )
http://max-gruenebaum-stiftung.de/preistraeger-2008/



ۋېنىرا ۋەلىجان ئەلىسىنىڭ رولىدا
(Marlies Kross فوتوسى)



ۋېنىرا ۋەلىجان ماكىس-گرۈنبىباۋم مۇكاپاتى ساھىبىسىدە (Marlies Kross فوتوسى)

ماقالەنىڭ بېشىدا ئىشلىتىلگەن سۈرەت: ۋېنىرا ۋەلىجان سەھنىدە
(Marlies Kross فوتوسى)

# ئۇيغۇر كارتون(قونچاق) فىلىم سەنئىتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئە. ئازات

يېقىندا، مەن ئوغلۇمنىڭ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ 80 - يىللىرى شاڭخەي گۈزەل سەنئەت كىنو ئىستۇدىيەسى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، تارقىتىلغان «نەسىردىن ئەپەندىم» ناملىق كارتون فىلىمىنى قىزىقىپ كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،خوش بولدۇم ھەم ھەيران قالدىم. چۈنكى چەتئەللەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ بۇنداق سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئانچە ئېنىق بولمىغان، ئىشلىنىشىمۇ غەرب دۆلەتلىرىدىكى كارتون فىلىملەرنىڭ ئىشلىنىش سەۋىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تۆۋەن فىلىملەر كۆرۈشى بىر قەدەر ئاز بولسا كېرەك.

كارتون فىلىمدا، بازارغا ماڭىدىغان چوڭ يول بويىدا بىر باينىڭ چوڭ ھويلىسى بولۇپ، ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا ھويلىغا ۋە ھويلىنىڭ كەڭ ئايۋانلىرىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ بارلىقى، دېھقانلار ۋە يولۇچىلار تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ- ئېچىپ كېلىپ، شۇ ئۈجمە سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا باي چىقىپ «ماڭ كېتىش، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش، بۇ مېنىڭ دەرىخىم» دەپ قوغلايدىغانلىقى، نەسىردىن ئەپەندىم باينىڭ بۇ پەسلىكىگە، پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپ، باينىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپ قازى، ئىماملارنى شاھىت قىلىش ئارقىلىق بايغا «مەن ھويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ ئۈجمىنىڭ سايىسىنى نەسىردىن ئەپەندىمگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جامائەت ئالدىدا ساتتىم تاكى ئۈجمە ئۆزى قۇرىپ يوقالغۇچە ئۇنىڭ سايىسىدىن نەسىردىن ئەپەندىلا ئەمەس ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرىمۇ ھەر قاچان، ھەر زامان بىمالال پايدىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا مەن ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرىئەت ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي» دېگەن گەپلەر يېزىلغان بىر توختامنامە يازغۇزۇپ، توختامنامىگە ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھ-شاھىتلار قول قويغۇزغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن، نەسىردىن ئەپەندىم كۈندۈزلىرى بازارغا ماڭغانلاردا ۋە قايتقاندا ئۈجمىنىڭ سايىسى نەگە چۈشسە شۇ يەرگە كېلىپ بەخىرامان ئىغىنايدىغانلىقى،كېچىلىرى ئۈجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىدە ئەل- ئاغىنىلىرى بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشىپ بايغا ئارام بەرمەيدىغانلىقى، ئاخىرى باي بۇ دەردلەرگە چىدىماي ئۈجمە سايىسىنى ئۆزى ساتقان باھادىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھاغا قايتۇرۇپ سېتىۋالغانلىقى قاتارلىق جەريانلارنى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ يۇمۇرلۇق ئوبرازى، ئۆتكۈر ھەجۋىي تىلى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئېكرانىدا ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك،نادانلىق، جاھانخورلۇققا ئوخشاش ناچار خاھىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

مەن ئوغلۇمغا كارتون فىلىمدىكى خۇش پېئىل، سۆزمەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئاشۇ مەزمۇننى چوڭقۇر،قىزىقارلىق لەتىپە - پاراڭلىرى ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك، جاھانخورلۇق، چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس شۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە سازاۋەر بولغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا، كارتون فىلىم سەنئىتىنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا، ئۇنى تار دائىرىدە «بالىلار ئۈچۈنلا ئىشلەنگەن كارتون فىلىم» دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق كارتونلارنىڭ كىچىك بالىلارلا ئەمەس بىر قىسىم چوڭلىرىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

بۇرۇن، كارتون فىلىملارنى زادىلا كۆرمەيتتىم، پەقەت كىچىك بالىلارلا كۆرىدۇ،چوڭلارنىڭ بۇنداق كارتون بىلەن نېمە ئىشى دەپ ئويلايتتىم. ئوغلۇمنىڭ نەسىردىن ئەپەندىم ناملىق كارتون فىلىملىرىغا بولغان قىزىقىشىغا قاراپ، كارتون فىلىم سەنئىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ھەممىدە، ئۇيغۇر كارتوچكىلىق سەنئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە بىلىپ باقايچۇ دېگەن مەقسەتتە ماتېرىيال كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كىرىپ ماتېرىيال ئىزدىدىم. ئەپسۇس، ماتېرىيال ئىزدەش دائىرەم تارمۇ ياكى بۇ توغرىسىدا كۆپ ماتېرىيال يوقمۇ ئىشقىلىپ ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان قانائەتلىنەرلىك بىرەر ماتېرىيال ئۇچرىتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، كارتون فىلىم سەنئىتىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك سوئاللار بويىچە چۈشىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

ئۇنداقتا، كارتون(قونچاق) فىلىم سەنئىتى زادى قانداق سەنئەت؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن كارتون فىلىملەر بىر قەدەر ئاز؟ ئۇيغۇر كارتون فىلىم سەنئىتىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى كارتون فىلىم ئارقىلىق سەبىي بالىلىرىمىزنىڭ

ئىدىيەسىگە سىڭدۈرەلەيمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى كارتون فىلىمنى چۈشىنىشتىن باشلاش كېرەك.

كارتون(قونچاق) فىلىم سەنئىتى – ئارقىمۇ - ئارقا سىزىلغان رەسىملەرنى تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئېكراندا كۆرسىتىشى يەنى ھەرىكەتلىك رەسىم سەنئىتىدۇر. شۇنداقلا رەسىم ئارقىلىق سەنئەت ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەتتۇر. ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك ئەلۋەتتە،كارتون فىلىم سەنئىتىنىڭمۇ ئۆزگىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى بار. كىمدۇر بىرى كارتون فىلىم ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە توغرا قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بەرگەندىن سىرت ياشلارنىڭ ئىستېتىك ھېسسىياتىنى غىدىقلاشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئىكەن. مانا بۇ كارتوننىڭ سېھرى كۈچى.

ئۇنداقتا بىزدىكى كارتون فىلىم سەنئىتى چۈشەنچىسى قاچاندىن باشلانغان؟ مېنىڭچە، بىزدىكى كارتون فىلىم سەنئىتىنى تونۇش 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى90 - يىللىرىنىڭ باشلىرى مودا بولغان ياپونىيەدە ئىشلىنىپ تارقىتىلغان «گۈل پەرىسى»، «ماركو»، «ئەقىللىق يىشىيۇ»، «مىم» قاتارلىق ئېسىل كارتون فىلىملار، خىتاي كارتون فىلىملىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «مايمۇن پادىشاھىنىڭ ئەرشىنى قالايمىقان قىلىشى»، «سەرگەردان سەنماۋ»غا ئوخشاش ئاز بىر قىسىم تەرجىمە كارتون فىلىملەرنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا قويۇلۇشىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بىز كارتون فىلىم سەنئىتى بىلەن تونۇشقىلى شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ تا يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇر كارتونچىلىق سەنئىتىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىلگىرىلەشلەر بولمىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتلىرىمىز گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىزنىڭ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان لەتىپە، چاقچاق، چۆچەكلىرىمىزگە ئوخشاش ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىمىز كارتون فىلىمدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بەلكىم، بىزدىكى كارتون فىلىملەرنىڭ روناق تاپالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر بىرىنچىدىن ئاشۇ يىللاردا، جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ كارتون فىلىمغا بولغان چۈشەنچىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇشى، ئىككىنچىدىن، بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلار شۇنداقلا بۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەر ئاز بولۇشى، ئۈچىنچىدىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر ۋە چەتئەللەرگە چىقىپ كارتون ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۆگىنىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك. تۆتىنچىدىن، كارتون فىلىم ئىشلەش جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە خادىملىرىمىزنىڭ كارتون ئىشلەشكە ئىقتىساد يەتمىگەن بولۇشى، بەشىنچىدىن، كارتون فىلىم كەسپىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز خىزمەت تەقسىماتى تۈپەيلىدىن باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

2000 - يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كومپيۇتېر ساھەلىرىدە نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم شىركەتلەرلا، ساناقلىق بىر قىسىم كارتون فىلىملەرنى ئىشلەپ بازارغا سالدى. ئەمما ئىشلەنگەن بۇ ئاز ساندىكى كارتون فىلىملار ئۇيغۇر كارتون فىلىم سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىدى.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب»، «سورىغان بىلىم ئالار، ئۇيالغان كېيىن قالار» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ماقالە-تەمسىللەرنى قالدۇرغان ئىكەن. مۇبادا بىز ئەنە ئاشۇ ماقال - تەمسىللىرىمىزدىن ئۈلگە ئېلىپ، مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى كارتون فىلىم ھەۋەسكارلىرى بولسۇن مەيلى ۋەتەندىن چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىققان، چەتئەللەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كارتون سەنئىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامېرىكا، ياپونىيەگە ئوخشاش تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ كارتون فىلىم سەنئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆگەنسە، شۇ ئاساستا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى توغرا ئىشلىتىپ، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان كارتون فىلىملەرنى ئىشلەشتىن ساقلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان نۇرغۇنلىغان سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى كارتون فىلىملەرنى ئىشلىسە، تارىخى قىممىتى زور ئەپسانە-رىۋايەتلىرىمىزدىن ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتسا ئۇ چاغدا، پاك، سەبى، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز باللىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ چەتئەللەردە چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماي يەنە بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭمۇ ئەقلى زېھنىنى ئېچىشقا، مىللىي كىملىكىنى تونۇشقا ياردىمى بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر كارتونچىلىق سەنئىتى ئاجىز بولۇشتەك بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ بۇ ساھەدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولار ئىدۇق.

ھازىرقى يەنە بىر مەسىلە، پەرزەنتلىرىمىزگە مەدەنىيەت ئۆگىتىش ئەلۋەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئەمما رېئال تۇرمۇشتا، كۆپلىگەن ئاتا- ئانىلار خىزمەت، ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بالىلىرىنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار «بالىلار چوڭ بولغاندا ئۆزلۈگىدىن ئۆگىنىۋالىدۇ» دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ ئىلمىي كۆز قاراش ئەمەس. بۇ بالىلارنىڭ تەربىيەسىگە دەخلى قىلغانلىق.

فىرانسىيەنىڭ 18 - ئەسىردىكى ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى خىلۋېتىوس: «ئادەتتىكى بالا بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت تەربىيە مۇۋاپىق بولسىلا، خاسىيەتلىك كىشى بولالىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن.

دەرھەقىقەت، باللارنىڭ ۋاقتىدا ئېرىشكەن تەربىيەسىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمۈرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تەربىيەسىگە ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ تىز پۈكمەس مەجبۇرىيىتى بار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام بولغان كارتون فىلىملار ئۆزىنىڭ سېھىرى كۈچى بىلەن باللارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ ۋە تونۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت باللارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، تىل ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ، ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن ئاتا-ئانىلار بىر تەرەپتىن بالىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى يېتىلدۈرىدىغان كارتونلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باللار چۈشىنەلمەي قالغان مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ قويۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا، باللارنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ كارتون فىلىمنى ئۇزۇن كۆرۈشىنى، كارتون فىلىمغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشىنى توسۇش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، باللارنىڭ دالا پائالىيەتلىرى ئازلاپ، تەن ساغلاملىقىغا زىيان يېتىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاتا- ئانا بولغۇچى چوقۇم بالىلىرىنىڭ كۆرىدىغان كارتونلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، كارتون فىلىم كۆرۈش ۋاقتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا،كارتون فىلىم ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان ئىلغار سەۋىيەلىك كەسىپ ئەھلىلىرىمىز ئۆز تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر كارتون فىلىم سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتى كۈچ بېغىشلاپ، كەلگۈسى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرى بولغان بالىلىرىمىزغا خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال-تەمسىل، لەتىپە-چۆچەك، ھېكمەتلىك سۆزلىرىمىزنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بويان ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنى، كىيىم-كېچەك ئالاھىدىلىكلىرىنى، يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىنى، ئولتۇراقلىشىش، ھۈنەر - كەسىپ، گۈزەللىك ئادەتلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تېبابەتچىلىك، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، ھېيت-بايرام، ئېتىقاد، تەنتەربىيە، سەنئەتكە ئوخشاش ئۆرۈپ-ئادەتلەرنى، ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەتلىرىمىز مۇجەسسەملەنگەن، مىللەتنىڭ قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان كۆرۈنۈشى بار كۆپلىگەن كارتون فىلىملەرنى چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق قىلىپ ئىشلەپ، بالىلىرىمىزغا يەتكۈزۈشى كېرەك.بۇنىڭ بالىلىرىمىزغا بولغان تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بەكمۇ زور. شۇ چاغدا، بەزەن بىر ئاتا--ئانىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرىنى بالىلىرىغا چۈشەندۈرۈپ قويالماسلىقتەك ئەھۋاللار يۈز بەرمەيدۇ-دە، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىدۇ.

مانا بۇلار بىزگە كارتون فىلىمنىڭ تەربىيەۋى قىممىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىمىزغا خاس، مىللەتكە ياراملىق كارتون فىلىم ئىشلىگۈچى خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىز تەسۋىرلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان كارتون فىلىملىرىمىز، ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ كارتون فىلىملىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئىشلىنىپ، نۇرغۇن تىللىرىغا تەرجىمە قېلىنىپ، خەلقئاراغا تونۇلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :

«مىراس» ژۇرنىلى 2009 -يىلى 6 - سان.
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2010 -يىلى 5 - سان.
«ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 -يىلى 8 - ئاي
«ئۇيغۇر خەلق ماقالە - تەمسىللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1978 -يىل نەشرى.
ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا كىنو-تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 -يىلى 8 - ئاي.
«باللار پسىخولوگىيەسى ۋە تەربىيەسى ھەققىدە» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 -يىلى 7 - ئاي.



# باللار ئەدەبىياتى

## شېئىرلار

ئاۋايدۇللايېۋا دىلنارا (قازاقىستان)
«تۆگمەن ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋى مەكتەپكىچە بولغان ئىخچام مەركىزى بىلەن» مەملىكەتلىك مەھكىمىسىنىڭ 8 -سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### ئانا — تۆگمەس ناخشا

ئانا دېگەن ئېسىل ئىنسان،
ئالەم كەزسەڭ تېپىلماس.
ئانا دېگەن مېھرى دەريا،
بالا ئۈچۈن ھېچ هارماس.

ئانا قەلبى بالا ئۈچۈن،
يېنىپ تۇرغان شام چىراغ.
پەرۋانە بوپ بالا ئۈچۈن.
ھەسرەت چېكەر كۆپ پىراق.

ئانىلارنى قەدىرلەيلى،
تىرىكىدە بىز ھەر دەم.
ناخشىلاردا كۈيلەپ دائىم،
بولسۇن خۇشال ئۇ ھەمدەم.

يىراقلاردا يۈرسەم كېزىپ،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسەن.
قانىتىم بولسا ئۇچۇپ،
شۇ مەھەل يەتسەم دەيمەن.

مەن ئۈچۈن جاپا چېكىپ،
قاداق بولدى قوللىرىڭ.
مېھنىتىڭنى دائىم ئەسلەپ،
يۈرەر ئوغۇل ھەم قىزىڭ.

### قۇتلۇق يېزام — تۆگمىنىم

تۆگمەن دېگەن يېزام بار،
تاغ باغرىغا جايلاشقان.
ئەتراپى تولغان يېشىلزار،
مېۋىلىرى زەپ پىشقان.

تىل تەگمىسۇن خەلقىمگە،
قابىلىيىتى يېتەرلىك.
ئارتىستلارمۇ بار بىزدە،
چىقتى تالاي تالانتلىق.

ئەۋلىيا چوققىسى بىلەن،
مەشھۇر بولغان تۆگمىنىم.
قەد كۆتۈرۈپ تۇرىسەن،
ساپ ھاۋا، ئانا يۇرتۇم.

### ھايات كۈرەش

ھايات كۈرەش ھەممىمىزنى سىنايدۇ،
بىردە يىغلاپ، بىردە كۈلۈپ يۈرىمىز.
تەقدىرىڭگە تەن بېرىسەن ئەسلىدە،
پېشانىگە يازغىنىنى كۆرىمىز.

ئېقىن سۇدەك ھايات ئاستا ئۆتمەكتە،
بىلىندۇرمەي ئاق سانجىدى چاچلارغا.
باللىقىم ئارتتا قالدى كەلمەسكە،
خاتىرەمدە مەڭگۈ قالدى ئەسلەتمە.

بۇ ھاياتقا مېھمان بولۇپ كەلدۇق بىز،
لەززەتلىنىپ ئۆمۈر سۈرۈپ ياشايمىز.
ئويمان چوڭقۇر، سىناقلاردىن سۈرۈنمەي،
ئالغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلايمىز.

ھايات شادلىق ، ھايات تاتلىق ئەزەلدە،
تەقدىر يازغان بىر كېمىدە ئۈزىمىز.
ئۆم بولايلى بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
خۇدا بەرگەن ياشنى ياشاپ ئۆتۈمىز.

# نۇزۇگۇم

ماخامېتژانوۋا سابىنا (قازاقستان)

№28 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 9 - گ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، تالغىر ناھىيەسى، بېساغاش يېزىسى

## نۇزۇگۇم

قارا كۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم،
باتۇر يۈرەك، ياش قەھرىمان ئاتالدىڭ.
چۈنكى مانجۇ - خىتايلارغا بويسۇنماي،
قېچىپ چىقتىڭ زۇلۇملىقتىن قورقماستىن.

پانالىدى كەتمەن ئۆڭكۈر-تاغلارنى،
قېچىپ يۈرۈپ، قومۇشلۇقتا ئۇخلىدى.
ئۇيغۇر قىزى، باتۇر قىزچاق نۇزۇگۇم،
ۋىجدان ئۈچۈن جەڭگە يالغۇز ئاتلاندى.

قالدى پەقەت نۇزۇگۇمدىن قوشاقلار،
شۇ قوشاقتا ئەجدا بولغان ھاياتى.
چۈدا بولدى بېشى ئەپسۇس تېنىدىن،
مانجۇ - خىتاي جازالىدى نازۇكنى.

قارا كۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى نازۇكنىڭ،
ئالەم، دەردكە تولدى ياشلىق ئۆمۈرى.
ئۇنتۇلمايدۇ ھېچ قاچاندا باتۇرلۇق،
مەڭگۈ ئەسكە ئالار سىزنى ئۇيغۇرۇم.



سابىنا ۋە ئوقۇتقۇچىسى مۇسايېۋا گۈلمىرا ئازات قىزى

# خەلقىمگە

ئادىكېرىموۋا دىيارا (قازاقستان)

ئادىكېرىموۋا دىيارا

ئى.ساتتاروۋ ئورتا مەكتىپى، ك.م.م. ( 8 - ب) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، غەيرەت يېزىسى.

## خەلقىمگە

تۇرسىمۇ كۆزىدە ئازاب - مۇڭ
ھېلى بار ئاۋازىڭ، ئۆز سۆزۈڭ.
يۈرتۇڭدا يىقىلماي، رۇسلىنىپ،
بىلمەن يېتىدۇ تۆزۈمىڭ.

كەتسەكمۇ تېرىقتەك ھەر تەرەپ،
تېڭىشىپ، ئېڭىشىپ، تەمتىرەپ.

كېلەچەك ئەۋلاد بار ئىس يانار،
تەقدىرىڭدىن كەتمە ئەنسىرەپ.

ھازىرچە ئەگمىگەن بېشىڭنى،
ئاققۇزما نائىلاج يېشىڭنى.
تۆك يېشىڭ بولغاندا ئەل-ئازاد،
مەنمۇ ئوقۇي شۇ كۈنى-بۇ شېئىرنى.




# شۇبۇرشۇن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

ئالېس كارليوكېۋىچ (بېلورۇسىيە)

## 1 ـ دەرياغا قايتىش

ۋېرونىكا ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمايۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئىدى. ئادەتتە، ئۇ تىپ -تىنىچ، ھېچكىم بىلەنمۇ كارى يوق بالا ھاشارات ئىدى. بىراق، قىزچاق كۈندىلىكىنى جىلتىسىغا سېلىشىغىلا، ئۇ تىمىسقىلاپ نېمىنىدۇر ئىزدەشكە باشلايدۇ.

ئۆزى كىچىككىنە، دومىلاق، بۇرۇنى ئۇچلۇق بۇ تەرسا، كۈندىلىكنىڭ ھەربىر بېتىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. دەرسلەرنىڭ نامى ئالغان نومۇر بويىچە يۇقىرىدىن-تۆۋەنگە تىزىلغان بولىدۇ. ئۆيدە بولسا ۋېرونىكا ئۆي تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن دەپتەر-كىتابلىرىنى، كۈندىلىكىنى رەتلەشكە باشلىغاندا، شۇبۇرشۇن دەرھال سەكرەپ ئۈستەلگە چىقىۋالىدۇ. ۋېرونىكا شۇبۇرشۇنىنىڭ كەيپىياتىنى - كۆڭۈللۈك ياكى بىئارام ئىكەنلىكىنى بىردىنلا سېزىۋالىدۇ. ئەگەر كۈندىلىكتىكى نومۇرلار 7دىن تۆۋەن بولمىسا، ئۇ خۇشاللىقىدىن كنوپكىدەك ياپىلاق تېنى كۆپۈپ، ھەقىقىي كولوبوكقا ئايلىنىدۇ. يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك شادلىنىپ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇچلۇق تۇمشۇقى يوغىناپ، قىزىرىشقا باشلايدۇ. ئالتە، بەش، تۆت دېگەن نومۇرلارنى كۆرۈنگەندە بولسا، بۇ چېپىلاڭغۇ تىڭچى زادىلا ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ تۈكلىرى ھۈرپىيىپ، كۆزلىرى دۈپ-دۈگىلەك بولۇپ، چەكچىيىپ كېتىدۇ. شۇبۇرشۇن ھاۋا يەتمەيۋاتقاندەك تىنىماي ئەندىكىپ، دۇدۇقلاپ گەپ قىلىدۇ:

– ۋېرو، ۋېرو-نى-كا! سەن، سەن ئەدەبىيات دەرسىدىن نېمانداق ناچار نومۇر ئالدىڭ؟ سەن ھەجەپ كۇپالىنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرمەيسەن ھە؟! – بالىقاي شائىرنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ۋېرونىكا ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى. شۇبۇرشۇندىن ئۆزىنىڭ بۇ كەمچىللىكىنى تېز ئەپۇ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. گاھىدا بۇ تەرسا تىڭچى ۋېرونىكىنى كۈنىگە ئىككى-ئۈچ رەت سوراق ئاستىغا ئالاتتى. ئۇنداق چاغلاردا ۋېرونىكا چىشىنى لېۋىگە بېسىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ تېلېفون ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىماسقا سالاتتى. ھەتتا كومپيۇتېرغىمۇ يوللاپ قويمايتتى. ھېسابلارنى دىققەت بىلەن ئىشلەپ، شېئىرلارنى يادقا ئالاتتى.

گېيولوگىيەلىك گىلوبۇسىنى 3 ـ 4 قېتىم ئايلاندۇرۇپ، يەر-سۇلارنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ ناملىرىنى ئەستە ساقلاشقا تىرىشاتتى. تۈنگە يېقىن ھېرىپ، چارچاپ كەتسىمۇ، ئەتە

---

* 1- ئىيون خەلقئارا باللارنى ھمايە قىلىش كۈنگە بېغىشلانغان باللار رومانى بولۇپ، ئالمۇتا «مىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنغان. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندىن باشلاپ ھەر ساندا بىر باپ ئېلان قىلىنىدۇ.

ئەلا باھالار ئېلىپ، شۇبۇرشۇن بىلەن قايتىدىن دوستلارغا ئايلىنىشقا ئىنتىلىدىغان قىزچاق ئارامخۇدا ئۇيقىغا كېتەتتى.

ئامما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋېرونىكا بىلەن شۇبۇرشۇن رەسمىيلا ئۇرۇشۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككى تۇغقان ھەدىسى، يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ناتالىيانىڭ تۇغۇلغان كۈنى يۈز بەردى. ناتاليا دوستلىرىنى ھەپتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا مېھمانغا چاقىرغان ئىدى. ئوغۇل-قىزلار كۆڭۈل كۆتۈرۈشۈپ، ھەرخىل مەززىلىك تائاملار، تاتلىق-تۈرۈملارنى يېيىشتى. ئاندىن كەچكى سپانس – كىنوغا بېرىشتى. ۋېرونىكا دوستلىرىغا ئۆي تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولالمىغانلىقىنى ئېيتىشقا ئۇيالدى. شۇبۇرشۇن بۇنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، جىلتىسىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى.

ئەتىسى ماتېماتىكا دەرسىدە مۇئەللىم ۋېرونىكىنى تاختىغا چاقىرمىدى. لېكىن ئۇ ئەدەبىيات بىلەن گېئولوگىيەدىن 4 دېگەن تۆۋەن نومۇر ئالدى. خىتاي تىلىدىن بولسا ئارانلا 3 نومۇر ئالدى. خۇداغا شۈكرى، تەنتەربىيە ۋە ئەمگەك دەرسلىرى ۋېرونىكىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. ئۇ يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ھەممىدىن ئۆزۈپ، 10 دېگەن يۇقىرى نومۇر كۈندىلىكىگە يوغان قىلىپ يېزىلدى. ئەمگەكتىن بولسا ئۇ تەييارلىغان، قىزىرىپ پىشقان، ئەڭ مۇھىمى ھەممىسىگە يېقىپ كەتكەن بوغۇرساقلار، يەنە بىر يۇقىرى نومۇر ئەكەلدى.

ئۆيگە كەلگەندە قىزچاققا يەنە قىزىرىشقا توغرا كەلدى. شۇبۇرشۇن ۋېرونىكىنى «گاچا» دەپ مەسخىرە قىلدى. ھە، ئۇ بولسا ئاقلانماقچى بولۇپ، بەزى باللارنىڭ بىر كېچىدىلا خىتاي تىلىنى ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، باللىقاينىڭ تېخىمۇ جەھلى چىقتى. گېئولوگىيە ھەققىدە بولسا ۋېرونىكا مۇنداق دېدى:

– دادام ماڭا ئاجايىپ بىر نوۋۇتبۇك سوغا قىلدى! ئەندى مەن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ھەرقانداق ئەل، ھەرقانداق شەھەرنى ئوڭايلا تېپىۋالىمەن!.. يېتەر ئەمدى، مېنى ئۆگىتىشىڭنى قوي!

– ئەڭ مۇھىمى، سەن ئاشۇ كومپيۇتېردا بېشىڭنى يىتتۈرۈپ قويما! – دەپ رەنجىدى شۇبۇرشۇن ۋە،–ھە، مەن ئەمدى ئۆز ماكانىمغا كېتىمەن، – دەپ قوشۇپ قويدى.

ۋېرونىكا ئۈستەلدىن - ئورۇندۇققا، ئاندىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭغان، مەكتەپتىكى ۋە شەخسىي ھاياتىدىكى سىرلىرىنى ئېيتىدىغان ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. قىزچاق ئۇنىڭغا دوستانە ئىللىق گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، بىراق ئاغزىدىن:

– بېشىڭ قايغان ياققا كېتىۋەر، – دېگەن سۆز چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

ۋېرونىكا ئەسلى شۇبۇرشۇننى ئورمان يېنىدىكى ئانچە يوغان ئەمەس بولوچانكا دېگەن دەريا بويىدىن تېپىۋالغان ئىدى. ئېنىقراقى – شۇبۇرشۇن ئۆزى قىزنىڭ دەريا بويىدىن يىغىۋالغان گۈللىرىنىڭ بىرىگە يېپىشىۋالغان. دەسلەپ بۇ قاپ-قارا، كىنوپكىدەك دۈپ-دۈگىلەك ھاشاراتنى بايقىمىغان. كېيىن شۇبۇرشۇن ئادەملەر ئوخشاش سۆزلىگەندە چۆچۈپ كەتكىنىدى. ئاندىن ئاستا- ئاستا بىر-بىرىگە ئۆزلىرى ھەققىدە ۋە بىلگەنلىرىنى ئېيتىشىپ، دوستلىشىپ كەتكەن.



...شۇبۇرشۇن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولوچانكا دەرياسىنى قانداق تېپىپ بېرىشنىمۇ بىلمەيتتى. شەھەرگە ئۇ ۋېرونىكىنىڭ دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا كەلگەن. يولنى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئەستە ساقلىمىغانتى. ئۇنىڭ ئەندى مىجەزى ياخشى بولسىمۇ، ھۇرۇن ئوقۇغۇچى قىزنىڭ كۈندىلىك دەپتىرىنىڭ ئىچىدە ئارتۇق ياشىغۇسى كەلمەيتتى. پەلەمپەيلىك ئايۋانغا دۈگىلەپ چىقىۋالغان باللىقاي ئۇزۇن سەپەر ئالدىدا ئازراق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن خىلۋەت بۇلۇڭغا تىقىلدى. شۇ يەردە خاتىرجەم، كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە ئويلانماقچى بولدى. ئالدا ئۇ سۆيۈملۈك ئورمىنى ۋە دەريا بىلەن يەنە دىدارلىشىپ، تازا ھاۋاسىدىن قانغىچە تولۇق نەپەس ئالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى خۇش بولاتتى. ئېنىنى تاپسا بىرەر خەشەكنى قولۋاق قىلىپ، بولوچانكىنى بويلاپ، سەپەرگە چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەۋزىلى – مۇنۇ جېنىغا پاتقان قالايمىقان شەھەردىن بىرە-تولا قۇتۇلىدۇ. ھە، ۋېرونىكا بولسا... «جەزمەن تالاي پىغان چېكىدىغان، ئېچىنىدىغان بولىدۇ»، دەپ ئويلىدى شۇبۇرشۇن. ھەتتا يېنىپ بېرىپ: «دوستلارنى يىتتۈرۈش ئوڭاي، تېپىش قىيىن»، دېمەكچىمۇ بولدى. بىراق بۇ ئويىدىن يالتايدى...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شېئىرلار

مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە)

## پاتقاق

دېڭىز،
چىلاشقان لىققىدە ياشقا.
تاشلار،
شامالغا تەڭكەش ئۇسۇلدا.
ئاياغلىرىم پېتىپ پاتقاققا
ئۈزمەكتىمەن قارشى قىرغاققا.
شۇنداق بىر تۇيغۇ،
«يۈگۈرمەكتە قاراپ قىپيالىڭاچ هاياتقا»

## سەھەرنىڭ ئاخىرى

يوللار،
كېسىپ ئۆتمەكتە مېنى
خۇددى سېنىڭ كۆزۈڭدەك.
ئۆسمەكتە،
قۇدۇق ئىچىدە بىر تال ئەتىرگۈل
ئىككىگە بۆلۈندى تولۇنئاي شۇندا.
ئۇ بىر ناخشا
ئوخشار ئېدى پەقەت ساڭىلا.

ھەر سەھەرنىڭ ئاخىرى
ئايلىنىدۇ گۈزەل ناخشىغا.
يەكشەنبە كۈنى، ئۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى
ئەمما،
ھاياتنىڭ يېڭى قەدىمى
باشلىنىدۇ سەن بار قۇدۇقتا.
يۇلتۇز تۇغقان گۈزەل باھاردەك
پىچىرلايدۇ ئۇنىڭ بالىسى
– ئاھ، بۇ دېڭىز ئوخشايدۇ ساڭا.

## ئورۇندۇق

پىكىرلىرىم چېچىلغان بىر سەھەردەك
ئۇنىڭ قولۇمدا خەت يازدىم
سول قولۇمنى سېنى سىلاشقا ئېپ قويۇپ.
تۈزۈكرەك بىرىنىڭ كۆزى بولسىچۇ
خەتنى كۆرسە ياش تۆكىدىغان بۇ كۆزلەر
بەلكىم...
پەقەتلا سېنى كۆرۈش ئۈچۈن يارالغان.
يول ماڭسام چاققان مېڭىشنى تاللاپ سالىمەن
پۇتلىرىم،
سېنى كېلەمدىكىن دەپ ئالدىرىغان.
ھەي ... شۇنداق بىتەلەي بۇ كەچ،
ئورۇندۇق بوش...
بۇ يەر، كىملەرنىڭ سۆيۈشى ئۈچۈن يارالغان؟
خۇش كەلدىڭ دېگۈم بار
قورقىمەن،
پەقەت، پەقەت
ئۆزۈمنىڭ ئاۋازى يىراققا تارالغان.

## شەھەردىن چىقىش

بىز ھەممىمىز بىر ئېلاستىك روھنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان.
ئۇ زاماندا،
بۇ يەردىكى ۋاقىتنى يۇدۇپ چارچىغان تاملار
قەدىمىي سامان قەغەزگە يېزىلغان تىنىقسىز رومانلار
ئادەملەرنى ئۇخلۇتۇپ قويۇپ ئۆزى شەھەر ئايلىنىدىغان
كوچىلار
شەھۋەتنى كۆزىتىشكە كۆنۈپ كەتكەن تولۇن ئاي
ھەممىنى بىلىدىغان ھېلىقى بىلەرمەن قوشنام
سەن بۇلارنى ئەسلا خاتىرەڭگە تېرىمىغان.

ھازىرقى زاماندا
كوچىدا يىغلاپ تۇرۇپ سېتىلىۋاتقان گۈل
مەستخۇشلۇقتا سۆيۈلۈۋاتقان سەن
مېنىڭ كۆزلىرىمدە ئېزىپ قېلىۋاتقان بىرسى
سەن ئۇنى ئەپسانە كەبى خاتىرەڭگە ئويغان.

كېلەركى زاماندا
ئەينەك قۇتىغا سېلىۋالىدىغان يۈرەك
ئىشىكلىرىنى ھىم تاقىماقچى بولغان پايانسىز گۈللۈك
دۇنيانى كۆزىتىپ تۇرىدىغان تاش ئەينەك
سېنىڭ تويلۇقۇڭ بولىدۇ
ئالماش بىر زاماندا
سەن بۈيۈك قاناتلىرىڭنى دۇنياغا يايىسەن
مەن،
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەردىن چىقىمەن.

2018 - يىلى، 12 -ئاپرېل

## شەنبىنىڭ تىلى

جۈمەدىن كىيىن كېلىدىغان بىر تۈننىڭ ئەتىسى
يەكشەنبىنى ئالدىرىتىدىغان بوگۈندىكى سەھەردە
ھەممىنىڭ قەلبىگە لىققىدە قۇياش قاچىلىغان بىر يەردە

ئۆچرەتتە تۇرۇپ كىتاب سېتىۋالغان ئادەملەر
بۇ دەل
ھەممىمىز قەلبلەر كىتاب بولۇپ ئوقۇلسىكەن دەپ كۈتۈپ
تۇرغان دەقىقىلەر
سەن كىتاب بولۇپ قالساڭ ھە
بىلەرمىدىم تىللىرىڭنى ئەي مەلىكە ؟
بۇ يەردە
شادلىقنى لەۋلىرىگە سىزغان تىللار
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۆيگۈ تىلەۋاتقان دىللار
مەغلۇپ بولغان ھەم خۇددىنى يوقاتقانلار
ھەممە ئۆزىدىن كېچىشنى قىياس قىلىۋاتقانلار
دەل مۇشۇنداق بىر ئىستېلا قىلىنغان شەنبىنىڭ
قارشىسىدىكى يولدا
تەختى راۋان قورشاۋدا بەھۇزۇر كېتىپ بارغان پادىشاھ
ئاتلارنىڭ بېشىدا جىرىڭلاۋاتقان قوڭغۇراقلار
بۈگۈننىڭ تىلىنى يېزىپ ئۆتمەكتە.

دېكابىردىكى قاقاقلاپ كۈلگەن قار
ئۈنىڭ قەلبىمدىكى يالغانچى ئاۋازى.
دۇنيا سېنىڭ ئوقۇشۇڭنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆتكۈنچى باھار
خۇددى سەن بۇ يەردە مەۋجۇت بولغاندەكلا
قىلىن كىتابتىكى يالىڭاچ تارىخ دەرسى
بىزەڭلەرچە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرماقتا
مەن يوشۇرۇنماقچى بولۇپ يول ئىزدىدىم ئاستا
شەنبىنىڭ ئاخىرلاشماقچى بولغان دەۋرىدە.
ئاھ، نەقەدەر ئازاب ئىش بۇ...
يوشۇرۇنۇشقا يەر تاپالماي قالغان كۈندۈزلەر
ئاجرىشىشنى كۆزلەۋاتقان تىلىمدىكى ئىغىر جۈملىلەر
مەندىن كىملىك سوراۋاتقان سوغۇق كوچىدىكى مەجنۇن
دەرەخلەر
كۈچادىن ئىقىپ كېلىۋاتقان مەستخۇش ناخشىلار
تونۇش قەھۋە پۇرىقىدەك نەپەسلەرنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە.
دەل مۇشۇ زاماندا
ئەرلەرنىڭ كۆزىدە ئوقۇلۇشنى كۈتۈۋاتقان ئايالالار
مەستخۇش ھىدلاردىن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان سوغۇق قان
ئەركەكلەر
ئايالالاردىن قاچۇرغان كۆزلىرىدە كىتاب ئوقۇماقتا.
بۈگۈن شەنبىنىڭ تىلى قانايدىغان كۈن
بۈگۈن شەنبىنىڭ ۋىدالىشىش دەۋرى
بۈگۈن شەنبىنىڭ تىلى يوقىلىدىغان كۈن
مەن ئىغىر خۇرسىنىپ قولۇمدىكى كىتابنى چۆرۈپ تاشلىدىم
ئارقىدىنلا يەكشەنبىنىڭ يۈزىنۈش پىلانىغا قاراپ چاپتىم
خۇددى سەن مىنى ئۇنتۇمىغاندەك...
شەيبە تۇنۇگۈننى ئېسىدە ساقلىغانمىدۇ؟
ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزى بىلىدىغان تىلى بولغىنىدەك.
ھەممە سۆيۈشنىڭ ئۆزگىچە مۇزىكىسى ھەم ئازابى
بولىدىغاندەك
بىزنىڭ تىلىمىز قايسى كۈنلەرگە مەنسۇپ بولغىيتتى؟

2017 -يىلى، 8 - دېكابىر

## تۇغۇلغان كۈنۈم

مەن تۇغۇلغان زاماندا
مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى ئىدىم،
قىرىق بەش كۈز ئاۋۇالقى شۇ چاغدا.
دەل مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقىدە
سۆيۈملۈك ئانامغا ئېسىلىپ يىغلىغۇم كەلدى بىر ھازا.
بۇ مىننەتدارلىق، خۇشاللىق يېشىدۇر بەلكىم
ۋە بەلكىم بىر ئازاب...
ھېچ ھېسابلاشماس ئىدىم شۇ دەقىقە گەر نېسىپ بولسا.
تۇغۇلغان كۈن ئىككىمىزنىڭدۇر
ئۇ كېزىپ يۈرەر ئىككى ئۆلۈم ئارىسىدا.
شېئىرلىرىم ھېچ قاملاشماس،
جۈملىلەر يېتىمسىراپ قۇرلار ئارا.
شۇنداق بولامدۇ ھېچ بىلمىدىم
غېرىب كۆڭۈل كۈيگە ئايلانسا.
قۇشلار، يۇلتۇزلار، ئاي ھەم بولۇتلار
سەندىن ئاۋۇال كەلدى يېنىمغا.
ئانا...
مەجبۇرى چېتىپ قويدۇم ئۆزۈمنى مۇزىكىلارغا
ئەرز ئېيتتىم ئۈنسىز ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا
ئېقىپ باقتىم سېغىنىشنىڭ ئېقىنلىرىدا...
تۇغۇلغان كۈنۈمدە غېرىبكەن دەريا، ئاسمان ھەممە بۇ دۇنيا.
ھېچ زوقۇمنى تارتماس مەشھۇر مۇزىكا، سەنسىز خىياللار
مۇبادا...
شۇ دېڭىزنىڭ قارشىسىدىكى كېمىدىن سەن چىقىپ كەلسەڭ
دېمەسمىدى دەريا زۇۋانغا كېلىپ:
— مۇبارەك بولسۇن ھەر ئىككىڭلارغا !
ئانا! بۇ ئەمەسمىدى تۇغۇلغان كۈن ئۇچۇن ئەڭ گۈزەل
سوۋغا.

2017 - يىلى، 8 - ئۆكتەبىر

## ئاخىرقى ئايال

سەن بىر ئايالغا تەئەللۇق بولغان مۇھەببەتتە ياشىدىڭ
بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىسقا ھېكايىدەك .
«سۆيەمسەن» دەپ — سوراشتىن باشقا
يىغلىغاننى،
ئازابنى ھېچكىم كۆرمىگەن.
بۇ قانداق زامان؟
ئۆتكەن كېمىلەرگە ھەسرەت قاچىلايدىغان،
ئۈنى يوك كېمىسى دەپ ئاتايدىغان؟
مېنىڭ...
ھېچكىمنى ئويغىتىش مەقسىتىم يوق،
ئەمما بىلىمەن،
مۇھەببەتنىڭ پەسىللىرىنى ئويغىتىش
ئېنىق.
نە چۈش كۆرگەن تاغلا،
نە قىشتا ئېرىيدىغان ياشلار،

ھېچ نەرسە بوۋىنىڭ ئەسلىدە كۆيمەس.
دەل شۇ چاغدا:
تارىخ يېزىلمىسۇن،
ھېچنېمە قالمىسۇن،
ھەممە ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن،
قالىدىغىنى پەقەت مۇھەببەت - دېدى كوچىدىكى ئەما بوۋاي.
بەلكىم بۇمۇ توغرىدۇر
ياكى سېنىڭ ئۇمىدىڭ شۇدۇر
ئېيتسپ باقتىڭمۇ بۇ جۈملىلەرنى ئۈچىنچى شەخسى تىلىدا؟!
ھەممە سۇنىڭ بىر ئەكسى بار،
بارلىق شەيئىلەرنىڭ بوۋىنى ۋە يوپيورۇق ئەتىسى بار،
خۇددى تاشپاقىنىڭ دائىم دۈمبىسىدە ئېلىپ يۈرىدىغان
بوپىسى بولغىنىدەك،
مۇھەببەت ۋە ئازاب
كۆز يۇمۇپمۇ ئاجراتقىلى بولمايدىغان قوش كېزەكلەر.

بۇ يىل قار قېلىن ياغدى،
قارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگىنى يەنىلا خوشلىششىنىڭ
ئازابلىق نوتىلىرى،
مەن بىلىمەن،
دەل مۇشۇ سائەتتە
رەتسىز ئۆيۈڭنى ئادىتىڭ بويىچە تۈجۈپىلەپ تازىلايسەن،
توختىماستىن تەكرارلايسەن...
كۈتۈۋاتقانسەن،
ھىم ئېيتىلگەن ئىشىكتىن ئۈسۈپلا كىرىپ كېلىدىغان بىرىنى.
ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان بۇ خىل دەقىقىلەردىن بەكلا
چارچىغانسەن؟
ئېيتقىنا ئەي ئايال،
ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغان بىرىنى كۈتۈپ قايسى شادلىققا
ئېرىشمەكچىسەن؟
يۈگۈرەپ كوچىغا چىققىنىڭ
ئەمدى قاياققا قېچىپ قۇتۇلماقچى سەن؟
ئۇ كوچىلارنى تۈمەن رەت كەزگەن
ئۇ كوچىلاردا نىشانسىز يۈرگەن
ئۇ يوللارنى چەكسىز خىياللارغا كۆمگەن.
مەن بىلىمەن...
سەن سۆيۈش ئۈچۈن قاچماقچىسەن؟
يىراقتىكى ئۆزۈڭنى بەكمۇ سېغىنماقتىسەن،
سەن سۆيۈلۈش ئۈچۈن كۈتمەكچىمۇ سەن؟

مەن ئاچچىق سىگارت چەكمەكتىمەن
ئاندىن ئاستا - ئاستا كۆيۈپ تۈتۈنگە ئايلانماقتىمەن.
دېرىزەڭنى ئېچىپ كۆكلەرگە قارا!
تەنھالىق كوچىسىنى يېتىلىۋالغان مەن كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىمەن...
سەن ئاخىرقى ئايال سەن
ئەمما، مەن ئاخىرقى ئەر ئەمەس.

2019 - يىلى، 20 -يانۋار

## جۈملە

دۇنيانى ئوراپ تۇرغان جۈملىلەر
بەزىلىرى سىنتېتىك
بەزىلىرى گىراماماتىك.
ئۇلار دائىم بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ
بەزىلىرى كۆيۈشۈپ قېلىپ توي قىلىدۇ،
بەزىلىرى بەختلىك بولىدۇ
بەزىلىرى بەختسىز.
بەختسىزلەر قايتىشىدۇ دېڭىز بويىغا
ئەينى رەڭدە قول تۇتۇشۇپ
ھەتتا...
بەزىلىرى كەلگۈسىگە پال ئاچىدۇ.
بۈيۈك پەيلاسوپلار
توم-توم كىتابلارنى يېزىشىدۇ
كۆز ئەينىكىنىڭ ئاستىدا.
ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى بولۇپ قالىدۇ بىر تارىخ.
ئەمما، بىر جۈملە بار قەلبىمدە
ئۇنى ھېچكىم بىلەلمەس
يا سەن ئالىسەن ئۇنى مەندىن
ياكى ئۇ نەپەسلىرىڭدە يۇيۇنۇپ ئاخىرقى نىشانىنى
تاپىدۇ سەندىن.

2018 - يىلى، 22 - يانۋار

## ئاشىق ۋە ئەينەك

كوچىلار گۈلنىڭ دولقۇنىدا كۆۋەجىگەندە
بىر پۇلسىز ئەر يۈرىكىنى گۈلگە تېگىشتى
گۈللەر قاناتلىرىدىن بوغۇچلىنىپ لەۋلەر سەيناسىدا
پۇچۇلاندى
گۈل بىر شەھەر ئىدى
بۇ شەھەر گۈلسىز ئىدى.
مەن ئىشىكلىرى ھىم ئېيتىلگەن بۇ شەھەرنىڭ لەۋلىرىدە تەنھا
ئىدىم.
يېنىمدا غېرىبلىقنىڭ چاپىنىغا ئورىنىۋالغان بىر پارچە
ئەينەك
ئەينەك ماڭا نۇر تۇتتى
ئەينەكنىڭ كۆزلىرىدە مەن
مېنىڭ كۆزلىرىمدە سەن
دەل شۇ زاماندا، بىر ئۈزۈك ئاۋازدا :
― ئاھ خۇدا، مېنىمۇ ئاشىق قىلىپ ياراتساڭچۇ ؟― دەپ
ۋارقىرىدى ئەينەك.
ئارقىدىنلا چۈل -ۋۇل بولۇپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتتى
شۇنىڭ بىلەن ئاشىق ۋە ئەينەكنىڭ ۋەدىلىرى بۇزۇلۇپ
كەتتى
ئاشىق قۇمغا، قۇم ئاشىققا ئۆزگىرىپ كەتتى.

2019 - يىلى، 15 - فېۋرال

# ئىككى شېئىر

ئايكۇن (ئامېرىكا)

## سۈرەتلەر

.1
ئۇ تامغا قۇلاقلىرىنى ياقتى:
ئاڭلىغۇسى بار ئىدى
ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتمىغانلىرىنى.

پەقەتلا بىر سانتا
ئايرىپ تۇراتتى ئىككىسىنىڭ جىسمىنى
يۈزلىنىپ تۇراتتى بىر-بىرىگە
سۈرەتتە:
رامكىغا ئېلىنغان كۈلۈمسىرەش
يېرىم كۆمۈلۈپ تۇراتتى خارابىلىقنىڭ بىر بۇرجىكىدە.

.2
قاچانكى دېڭىزغا
ئويىنىشىپ ئاتساڭ تاش
دولقۇنلىرى ئۈزۈپ كېلىدۇ ماڭا.

.3
ئىستەكلىرىم شۇنچىلىك ئاددىي
بەكلا تېز مەمنۇن بولىدۇ قەلبىم شۇڭا.

.4
سۇ ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس
سۇ بىلەن ئارىلىشىشتا
بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشتا.

.5
دەرەخ سورىمايدۇ، سورىيالمايدۇ ھەرگىز
نېمىشقا كۆچۈشكە زورلىنىدىغانلىقىنى باشقا بىر ئورمانلىققا.

.6
ئۇ تېلېۋىزور كۆرەتتى
ئۇ رومان ئوقۇۋاتقاندا.
رومانىنىڭ مۇقاۋىسىدا
بىر ئەر تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى
بىر ئايال تۇتۇپ تۇراتتى رومان.

.7
تۇنجى ساباھىدا
يېڭى يىلىنىڭ
ھەممىمىز قارايمىز
ئوخشاش بىر قۇياشقا.

.8
ئۇ قويدى بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە
ھېچنېمە دېمىدى ئۇ:
ئۆلگەندى جىمجىتلىقىدا.

.9
قارىچۇقلىرى مەندە قېتىپ قالغان ئۇ ئادەم
قارىچۇقلىرىمدا قېتىپ قالغان ئۇ ئادەم...
مېنى ھېچ قۇچاقلىمىغاندى ئۇ ئادەم
مەن ھېچ قۇچاقلىمىغان ئۇ ئادەم...
كونا كانۋاستىكى رەسىمنىڭ رەڭلىرىنى ئېلىپ كەتكەن
يامغۇر.

.10
ئۇنىڭ ھېچ سۆيگىنى بولمىغانىدى
ئازاب بىلەنمۇ كەلمىگەنىدى
ياكى ئۇنى ئۇچۇرتقان لەگلەك بىلەن،
يىراقلاردا،
سىڭىپ كېتىش ئۇچۇن مەۋھۇم بوشلۇققا
تۇراتتى كامىرا ئالدىدا
چاپلىنىش ئۇچۇن پاسپورتتىكى كۈلۈمسىرەشكە.

.11
توغراقلار سارغايغان
يولنىڭ بويىدىكى:
خۇددى سېنىڭ سۆيۈشلىرىڭدەك.

.12
ئانامنىڭ چاچلىرى
ئۇزىراپتۇ تاكى دېرىزىدىن باشقا بىر پىلانېتقا
بەئەينى بىزنىڭ كۈتۈشلىرىمىزدەك.

.13
سايىلىرى
ھىجران قويۇپ كەتكەن
تاملاردا
قورشاپ تۇراتتى ئاشىقلارنى

غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى
ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى.

.14
سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، سېنىڭ ئاناڭ ئەمەسمەن،
ياكى سېنىڭ ۋاپادار بالاڭ
ھەر دەقىقە يىغلايسەن قارا باسقان رېئاللىقىمدا.

.15
بۇ قۇش
ھەركۈنى كېلىدۇ
قونۇپ بىر شاخقا
سايرايدۇ بىر-ئىككى سائەت.
بۇنىڭدىن باشقىسى
قىلالمايدۇ ئۇنى خۇش.

.16
ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى،
كىملىك ۋە بانكا كارتىلىرى،
ھۇجەيرىلەرگىچە سىڭىشۋاتقان سېغىنىش...
تارقالماقتا ھەممىسى
مېڭىپ يۈرگەن ھەربىر ئۆلۈككە.

.17
ئۇيغۇرتىلى-
ئۇزۇن-ئۇزۇن مىسرالارغا سەۋدا
شانلىق ھەم ئاھانەتلىك تارىخقا ھەمراھ.
ئۇ ئۈزۈلمەس ناخشىلارنى سۆيىدۇ
ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ كېچىلەرنى ھەم
تۈگىمەس مۇقاملارغا قوشقان ئاھىنى،
يىغلايدۇ ئۇ مىسكىنلىكىگە.
ئۇ تىنىمسىزلىقا ئاشىق
ئەبەدىي يىراقتۇر يىراقتۇر ئۆلۈمگە.

.18
ئۇۋۇمىزدىن ئۇزاقلاردىكى بىز...
......
......

2020 -يىل 16 -ئاپرېل، ئامېرىكا

## قىرچىلىش

قەلەملەر يازدىمۇ؟
قۇرۇق قۇرلارنى
ئاپئاق بەتلەرنى
يارىلانغان مىنۇتلارنى
تۇغۇلمىغان شېئىرلارنى
سۆيگۈ،دېگەن كىچىككىنە بالىنى
ۋىسال،دېگەن ئەسىر بابى ھىجراننى

*

ساباھدىكى ئاشىقلىقىمىزنى
قوشتۇق
بىر ئىستاكان رەڭسىزلىككە
ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىغان ئادەتتىكي بىر سۆزگە...
دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز قالدى ئارقىدا
قىرغاقلار يالغۇز ۋە مۇڭلۇق

*

ھال رەڭلىك باغچە
قان رەڭدە رەڭلەنگەن قىزىلگۈل
تولۇن ئاينىڭ كۆزىدە
ئەتىرگۈل غايىب بولغان ئۇ كېچە
قارلار ياقۇت بولغان ئۇ كۆزدە
سۆيگۈ بار ئىدى ئۇ ئاخشام
يۇلتۇزلارنىڭ يۈزىدە

*

سۆزلەرنىڭ سۆيۈشۈشىدەك
بىز ئۇزاقلاردا
كوچىلار خىرامان
قول سائەتلىرىمىز قايتىدىن بۇزۇلغان...
ئاسمىنىمىز ناخشا ئېيتماقتا
پەريادتا
بىز تاتلىق ناخشىمىز بىلەن يوقلۇقتا

*

ئازابنى سىزىپ چىققىلى بولامدۇ؟
سۇنۇق رامكىغا
قۇرۇق قول
مەۋھۇم بىر رەڭدە
ئۇ كۆي...
ياڭرىماقتا
......
جاۋابسىز !

2018 -يىلى 17 -دېكابىر، ئامېرىكا

# سۆيۈش

ئالتىنبېك ئىسمائىلوۋ (قىرغىزىستان، قىرغىز شائىرى)

كۆكۈلگە سىغماي تولۇپ، تېشىپ تۇرغان،
قىينايدۇ كۆپتىن بىر ئوي بېسىپ تۇرغان.
سۆزلەرنى گۈلدەك تىزىپ، بىر گۈزەلگە،
جىر ئارنىدىم بىر چاغدا ئاشىق قىلغان.

ياقتۇرۇپ شېئىردىكى ھەر سېھرىنى،
كۆپ جانلار تۆكتى ماڭا ئوت-مېھرىنى.
قىزغىنىپ يىرتىۋەتتى بىراق يارىم،
كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەلسەم شېئىرىمنى.

رەنجىشى مەھبۇبەمنىڭ تارىغىچە،
تۈگىمەس جەڭ چىقاردى تاڭ ئاتقىچە.

«سەن كىمنى سۆيۈپ قالدىڭ؟» دېگەن ئوخشاش،
ئوق-يانى تىرەپ تۇردى سولداتلارچە.

راست ئېيتسام، ئالداپ ئۇنى نېمە قىلاي،
گېپىمنى تىڭشىمىدى قۇلاق سالماي.
جاڭجالدىن ھاردىمكىن، ئۇخلىۋالدى،
ھە، مەنچۇن قىزىق مۇنۇ ئۆمۈر-ساراي.

...شېرىم سولمىسۇنچۇ باھارىمدا،
ئىلتىماس، پالتا چاپما ئارمىنىمغا.
يادىمغا ئېلىپ بويتاق كۈنىمىزنى،
ئاتىغان ئىدىم جىرنى جان يارىمغا.

قىرغىزچىدىن ئابدۇلجان ئازناباقىېۋ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (قازاقىستان)

# مەن سىنى ئەزھەردە ئوقۇتىمەن

ئايخان ياۋۇز ئاچىك كۆز (تۈركىيە)

يىغلىما سىڭلىم...
خالىساڭ مەن سېنى ئەزھەردە ئوقۇتىمەن...
پۇلۇم يوق بىلىمەن
بىراق سەنمۇ بىلىسەنغۇ؛ تاپىمەن
*

كۈرەش قىلدۇق
بولمىدى
بۇندىن كېيىنكى دەۋر، ھىجرەت دەۋرىدۇر...
بولدى قىلايلى بۇ يەرلەر ئۇلارغا قالسۇن...
*

يىغلىما سىڭلىم...
قەھرىمانلىقىدىن ئەمەس ئۇلارنىڭ بۇ ۋارقىراشلىرى...
پارچىلانغانلىقى ئۈچۈن قوللىرى چاچلىرىڭنىڭ تال- تال
ئۆرۈملىرىدە...
بىز گۈلنى ھىدلاشنى ئارزۇلۇغاندا
يۇلۇۋەتمەكچى بولدى ئۇلار...
دەل مۇشۇنداق قانتىدۇ قوللىرىنى
ئىستەكسىز يۇلۇنغان گۈل...
*

يىغلىما...
قاراپ باقە، قانچىلىك گۈزەل كۈنلىرىمىز بولىدۇ يەنە...
ئەمدى سۈرگۈن قىلالمايدۇ ھېچكىم سېنى
مەدەنىيەت كاردورلىرىدىن...
ئۆيگە قامالمايسەن بۇندىن كېيىن...
قىسقارتىشقا مەجبۇر بولمايمىز سالاملىرىمىزنى...
*

يىغلىما سىڭلىم...
قۇربان بولسۇن سېنى يىغلاتقانلار
ھەر بىر قەترىسىگە كۆز ياشلىرىڭنىڭ...
بىر كۈن كېلىدۇ ئۇلارمۇ يىغلايدۇ...
بىراق بىزنىڭ زۇلۇمۇمىزدىن ئەمەس...
*

يىغلىما سىڭلىم...
يىغلىما...
قارا، پۇل تاپقىلى كېتىۋاتىمەن...
كۈتكىن مېنى...
سېنى ئەزھەردە ئوقۇتىمەن...
*

يىغلىما...
بولدى قىل ئۇلار يىغلىسۇن...
كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن...
كىيىم -كېچەكلىرىمىزنىمۇ ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ...

2020 - يىلى 24 - ماي، ئىستانبۇل
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى كەۋسەر (تۈركىيە)



# مېنىڭ دادام

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

ھەر بىر ياخشىلىقنى كۆرگەن چاغلىرىمدا،
ئۇنىڭدىن دادامنىڭ سىيماسىنى كۆرىمەن.
(خاتىرەمدىن)

باشلانغۇچنىڭ 3 -سىنىپىغا كۆچكەن يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى كۆڭلۈم ئېلىشىپ، نېمە يېسەم شۇنى قۇسۇپ ئاغرىپ كەتتىم. بۇرۇنمۇ شۇنداق بىر نەچچە قېتىم ئاغرىغان چاغلىرىمدا دادام دوختۇرغا ئاپارغان ئىدى. ئەمما دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن دورىسى پايدا قىلماي، ئاپامنىڭ ئېتىپ بەرگەن ھالۋىسىنى يەپ ساقايغان ئىدى. بۇ قېتىم سەل قاتتىقراق ئاغرىغان ئوخشايمەن بەلكى، ئاپامنىڭ ھالۋىسىمۇ كارغا كەلمەي قالغان ئىدى. دادام مەندىن ئەنسىرەپ، يەكشەنبە كۈنى قولۇمدىن تۇتقان پېتى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى توختى تېۋىپنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. توختى تېۋىپ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ناھايىتى تىمەن كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىزنى ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشىلاپ، ئۆزۈم باراڭنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ كارىۋاتقا سېلىنغان كونا پىتىدىن چۈشكەن گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك چىتتىن تىكىلگەن كۆرپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. مەن كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە چىقمايلا گىرۋىكىگە سوۋغامنى ئېلىپ، پۇتۇمنى يەرگە ساڭگىلىتىپلا ئولتۇردۇم. دادام گەپنى ئۇزارتمايلا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا ئىبارىلىدى. توختى تېۋىپ دادامنىڭ سۆزلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپ، كىچىك قۇشتەك قولۇمنى ئۆزىنىڭ كۈرمىڭلىغان سىزىقچىلار شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئالقىنىغا ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئاپاق بىلىكىمدە كۆپكۆك بىلىنىپ تۇرغان ئىنچىكە تومۇرۇمنى تۇتۇپ، نەپەسمۇ ئالماي جىممىدە تۇرۇپ سوققۇشىنى تىڭشىدى. ئاندىن تىلىمنى، گېلىمنى، كۆزۈمنىڭ ئىچىنى ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە دادامغا قاراپ تۇرۇپ:

– تايىنىڭ سوغۇقى بەكلا ئېشىپ كېتىپتۇ. ئاشقازاننى ھەددىدىن زىيادە سوغۇق قاپلاپ كەتكەن بولغاچقا، يېگەن نەرسىلىرى سوغۇق كەپتۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ تايچاق بىر مەزگىل زاغرا نان يېمەي، مۇمكىن بولسا ئاق نان يېسۇن. ئەتكەنچاينىڭ ئورنىغا قارا سىنچاي ئىچسۇن. بىر مەزگىل مېۋە-چېۋە يېمەي تۇرسۇن. بولۇپمۇ لاك ۋە تاۋۇزلارغا زىنھار ئېغىز تەگكۈزگۈچى بولمىسۇن، – دەپ ماڭا چۆرىلىرىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار پۈرلىشىپ كەتكەن نۇرلۇق كۆزى بىلەن مەنىلىك قاراپ قويدى.

مەن بۇ چاغدا، خۇددى بۇ بوۋاي مېنىڭ سىرلىرىمنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ قارا ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمنى بوۋايدىن قاچۇردۇم . چۈنكى مەن بېغىمىزدىكى لاكنى شاخلىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىپ، ئاندىن لاك كۆچىتىنىڭ تۈۋىگە ئۆزۈم ئەپچىل كولاپ، ئىچىگە يۇمران يېشىل چۆپلەرنى سېلىپ ياسىۋالغان كىچىك گەمىنىڭ ئىچىگە رەتلىك تىزىپ سېلىپ، ئۈستىنى يەنە كوكاتلار بىلەن چىرايلىق قىلىپ چۈككەپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساپ-سېرىق سارغىيىپ، خۇددى بولدۇرغان خېمىردەك لۆمشىپ، ساپاقلىرى پۈتۈنلەي شۆپۈكۈدىن ئايرىلغۇدەك مەي بولۇپ كەتكەن چاغدا ئاندىن ئېلىپ، يامان قورساق يېرىلىپ كەتكىچە يېگەن ئىدىم. شۇنۇڭدىن كېيىن قورسۇقۇم مۇجۇپ ئاغرىپ، ئىچىم سۈرۈپ، كۆڭلۈم ئاينىپ ۋە ياندۇرۇپ،

ھەم ئالدىمدىن ھەم كەينىمدىن يېگەن لاكلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا چىقارغان ئىدىم. شۇڭا بوۋاينىڭ «لاك» يېمىسۇن دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپلا، «ئاپلا بۇ بوۋاي مېنىڭ لاك يېمىگەنلىكىمنى بىلىپ قاپتۇ» دەپ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم.

ئەمما بوۋاي شۇنچىلىك مېھرىبانلىق بىلەن مېنىڭ قاپقارا يۇمران چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

– ئەمدى بۇ يىگىت، ئۆزىگە نېمىنىڭ پايدا، نېمىنىڭ زىيان قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىۋالدى. بۇندىن كېيىن ئۆزىگە سوغۇق كېلىدىغان زىيانلىق نەرسىلەرنى ھەددىدىن زىيادە يېمەيدۇ،– دەپ، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئىما بىلەن قاراپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە ئورنىدىن ئاستا قوپۇپ، قورۇنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا سېلىنغان پاكار ئۆينىڭ ئىچىگە ئاستا مېڭىپ كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا ئۈستىگە كونا يىرتىق خەت يېزىلغان ئاق قەغەز چاپلانغان كىچىك قوڭۇر رەڭلىك بوتۇلكىنى دادامغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

– بۇ ئاشقازاندىكى سوغۇقنى ئالىدىغان ھەم ئاشقازاننى كۈچەيتىدىغان مەجۇن، كۈندە ئىككى قېتىم بىر بال قوشۇقتىن يەپ بەرسۇن، ئەمما بىر مەزگىل زاغرا ناننى ئاغزىغا ئالمىسۇن،– دەپ ماڭا قاراپ، ھېلىقى نۇرلۇق كۆزلىرىنى قىسىپ قويدى.

دادام بۇرۇلكىسىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ تەڭلىۋىدى، بوۋاي ھېچ ئالغىنى ئۇنىمىدى ۋە، – بولدى قىلىڭ ئۇكام، بولدى قىلىڭ. بىز ئۇرۇق-تۇققاندەك ئۆتكەن ئادەملەر ئەمەسمۇ. ئۆتكەندە سىزمۇ تېشىلىپ كەتكەن چېلەكنى تۇۋلەتكىلى ئاپارسام، ئىش پۇتكەندە ھەققىنى ئېلىشقا ئۇنىمىدىڭىزغۇ، بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم. مېنىڭ سىزدە قالمايدۇ، سىزنىڭمۇ مەندە. ئەگەر سىزنىڭ ھەققىڭىز مەندە قالسا رازى بولۇڭ ئۇكام. مەن رازى بولدۇم. نامىزىمدا تايىنىڭ چاققانراق ساقىيىپ كېتىشىگە دۇئا قىلىپ قويىمەن،– دېدى.

دادام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پۇلنى ئېلىشقا كۆپ زورلاشنىڭ ئەمدى ئورنىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئىدراك قىلىپ، پۇلنى ئاستا يانچۇقىغا سالدى ۋە توختى تېۋىپ بىلەن خوشلۇشۇپ، مېنىڭ قولۇمدىن تۇتقان پېتى قورۇدىن چىقتى. بىز ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپ توختى تېۋىپنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئاپامغا دېدۇق. ئاپام مېنىڭ لاكنى كۆمۈپ پۇشۇرۇپ يېگەنلىكىمنى بىلگەچكە ماڭا بىر ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە قىلغان ھەرىكىتىمگە ئۆزى پۇشايمان قىلغاندەك بولۇپ،– كەل جېنىم تايچىقىم! – دەپ يۇمشاق ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا مەڭزىمنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئىسسىق لەۋلىرىنى پېشانەمگە تەگكۈزۈپ سۆيۈپ قويدى ۋە – ساڭا بۇدا نان ياققاندا كىچىك توقاچ يېقىپ بېرىمەن–، دېدى.

يېنىمدا تۇرغان دادام ئۆزى سەل ئالدىراقسان ئادەم بولغاچقىمىكىنتاڭ دەرھال:

– بۇدا نان ياققىچە بۇ بالا زاغرا يېسە بولمايدۇ. شۇڭا مەن ھازىرلا خەنزۇ بازىرىدىكى ناۋايخانىغا بېرىپ، ھېلىقى ساقلاپ قويغان بىر كىلوگىرام ئاشلىق بېلىتىگە بەش توقاچ ئەكىلەي . سەن نان ياققىچە زاغرا نان يەپ يۈرمىسۇن،– دەپلا، دالان ئۆيگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىنلا دادام نېمە ئالىدىكىن دەپ ئۆيگە كىردىم.

دادام سۈپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان گۈللۈك تىكىمەت كىگىزنى قايرىپ، بورىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان رەخت بېلەتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر تال قىزغۇچ بېلەتنى تېپىپ ئالدى ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

– مەن ساڭا توقاچ ئەكەلگىنى بازارغا كەتتىم. سەن ئاكاڭ بىلەن ئويناپ تۇر، ھېلىلا كېلىمەن،– دېدى.

ئادەتتە مەن ئاكام بىلەن ئانچە ئويناپ كەتمەيتتىم چۈنكى ئاكام دائىم مەھەللىدىكى باللار بىلەن ھوشۇق ئوينايتتى. مەن بولسام ھوشۇق ئويناشقا بەك ئۆچ ئىدىم ھەم ئويناشنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا دائىم ئاپامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپلا يۈرەتتىم . ئاپام مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ بەزىدە تېرىكىپ «كەچكىچە پۇتۇمغا پۇتلىشىپلا يۈرمەي. ئالغان كىتابلىرىڭنى ئوقۇپ بولغان بولساڭ، تالاغا چىقىپ باللار بىلەن ئوينا» دەپ ۋارقىرايتتى . مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرگەچكە دادام بەرگەن پۇللارنى يىغىپ بەزىدە كىتاب ئېلىپ ئوقۇسام بەزىدە سۇرەتلىك كىتاب ئېلىپ كۆرەتتىم. مەن يېقىندىلا ئالغان «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز» ناملىق كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ بولغاچقا، قورۇنىڭ ئىچىدە سەل زېرىكىپ قالغان ئىدىم. شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتنى پايدىلىنىپ دادام بىلەن بىرگە بازارغا بېرىشنى ئويلىدىم - دە، دادىللىق بىلەن:

– دادا مەنمۇ سىزنىڭ بىلەن بىرگە بارىمەن،– دېدىم.

دادام مېنىڭ جۈدەپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق، ماڭا زەن سېلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

– ھارمىغان بولساڭ بوپتۇ، جۈرە ئەمىسە،– دەپ دەرۋازا تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

بىز كوچىغا چىقىپ، توختى تېۋىپنىڭ ئۆيىگە قانداق قول تۇتۇشۇپ ماڭغان بولساق، شۇنداق قول تۇتۇشۇپ ئىشىكتىن ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، بازار تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ باشلىرى بولغاچقا ھاۋا ئىنتايىن تىنچىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈش مەزگىلى بولۇپ قالغاچقا كوچىلاردىكى توپىلار قىزىپ چاڭ چىقىپ كەتكەنتى. بىز چوڭ ئۆستەڭنىڭ ياقىسىنى بويلاپ، يۇقىرىغا قاراپ يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن خەنزۇ بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز توغرا كۆرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ ئۆستەڭ ياقىسىدىكى ناۋاي خانىنىڭ ئالدىدا قاتار ئۆچرەتتە تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇردۇق.

بۇ رەپتارنى بىلىپ بولمايدىغان 1975 - يىللىرىدىكى يامان زامانلار بولغاچقا، ھەممە نەرسە نورمىلىق ئىدى. شۇڭا نان ئېلىش ئۈچۈن يالغۇز يانچۇقتا پۇل بولسىلا كۇپايە قىلمايتتى، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئاشلىق

بىلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا دادام يانچۇقىدىن ئاشلىق بېلىتىنى ئېلىپ بىر قاراپ قويۇپ، قولىدا چىق تۇتقان پېتى ئۆچىرەتنىڭ ئۆزىگە چاققانراق كېلىشىنى ساقلاپ، تىت-تىت بولغاندەك بوينىنى سوزۇپ ئالدىغا بىر قاراپ قوييدى. ئالدىمىزدا كىيىنىشلىرى بىز غۇلجۇلۇقلاردىن سەل پەرقلىنىدىغان، گەپ-سۆزلىرىمۇ باشقىچە بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ ئۆچىرەتتە تۇراتتى. بۇلار بەش جان بولۇپ، ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ بىرسى مەن دېمەتلىك بولۇپ، يەنە بىرسى مەندىن سەل كىچىك ئىدى، يەنە بىرسى بولسا ئانىسى قولىدا كۆتۈرۈۋالغان بوۋاق ئىدى. بالىلارنىڭ ئانىسى ياش ئايال ئىدى، ۋاھالەنكى ياشلىقىغا باقماي پېشانىسىنى شۇنچىلىك كۆپ ئۇششاق ئىنچىكە قورۇقلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى ۋە سولغۇن چىرايىدىن، نۇرسىز كۆزلىرىدىن هارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئورۇقلاپ خۇددى تۆكى يۇڭدىۋېتىلگەن خورازدەكلا بولۇپ قالغان دادىسى بولسا بىردەم بىردەم ئارقىغا بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ، چاڭگىسىدا ئانىسىنىڭ دان ئەكېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇشنىڭ بالىلىرىدەك، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىلىرىغا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن قاراپ-قاراپ قويياتتى. ناۋايخانىنىڭ نان ئالىدىغان كۆزنىكىگە يېقىنلاشقانسېرى يېڭىلا تونۇردىن چىققان ئىسسىق ناننىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىمغا شۇنچىلىك شېرىن ئۇرۇلۇپ، مېنىڭ نەپسىمنى تاقىلدىۋېتىپ باراتتى. ئۈنىڭ ئۈستىگە هازىر چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى.

مەن ئەتىگەن زاغرا ناننى چىلاپ ئىچكەن ئەتكەنچايدىن باشقا، ئاغزىمغا گىياھ سالمىغاچقا قورسىقىم ئىچىپ كوركىراپ كەتكەن ئىدى. يەنە كېلىپ كۆندە زاغرا ناننى يەۋېرىپ جاق تويۇپ كەتكەچكە، چىنەمگە تۆزۆكرەك نان چىلىمىغان ئىدىم، چىلاپ يېگەنلىرىمنىمۇ بىردەمدىن كېيىنلا ياندۇرۇۋەتكەن ئىدىم.

ناھايەت ئۆچىرەت ئالدىمىزدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە كەلگەن ئىدى. بالىلارنىڭ دادىسى قولىدىكى پۇلنى تۆت بۇرجەكلىك كۆزنەكنىڭ ئىچىگە تىقىپ، بېشىنى ئېگىپ كۆزنەككە يۈزىنى توغرىلىدى. كۆزنەكتىن يۈزىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نان ساتقۇچى ئۇستام، پۇلنى ساناۋېتىپ يەنە ئاشلىق بېلىتى ئۈچۈن قولىنى تەڭلىگەندەك قىلدى، بالىلارنىڭ دادىسى ئاشلىق بېلىتىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتىمۇ ئەيتاۋۇر، نان ساتقۇچى ئۇستام قوپاللىق بىلەن ئالغان پۇلنى بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوييدى. مەن ياندا تۇرۇپ ھەممە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كىنو كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم.

مانا شۇ چاغدا بالىلارنىڭ دادىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي، شۇنچىلىك ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن ئايالى ۋە بالىلىرىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ چارىسىزلىقىدىن خىجىل بولغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قوۋۇزلىرى سەل قىزىرىپ، يۈزىنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بەجايىكى «ماڭا بىر نېمە دېمەڭلار» دەپ، يالۋۇرۇۋاتقانلىق ئالامىتىنى ئىپادىلەپ ياش ئەگىگەندەك بولدى.

بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان دادام، دەرھال قولىدىكى ئاشلىق بېلىتىنى بالىلارنىڭ دادىسىغا تەڭلىدى. بالىلارنىڭ دادىسى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، دادامغا ئىشەنمىگەندەك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قولىدا كۆندۈرگەن مايمۇنلاردەك چاققانلىق بىلەن دادامنىڭ قولىدىكى بېلەتنى ئالدى - دە، نان ساتقۇچى ئۇستامغا قولىدىكى پۇل بىلەن قوشۇپ تەڭلىدى. دادام بۇ چاغدا مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، ئاستا ئۆچىرەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مەن شۇنچىلىك خاپا بولغان بولسامۇ، دادامنىڭ چىرايىدىكى بەختلىك بىر ئىپادىدىن، ئاشلىق بېلىتىنى نېمە ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىۋەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندىم. گەرچە ئىسسىق ئاق ناننىڭ لەززەتلىك پۇرىقىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بولسامۇ، دادامنىڭ بۇ ھەرىكىتى ماڭا شۇ ئىسسىق ناننىڭ لەززىتىدىنمۇ بەتتەر لەززەتلىك تىتىۋاتقان بىلىنىپ كەتتى. مەن دادامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدۇم،

دادام ماڭا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

– سېنىڭ مەندىن رەنجىمىگىنىڭدىن خۇرسەن بولدۇم. ئۇلار ئېگىز مۇزلۇق تاغلاردىن ئېشىپ، بۇ يۇرتقا كەلگەن مۇساپىرلار. بىز ئۆزىمىزنىلا ئەمەس باشقىلارنىمۇ ئويلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ گەپلەرنى دېمىسەممۇ بىلىسەن. چۈنكى سەن مېنىڭدىن كۆپ كىتاب ئوقۇغان ئەقىللىق بالا! ماڭ ئەمدى ئىتتىكرەك ماڭايلى، ئاپاڭنىڭ لەغمىنىمۇ پىشىپ قالدىغۇ دەيمەن،– دېدى.

مەن خۇددى دادامدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىقا قەسەم قىلىۋاتقاندەك دادامنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، خۇددى جەڭدە غالىب كەلگەن ئەزىمەتلەردەك، كوچىدا بېشىمنى تىك تۇتۇپ ماڭدىم. دادام خۇددى نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئىچىدە قىزىل ئەتىرگۈلنى بىلىۋالغانغا ئوخشاش، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى خىلمۇ-خىل ئويلار ئىچىدىكى ئەڭ توغرا ئوينى تاللىۋالغانلىقىمنى كۆزۈمنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان ئىچىگە بىر قاراپلا بىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ قوييدى.

بۇ چاغدا كۆك ئاسماندا موللاق ئېتىپ ئۇچۇۋاتقان ئويۇنچى كەپتەرلەرنىڭ ئىسقىرتمىقىنىڭ ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتاتتى. مەن شۇندىن بۇيان دادامغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە دادامنى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل دادا دەپ تونۇدۇم، يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دادامنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىنىڭ مېنىڭ ئىنسانىدەك يېتىلىشىم ئۈچۈن نەقەدەر قەدىرلىك تۈتىيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. بۈگۈنكى كۈندە دادام تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم مەززىلىك ناننىڭ پۇرىقىنى پۇرىسام، ئاشۇ چاغدىكى ئاشلىق بېلىتىنى ياد بىر ئادەمگە تەڭلەپ تۇرغان دادامنىڭ تەبەسسۇمغا تويۇنغان چىرايى كۆز ئالدىمدا جۇلالىنىپ كېتىدۇ.

2020 - يىلى 20 - ئاپرېل

گېرمانىيە



# ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىزدىنىش

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى* (تۈركىيە)

ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، 2500 – 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى ئىچىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەرلىرىدىن بىرى، چۈنكى ئۇيغۇر تېبابىتى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەھىيە – ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىنى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئورۇنداپ كەلدى، 1940 - يىللىرى غەرب تېبابىتى ۋەتىنىمىزگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھېلىھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، تەبىئىيلىكى، ئىلمىيلىكى بىلەن غەرب تېبابىتى بىلەن ماس قەدەمدە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى – دورىگەرلىك ئىلمى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇكەممەل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئوت (قۇياش )، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماددا (تۆت تادۇ ) تەلىماتى ئۇنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئاساسى، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسلىق ماددىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ تۆت چوڭ ماددىنى خام ئەشيا قىلىپ كائىناتتىكى جانلىق، جانسىز بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقان. بۇ تۆت چوڭ ماددىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كەيپىياتى ۋە خۇسۇسىيىتى بولىدۇ، مەسىلەن: ئوت قۇرۇق ئىسسىقتۇر، چۈنكى ئۇ ئىسسىتىدۇ، شۇڭا ئىسسىق، يەنە قۇرۇتىدۇ، شۇڭا قۇرۇق؛ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھاۋا ھۆل ئىسسىق، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى قۇياشتىن ئىسسىقلىق، ئاستىدىكى سۇدىن ھۆللۈك قوبۇل قىلغان،

---

* مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور

شۇڭا ئۇ شەيئىلەرگە ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ؛ سۇ شەيئىلەرنى قۇرۇتىدۇ، ھەم سوۋۇتىدۇ، شۇڭا ئۇنى قۇرۇق سوغۇق دەيمىز. دېمەك، تۆت چوڭ ماددىنىڭ كەيپىياتى خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۇلار ئۆز كەيپىياتى، خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ماددىلارغا ھەر ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇقتىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر مىزاجنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئىنسانلار تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ مۇئەييەن مىزاجغا ئىگە بولغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يېمەكلىكلەردىن بەدەندە يېمەكلىكنىڭ تەبىئىتىگە ماس ھالەتتىكى ھاياتلىق ئۈچۈن مۇھىم بولغان قان، سەپرا، بەلغەم ۋە سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلىت شەكىللىنىدۇ، ئىنسان بەدىنى شۇ خىلىتلاردىن ئوزۇقلىنىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا خىلىتلارنىڭ نورماللىقى ساغلاملىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ھەرخىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىزاج ۋە خىلىتلاردا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلسە، ئورگانىزملاردا شۇنىڭغا ماس ھالدىكى كېسەللىك يۈز بېرىدۇ.

كېسەللىكنى داۋالاش، ئورگانىزمدىكى تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تۈگىتىپ، ساقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەسىرىدە مۇئەييەن مىزاج ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ھەر خىل يېمەك - ئىچمەك، دورا - دەرمەكلەرنى ئىشلىتىپ، بەدەندە يۈز بەرگەن تەڭپۇڭسىزلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەدەندىكى ھەر خىل قۇۋۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن بولغان «تەبىئەت» نى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئادەملەرنىڭ تەبىئىي مىزاجى، روھىي دۇنياسى ۋە نېرۋا پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ مىزاجى ۋە بەدىنىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ھەرىكىتى، تەبىئىي ۋە كەسپىي خۇسۇسىيەتلىرى، پىسخولوگىيەسى، ئۆرپ - ئادىتى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى بىمارنىڭ مىزاج دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ تەھلىل قىلىنىدۇ. «ساقلىق ۋە كېسەللىك ھالىتىنىڭ ئۇنىڭ مىزاجى بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى بار» دەپ قارىلىدۇ.

كېسەل پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىلنى (ماددىنى) تونۇش ۋە ئۇنى بەدەندىن ھەيدەپ چىقىرىش ئارقىلىق كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالاش مەقسەت قىلىنىدۇ.

كېسەل تەكشۈرۈش ۋە دىياگنوز قويۇشتا قاراپ تەكشۈرۈش، سوراپ تەكشۈرۈش، تومۇر كۆرۈش، چىقىرىندىلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئەمەلىي ئۇسۇللارغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىك ئاساسەن ئوزۇقلۇق ماددىلىرى ۋە داۋالىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئورگانىك ئەشيالار، ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن تەبىئىي دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىشتا، ئاساسىي جەھەتتىن فىزىكىلىق ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. پەقەت ئايرىم دورىلارنى كۈشتە قىلغاندا قىسمەن خىمىيەۋىلىك ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەدەنگە كىرگەن دورىلار داۋالاش رولىنى خەتەرسىز ئۆتەيدۇ. داۋالاش رولىنى ئۆتىيەلمىگەن تەقدىردىمۇ غىزالىق رولىنى ئۆتەپ بەدەنگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ دورىلارنىڭ بەدەنگە توپلىنىش ۋە زەھەرلەپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ. كۆپىنچە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر، ئوكسىگېن ۋە كاربونغا باي بولغان گۈل - چېچەكلەر ۋە ھەرخىل مېۋىلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان شىرنە – شەربەتلەر ۋە ئەرقلەر قايىنتىلما (كاشكاپلار) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نەرسىلەردە بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدىغان ھاياتىنلار ( ۋىتامىنلار ) مول بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسەن ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. مەلۇم بىر خىل مۇرەككەپ دورا تەركىبىدىكى ھەرخىل خام ئەشيالارنىڭ سانى بىر ھەسسە بولغان يەردە ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ھەسەل 2 - 3 ھەسسە، تۆت ھەسسە بولىدۇ. ھەسەلنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، يەنە دورىلارنى چىرىشتىن ۋە جاراسىمدىن ساقلاش خۇسۇسىيىتىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلەنگەن مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئۈنۈم مۇددىتى بىر يىلدىن بەش يىلغىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ھېسابلانغان دورىلارنىڭ تەركىبىگە ئىپار- ئەنبەر، مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق خام ئەشيالارمۇ قوشۇلىدۇ . بۇ ماددىلارنىڭ مېڭە، يۈرەك قاتارلىق مۇھىم ئەزالارغا ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېننى ئىنتايىن تېز يەتكۈزۈپ بېرىش ئالاھىدىلىكى بار.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە، كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاشتا ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلار ياشايدىغان جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە تەبىئىي شارائىتى قاتارلىقلار كۆپرەك نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بىمار قايسى جايدا ياشاپ ئۆسكەن بولسا شۇ جايدا ئۆسكەن، شۇ جايدىن چىققان خام ئەشيا قوشۇلۇپ ياسالغان دورا - دەرمەك بىلەن ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن داۋالاشنى تەكىتلەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھازىرقى غەرب تېبابىتى خەۋەرسىز تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر تېبابىتىدە مەۋجۇت. ئەگەر بۇ ئۇسۇللار تەتقىق قىلىنسا كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن

يەنە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى تەبىئىي.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتى يۈرەك، مېڭە - قان تومۇر كېسەللىكلىرى، دىئابىت كېسىلى ۋە ئاق كېسەل، تەمرەتكە قاتارلىقلارنى داۋالاشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تېبابەت خام ئەشيالىرىنىڭ تۈرلىرى 1500 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرى 700 خىلدىن ئاشىدۇ. ياسالما شەكىللىرى قويۇق ياسالمىلار، قاتتىق ياسالمىلار، سۇيۇق ياسالمىلار، تالقان ياسالمىلار قاتارلىق تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، مەجۇن، هەب، شەربەت، سوفۇپ قاتارلىق 50 خىلدىن ئاشىدۇ.

گەرچە ئۇيغۇر تېبابىتى 1950 - يىلىدىن باشلاپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي تېبابىتى بىلەن بىللە چەتكە قېقىلىپ، كەمسىتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقلىرى ۋە ياراتقان ئەمەلىي ئۈنۈملىرى نەتىجىسىدە، ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك جەھەتتىكى ئىلغارلىقلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، 1973 - يىللىرى خىتاي هۆكۈمىتى سەھىيە مەسئۇللىرى مىللىي تېبابەتنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە، ئۇنى «جۇڭيى تېبابىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى «ئاساسىي قانۇن» غا كىرگۈزدى ۋە ئۇنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى شۇ يىللاردىن باشلاپ ئالاهىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، خىتايدىكى ئەنئەنىۋى تېبابەتلەر ئىچىدىلا ئەمەس، دۇنيادىكى باشقا ئەنئەنىۋى تېبابەتلەرگە سېلىشتۇرغاندىمۇ مۇكەممەل نەزەرىيەۋى ئاساسقا، تۈرلۈك ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىگە ۋە ئالاهىدە رېتسېپ بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاهىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

ۋەتىنىمىزنىڭ هەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەهەر ۋە ناهىيەلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى 78 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن 6، ناهىيە دەرىجىلىكتىن 71 سى بار. ئۇلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر سانى 6152 كىشىدىن ئاشىدۇ ( 2012 - يىلدىكى سان ). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىنستىتۇتى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى»، «ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات مەركىزى» ۋە بىر قانچە ئورۇندا «قوم بىلەن داۋالاش ئورنى» قاتارلىقلار بار. ئەينى ۋاقىتتا ئون نەچچىدىن ئارتۇق چوڭ كۆلەمدىكى «ئۇيغۇر تېبابىتى دورا زاۋۇتى» بار ئىدى ( 2012 - يىلدىكى سان).

دېمەك، ۋەتىنىمىزدە داۋالاش، مائارىپ، تەتقىقات ۋە دورا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى ۋە «ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆلچەم تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئورگانلىرىنى ئۆلچەملىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دورىگەرلىك خىزمەتلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكنىڭ دورىگەرلىك ئۆلچىمى تۈزۈلۈپ، دورىلارنى كەڭ تۈردە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ئىشلىتىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتتە قانۇنىي ئاساس تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، هەر قايسى جايلاردىكى دورا زاۋۇتلىرى ئىلغار دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىدىن 130 خىلدىن ئارتۇق دورىنى خەلقئارادىكى ( گ م پ) سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەۋىيەدە ياساپ چىقىپ، ئۇلاردىن زۇكام جەۋھىرى، سەيپىستان جەۋھىرى، قۇرسى گاۋزىبان قۇرسى، مەرۋايىت قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى غەرب تېبابەت دوختۇرخانىلىرىغا كىرگۈزۈپ، داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مېدىتسىنا خادىملىرىنى هەيران قالدۇردى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قامۇسى» 7 توم، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كىلاسسىك ئەسەرلىرى» 12 توم نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد 14 خىل دەرسلىك، ئىككىنچى ئەۋلاد 29 خىل دەرسلىك، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىنستىتۇتىنىڭ 18 خىل دەرسلىكى قاتارلىق دەرسلىكلەر نەشر قىلىندى. يەنە هەر قايسى نەشرىياتلاردىن «ئىكسىر ئەزەن»، «هازىق»، «مەخزەنۇل ئەدۋىيە» قاتارلىق كىلاسسىك تېببىي ئەسەرلەر، «قانۇنچە»، «ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» قاتارلىق 600 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىتاب نەشر قىلىندى. شۇنداقلا «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللار نەشر قىلىندى.

تەتقىقات جەھەتتە، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيە ئاساسلىرىدىكى مىزاج، خىلىت، قۇۋۋەت، ئەزا تەلىماتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بەزى كۆپ ئۇچرايدىغان، داۋالاش قىيىن كېسەللىكلەردىن دەم سىقىلىش، يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرى، دىئابىت كېسىلى، تېرە تەمرەتكىسى، بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى قاتارلىق 30 نەچچە خىل كېسەللىكنى داۋالاش جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارغا دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1982 - يىلى مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي

جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى جەمئىيەت ئەزالىرى 100 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. كۆپ قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغىمۇ قاتنىشىپ، خەلقئارالىق سەۋىيەدىمۇ ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئىلىم ئالماشتۇرۇش، خادىملارنى تەربىيەلەش، ئىلىم - پەندىن ساۋات بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1987 - يىلى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغان بولۇپ، 30 يىل جەريانىدا 29 مىڭ 500 ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر تىبابىتى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈردى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەھەر، يېزا بازارلىرىدا بىر قانچە يۈز ئورۇندا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىلىرى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلغان ئىدى.

2014 - يىلى، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيە خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەتكە بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىن يېقىن بولغان، ئەنئەنىۋى تىبابىتىنى ساقلاپ قېلىپ تەرەققىي قىلدۇرالىغان مىللەتلەرنىڭ تىبابىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيەدە بىر ئەنئەنىۋى تىبابەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش مەقسىتىدە، ئەنقەرە يىلدىرىم بەيازىت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، تىبابەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە دوختۇرلاردىن بىر ھەيئەت تەشكىللەپ ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگوغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان تىبابەتنىڭ دەل ئۇيغۇر تىبابىتى ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تۈركىيەدە ئەنئەنىۋى تىبابەت شەكىللەندۈرۈشتە ئۇيغۇر تىبابىتىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە دوكلات يوللاپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلار ۋەتىنىمىز تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىبابەت ئىنستىتۇتى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى تۈركىيەگە كىرگۈزۈش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالايدۇ ۋە ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىي خادىملىرىدىن بىر قانچىنى تۈركىيەگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 2015 - يىلى 10 - ئايلاردا، مەبلەغ سالغۇچىلاردىن بىر قانچە كىشى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغۇن ئۆمەر، قەشقەرلىك ئابدىشۈكۈر ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، ئاتۇشلۇق كەرىم ھاجىم ۋە كورلىلىق ئابدۇرەھىم ھاجىم قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار مېنى ئەنقەرەگە بېرىپ پىلان لايىھەسىگە ياردەم قىلىشقا تەكلىپ قىلغان بولۇپ، مەن قىزىلچا ھامامام رايونىغا تەسىس قىلماقچى بولغان ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىك مەركەز بىناسى ۋە باشقا لايىھەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەنقەرە گازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، پىروفېسسور دوكتور ۋارىس چاكان بىلەن بىرلىكتە 6 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قىزىلچا ھامامدا تۇرۇپ خىزمەت قىلغان ئىدۇق. ئۇ يەردە سېتىۋېلىنغان زېمىنغا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات مەركىزى، تېۋىپ تەربىيەلەش مەكتىپى، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى ۋە زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى «پىشىشىق دورا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى» قاتارلىق لايىھەلەر بويىچە قۇرۇلۇش باشلانغان ئىدى. ئەمما، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ قۇرۇلۇش توختىتىلدى.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تىبابىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشتەك ئالىي مەقسەت ۋە غايىلەر بىلەن 2016 - يىلدىن باشلاپ «ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ۋەخپە» نى قۇردۇم. ۋەخپە خىزمىتىنى ئادەم تەربىيەلەش ئارقىلىق باشلاشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ۋەخپە قارمىقىدا ھەقسىز «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى» ئورۇنلاشتۇرۇپ ، 2016 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئىستانبۇلدا 6 ئايلىق، بىر يىللىق، ئىككى يىللىق ھەقسىز بەش قارار ئوقۇغۇچى تەربىيەلىدىم.

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئىستانبۇلدا مۇھاجىرەتتە تۇنجى قېتىملىق «خەلقئارالىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك – دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى <2019>» ئېچىلدى ۋە تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى چىقىرىلدى. يەنە ۋەخپە نامىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك – دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك – دورىگەرلىك تەتقىقات ۋەخپە»نىڭ مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش يولىدىكى غايە – نىشانلىرى ئۇقتۇرۇلدى. مۇھاجىرەتتىكى بارلىق «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك» خادىملىرىنى مەزكۇر ۋەخپە بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تۇرمۇش دېتاللىرى

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

## (1) تۈگمەن

تۈگمەن يارغۇنچاقتىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن مۇرەككەپ قۇرۇلمىدۇر. تۈگمەننىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيال يوق. ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم، 72 -، 184 -، 478 -، 505 -، 637 - بەتلىرى ۋە 3 - تومىنىڭ 364 - بېتىدە «ئۆگۈتچى»، «قوغۇش» (نور)، «تەگىرمەن قوغوشى» (تۈگمەن نورى)، «سىبەك» (سۆۋەك)، «سۈكەن»، «چىغرى» (تۈگمەن چاقى)، «تۆشۈرگۈ» (چۈشۈرگۈ)، «تەگىرمەن تىشەدى» (تۈگمەن تېشىنى چېكىش) قاتارلىق سۇ تۈگمىنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ ئىسمى ھازىرمۇ «تۈگمەنبېشى»، «بەشتۈگمەن»، «ياقا تۈگمەن»، «تۈگمەنئېرىق» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 - يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمىي قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، قەبرىلەردىن بۇغداي دانلىرى بايقالغان. كۆنچى دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان بۇ قەدىمىي بۇغداي دانلىرى ھازىرغىچە تارىم مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى ھېسابلىنىدۇ.



تۈگمەن ئادەتتە ياغاچ تاقاق، كويلا، ياغاچ نور ( قوچ، قوغاچ )، غۇلۋا، ئاقتا ( لەيلەڭگۈ )، چاقپەلەك، تاش (ئاستىنتاش، ئۈستۈنتاش)، ئۇنلۇق (ئورىلىق، خامپا )، سۈگەن، چاناق، شۈمەك، قىسقا شۈمەك، چېقىلدۇرغۇچ، تەڭشىگۈچ، قوپارغۇ قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

تۈگمەن سۇنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قاراپ بىر تاشلىق تۈگمەن، ئىككى تاشلىق تۈگمەن ھەتتا بەش، ئون تاشلىق تۈگمەن دەپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە يوغان ياغاچتىن نور چېپىپ، كويلا بېشىنى پۇختا قىلىپ نورنى بېكىتىدۇ. ئاندىن كېيىن غۇلۋانى تاختاي بىلەن قىلىدۇ. تۈگمەننىڭ ئاستىن تېشىنى غۇلۋىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، چاقنى غۇلۋىغا ئەكىرىپ، ئاختىنىڭ بېشىغا، ئەركەك تۇرۇمنىڭ بېشىغا چاقپەلەكنى سالىدۇ. ئاندىن شۈمەكنى ئاستىن تاشنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە چىقىرىدۇ. ئاندىن شۈمەكنىڭ ئۈستىگە پاقىنى قويۇپ، ئۈستىن تاشنى ياپىدۇ. چاقنىڭ بوي تۆمۈرىگە پەركارنى سېلىپ، بىر ئادەم غۇلۋانىڭ ئىچىگە كىرىپ چاقنى چۆرگىلىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنلۇق، يان تاختا قاتارلىقلارنى بېكىتىدۇ. ئاندىن ئۈستى تاشنى ئوقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىر ئادەم غۇلۋاغا كىرىپ، تۈگمەننى بىر قانچە قېتىم چۆرگىلىتىپ سىناپ باقىدۇ. چاتاق بولمىسا، سۈگەن، چاناق، چېقىلدۇرغۇچ قاتارلىقلارنى بېكىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈگمەننىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتكەن بولىدۇ.

تۈگمەن پۈتكەندىن كېيىن، تۈگمەن ئىگىسى خەيرلىك كۈندىن بىرنى تاللاپ بىرەر قوينى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، مەسجىد جامائىتىنى چاقىرىپ نەزىر بېرىپ، يېڭى تۈگمەننىڭ ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىشىنى ۋە بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەپ كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن، سۈگەنگە ئۆگۈتنى قويۇپ، سۇنى قويۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇن تارتىلىشقا باشلايدۇ.

چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «تۈگمەنچىلىك رىسالىسى» دا بايان قىلىنىشىچە، تۈگمەنچىلىكنىڭ پىرى ھەزرىتى ئىلياسمىش. رىسالىدە تۈگمەنچىلىكنىڭ پەرھىز ۋە سۈننەتلىرى، ۋاجىپلىرى، ئىجرا قىلىشتىكى قورال جابدۇقلار ۋە ئۇستاز شاگىرت مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، تۈگمەن ساھىبىنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا تەكبىر ئېيتىشى توغرىلىق پەرھىزلەر مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بىرىنچى تۈگمەندە تەكبىر ئالماق، ئىككىنچى يەنە بىر تۈگمەنگە يۆتكەلسە، ئۈچىنچى يالغان ۋەدە قىلسا، تۆتىنچى ھۈنەردىن تېنىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كەلسە، بەشىنچى ناھەق خۇن تۆكسە، ئالتىنچى ناپاك ھالەتتە تۈگمەنگە كىرسە، يەتتىنچى، ئۇستادىدىن ئازار يېگەن بولسا.»

بۇ ھەقتىكى ۋاجىپلار مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بىرىنچى تۈگمەن تولا بۇزۇلغان بولسا، ئىككىنچى شاراپ ئىچسە، ئۈچىنچى زىنا قىلسا، تۆتىنچى تۈگمەن بەتەر بولۇپ قالسا، بەشىنچى كافىر بولۇپ يەنە مۇسۇلمان بولسا بوش ۋاقىتىدا تەكبىر ئالماق ۋاجىپتۇر.»

بۇ ھەقتىكى سۈننەتلەر مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بىرىنچى تۈگمەن تېشىنى چىقارغاندا، ئىككىنچى تاش راست قىلسا(تاشنى ئۈستى - ئۈستىگە قويماق)، ئۈچىنچى ئۆي كۆچسە، تۆتىنچى بەدەندىن قان چىقسا،بەشىنچى ئاتىسىدىن

مىراس قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرسا، ئالتىنچى يىگى تاش سالغاندا، يەتتىنچى فەركار تۈزگەندە (فەركار-تۈگمەنگە بۇغداينى قۇيىدىغان ئەسۋاب)، سەككىزىنچى تەكبىرى فەرزنى ساھىب تەكبىردىن ئالسا بولىدۇ.»




## (2) ئۇرچۇق

ئۇرچۇق قەدىمكى يىپ ئىگىرىش سايمىنى بولۇپ، يىپ ئىگىرىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق سايمان. ئۇرچۇق «يىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىك قرىپ ياسىغۇچىلار «يىكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇرۇم چاقتا تالا ناچىلىرنى تۇتۇپ تۇردىغان تۆمۈر يىكلەر ئورنىتىلغان ئىككى مىتىر ئىگىزلىكتىكى جازا «يىكدان» دەپ ئاتىلىدۇ.ھازىر فابرىكىلاردا قوللىنىلىدىغان ئۇرچۇقلار توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئىستانوكلارغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇرچۇق سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چۈشەندۈرۈلگەن «ئىغ» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، موڭغۇلچىدىن كىرگەن سۆز دەپ قارايدىغان قاراشتىكىلەرمۇ بار. ئاناتولىيەدىكى بەزى رايونلاردا «ئورجوك»، «وروجوك» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىر قىسىم تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر مەسىلەن روسىيەدىكى قاراچاي مالكار تۈركلىرىمۇ «ئۇرچۇق» دەپ قوللىنىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار «ئىغ» سۆزلىمىنىڭ «ئۇرماق»، «ئىگىرمەك» مەنىسى بار، شۇڭا بۇ سۆز قەدىمكى تۈركچىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.

ھۆنەر - سەنئەتكە باي ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى تارىختىن بۇيان، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك تاۋار دۇردۇن، كىمخاپ، چەكمەن رەختلەرنى توقۇپ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن يادىكارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇرچۇق» خېلى كۆپ قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ قاتارىدا ئۇچرايدۇ.



داڭلىق توقۇلما بۇيۇم مۇتەخەسسىسى ۋىۋى سىلۋانىڭ بايان قىلىشىچە، لوپنۇر بويىدىكى ئۆردەك بايقىغان بىر تۇتاش قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆستەڭ بويى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە، قوي يۇڭىدىن يىپ ئېشىدىغان ئۇرچۇق بولۇپ، ئۇرچۇق بىلەن ئۇنىڭ چوكىسى بىللە بولۇپ، ئۇرچۇق چوكىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر تۆشۈك بار ئىكەن.

زاغۇنلۇق خارابىلىقىدىن بايقالغان يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە تارىخى 3000 يىللار ئەتراپىدا بولغان ھەمدەمىدە بۇيۇملىرى قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ قەبرىلىرىگە پىچاق، ئىگەر، قامچا، بىلەي تاشلار ھەمدەمىدە بۇيۇمى قىلىنغان بولسا، ئايال جەسەتلەرنىڭ قەبرىسىگە ئاساسلىقى ئۇرچۇق ھەمدەمىدە بۇيۇمى قىلىنغان، كىچىك باللارغا بولسا مۇڭگۈز قام ھەمدەمىدە بۇيۇمى قىلىنغان. يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان يانقىر قەبرىستانلىقىدىن ئاساسلىقى ساپال بۇيۇملار ۋە ياغاچ بۇيۇملار قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇرچۇق، تارغاق ۋە ئوق قاتارلىقلار، ئۇلاردىن باشقا يەنە مىس پالتا، مىس پىچاق، ئېغىزدۇرۇق، بېزەك قاتارلىق بويۇملار قېزىۋېلىنغان.

ئالتۇن قەدىمكى شەھەر خارابىسى شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئالتۇن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 10 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار بىر دانە ئۇرچۇق بايقالغان.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم، 72 -، 184 -، 478 -، 505 -، 637 - بەتلىرى ۋە 3 - تومى 364 - بەت

2. ئابدۇرىشات مۇساجان تۇغرۇل، «ئۇيغۇرلاردا تۈگمەنچىلىك»، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» 2012 - يىللىق 6 -سان، 57 -بەت

3. << Değirmencilik Risalesi>> Gazi Kitabevi, 2016

4. تۇرسۇنجان ئابابەكرى، «زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ۋە قەدىمىي چەرچەننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژۇرنىلى»، 2009 - يىللىق 2 -سان، 51 - 56 - بەتلەر

# ياشلار شېئىرىيىتىگە نەزەر

شائىرەم باراتوۋا[*] (قازاقىستان)

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 60 - 80 - يىللىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە نادىر ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن نەزم ژانىر جۇشقۇن تەرەققىي ئېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. نام - نىشانى تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلغۇسى خېلىل ھەمرايېف، ئىلىيار بەختىيار، دولقۇن ياسىنوف، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوف، ھېزىم بەخنىيازوف، ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقوف، جەمشىت روزاخۇنوف كەبى بىر تۈركۈم شائىرلار ھەقىقىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ، چوڭ مەدەنىي خەزىنە قالدۇرالىدى. ئەپسۇس، ئۇزۇن ئەسىرلىك ئەدەبىياتىمىزغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان مەزكۇر ئەدىبلەرنىڭ كۆپچىلىكىدىن ھايات بېسىملىرى تۆپەيلى بىمەزگىل ئايرىلىپ قالدۇق... ئۆز خەلقى تەقدىرىگە بېپەرۋا قارالمايدىغان ھەربىر ئىنسان قەلبىدە «كۆرۈنەرلىك/مۇنەۋۋەر ئەدىبلەر بەرپا قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شۇ گۈللەنگەن دەۋرى قايتا ئۆز ئەكسىگە كېلەرمۇ ياكى جاھالەت چاڭگىلىغا پېتىپ، روھىي چۈشكۈنلۈك ئاسارىتىگە چۆكۈپ قالارمىزمۇ؟» دېگەن ئەندىشە - تەشۋىشنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي. بۇ ماقالىمىزدە كۆڭۈللەرنى بىئارام قىلىۋاتقان مەزكۇر سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشتۇق.

ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىنى شۇ دەۋر شارائىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ باھالاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى (2 - دۇنيا ئۇرۇشى) ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تارىخىي ۋەتىنىمىزدىن كۆچۈپ چىققان بىر توپ شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. شۇنداقلا ئۇ مەزگىللەردە قەلەم ساھىبلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان يېتەكچى كۈچلەرمۇ يېتەرلىك ئىدى. بازار ئىقتىسادى كەڭ قانات يايغان بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر ئىجادكار پەقەتلا ئۆز كۈچىگە تايىنىدىغان ئېغىر بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. شۇنىدىمۇ 2017 - يىلى بىر تۈركۈم ئىجادكارلارنىڭ باش قوشۇشى بىلەن «ۋارىس ئەدەبىي - ئىجادىي ئۆمىكى» تەشكىل قىلىندى. بۇ بىرلەشمە تەركىبىدىكى ياشلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە، مىللىي مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە قەرەللىك ئېلان قىلىنىپ، كۆپچىلىك قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى يىلىنجاتماقتا. بۇ باردا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئورۇن ئالغان «ئارزۇ بۇلاقلىرى» ناملىق ئومۇمىي توپلام نەشر قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك ئارتۇق بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۆزى يېقىندا ئىسمى ئاتالغان ئەدىبلەرنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان ئىزباسار ياشلار سېپى شەكىللىنىپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. شۇنداق، ئۇلارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرىي ئەسەرلەرنى ھەر جەھەتتىن تەلتۆكۈس ئىجاد قىلىنغان، دەپ بىر تەرەپلىمىلىك باھا بېرىش تەس ھەم كەلگۈسى ھاياتىنى شېئىرىيەتنىڭ مۇشەققەتلىك يولىغا بېغىشلىشىنىمۇ تولۇق جەزىملەشتۈرەلمەيمىز، بۇنى بىزگە پەقەت ۋاقىت ئىسپاتلايدۇ. ئېتىراپ قىلىمىزكى، ياش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نۇقسان -كەمچىلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئىنتايىن نورمال، لېكىن شۇنىدىمۇ ھازىرچە ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت يۈكىنى زىممىسىگە ئارتىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئۆزىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئەرزىيدۇ.

يېقىندا تەكشۈرۈلگەن «ۋارىس» ئىجادىي ئۆمىكىنىڭ رەئىسى ۋىلىيام مولوتوف بۈگۈنكى كۈندە كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ياش شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ «سىرلىق ئالەم» ناملىق ھەرپلىك تېپىشماقلار ئورۇن ئالغان كىتاب بىلەن بىرگە «يۇلتۇزلاردا ئارمانلار»، «كۆك بۆرە ئەۋلادىمەن»، «كۆڭلۈم ئاسمىنى» ناملىق نەزمىي توپلاملارنىڭ مۇئەللىپى. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە مىللىي روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىرىي مىسرالار كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى، تارىخىي ۋەتىنىمىزگە، دەردمەن خەلقىمىزگە چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى، كەلگۈسىگە پارلاق ئىشەنچ - ئۈمىدى ھەربىر توپلىمىدا خۇددى تايغا بېسىلغان تامغىدەك يارقىن چېلىقىپ تۇرىدۇ. پىكرىمىزگە ئەدىبنىڭ «سۆيدۈم ۋەتەننى»، «ۋەتەنسىز»، «بولسۇن»، «قارا بۇلۇت»، «قاچان»، «ئۆزىمىز بولماي»، «ئىلى بىلەن مۇڭدىشىش»، «سۇنماس ئىرادەم» «خوش ۋەتەن» «مىللىي روھ ئاۋازى» كەبى شېئىرلىرى مىسال بولالايدۇ. شۇنداقلا، 2013 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ «كۆك بۆرە ئەۋلادىمەن» دەپ ئاتىلىشىمۇ بىھۇدە بولمىسا كېرەك. شائىرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا پىكىر دائىرىسى ۋە تەپەككۇر دۇنياسىنىڭ بىپايانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ، ئاخىرقى توپلىمىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەر ماۋزۇ ھەم شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىللىشىپ، ياش ئەدىبنىڭ ئوي - پىكرىنىڭ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ۋ. مولوتوفنىڭ تېنىمسىز ئىجادىي ئىزدىنىشىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.

تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغىنى باشتىن كەچۈرگەن لىرىك قەھرىمان ئۆزى كۆرگەن، بايقىغان ئۆمۈر كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىچە باھالىغان ھالدا، مەنىۋىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلىشقا تىرىشىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى كىتابخانىنىمۇ ئويغا سالىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالارغا دىققەت قىلىپ كۆرەيلى:

دوملىتىپ بەزەن ئۆرگە تېشىڭنى،
بەزەن تاشقا تەككۈزەركەن بېشىڭنى.

* فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى

سىلىپ قويۇپ ئۇسسۇلغا تۇرمۇشىنىڭ،
ئۆرۈمىگە ئالدىكەن يېشىگنى.

بىر قارىماققا بارلىق شائىرلار ئىجادىدا قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋىي ئون بىر بوغۇملۇق ئۆلچەم ھەم ئادەتتە كۆپ ئاڭلاپ، قۇلاق پىشىپ قالغان قاپىيەلەر تىزمىسىدىن تەركىب تاپقان كۇپلېت، ئەقىل ئەگلىگىدىن، سېزىم سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مىسرالارنىڭ كىتابخان دىققىتىنى جەلپ قىلغۇچى كۈچى ئۇنىڭدا ئېيتىلغان شائىرنىڭ ئىدىيەسىگە، چوڭقۇر ئوي - مۇلاھىزىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شائىر مەزكۇر قۇرلاردا ھايات ھەقىقىتىنى تەسۋىرلەپ، تۇرمۇش دەقىقىلىرىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئوقۇغىنىمىزدا مۇئەللىپنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولىمىز، ئەقىل - ئىدراكى، تالانت - ئىقتىدارىنى ئېتىراپ قىلىمىز. دېمەك، ئەنئەنىۋىي شەكىلگىمۇ يېڭىچە پىكىر - تەپەككۇرنى سىغدۇرۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم چىن پۈتىمىز. بۇ مىسرالاردا، سۆزسىز تەبىئىيلىك كۈچلۈك. تەبىئىي يېزىلغان شېئىرنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك ۋ. مولوتوۋنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئۆمۈر سەھنىسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، خىسلەت – خۇسۇسىيەتلىرى تۇرمۇشنىڭ بەزى دەقىقىلىرىدە تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنىدىغانلىقى راست. كۆپچىلىك بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ياش شائىر ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى «ئون خىسلەت ھەققىدە ئون ئونلۇق» ناملىق بۆلۈمدە ئۆرنەك قىلسا، «ئون ئىللەت ھەققىدە ئون ئونلۇق» تۈركۈمىدە نەپرەتلىك ئىللەتلەرنى پاش قىلىشقا تىرىشقان.

ياش شائىرنىڭ ل. مۇتەللىپ، س. ئېسىپىن، ئى. بەختىيارغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. مەزكۇر شېئىرلاردا ئومۇمىيلىقتىن كۆرە، كۆرۈنەرلىك قەلەم ساھىبلىرىنىڭ تەبىئىي تالانتىنى، ئىجادىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلار كۈچلۈك. مۇئەللىپ تالانتلىق شائىرلارنى قۇرۇق، سەپسەتە سۆزلەر بىلەن مەدھىيەلىمەي، ئۇلار ھاياتىنىڭ مەزمۇن - ماھىيىتىنى، شېئىرىيەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، يېڭىچە پىكىر قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەدىبلەرنى دائىم ياد ئېتىپ، ئەسەرلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىش كەلگۈسى بوغۇنىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى يادىمىزغا سالىدۇ.

يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بالىلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر كەمچىل. دەرھەقىقەت، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىرەر ئەسەر يارىتىشتا تەبىئىي تالانت بىلەن بىللە پېداگوگىكىلىق چېۋەرلىك، پسىخولوگىيەلىك بىلىم تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋ. مولوتوۋ بۇخىل ئۆزگىچىلىكلەرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئاددىي، راۋان، يېنىك تىل بىلەن ياش ئەۋلادلارغا «ئويۇننىڭ ئاقىۋىتى»، «نۇرلۇق كۈن»، «تەتىلدە»، «كۆرەڭلىكنىڭ ئاقىۋىتى» كەبى ئىخچام سىيوژېتلىق شېئىرلارنى تەقدىم قىلدى. ياش شائىر ئىنى - سىڭىللىرىغا ۋەز - نەسىھەت ئېيتىشتىن كۆرە، ئۇلارنى ئويلاندۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا قول سېلىپ ئىشلەشكە، ئىجادىي ئىزدىنىشكە ئۈندەيدىغان ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرىي تېپىشماقلارمۇ ياش ئۆسمۈرلەر كۆز قارىشىنىڭ كېڭىيىشىگە، ئىقتىدار - قابىلىيىتىنىڭ كامىل يېتىلىشىگە ئاساس بولالايدۇ.

يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، ۋىلىيام مولوتوۋ ئىجادى شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىللىقتا ئىگە. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىكىلىق شېئىرلاردىن سىرت، لىرو-ئېپىكىلىق ژانىرلارمۇ بوي كۆرسىتىپ قالىدۇ. بۇ پىكىرىمىزگە ئەدىبىنىڭ «ۋاپادار ئىت»، «مېھىر ۋە مۇھەببەت» ناملىق باللادىلىرى دەلىل بولالايدۇ. مەزكۇر ئەسەرلەر مەلۇم بىر ئېپىزوتلۇق ھەم ھەيران قالارلىق سىيوژېت ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، قەھرىمانىنىڭ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش - ھەرىكىتى ئىپادىلىنىدۇ. شائىر باللادىلىرى قىسقا، ئىخچام بولۇشى بىلەن بىللە سىيوژېتىمۇ شۇ قەدەر ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرالايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە.

ياش شائىرنىڭ تۇغما تالانتى بىلەن ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ ئۇيغۇنلىشىشى بىلەن «ئانا - ئالەم ۋە كىچىك ئادەم» ناملىق لىرىكىلىق پوئېما (داستان) بارلىققا كېلىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە قەلەم ساھىبىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى، پەرزەنتلىك بۇرچى ئىزھار قىلىنىدۇ. ۋ. مولوتوۋ شېئىرىيەتنىڭ بۇخىل يىرىك ژانىرلىرىدا دەسلەپكى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، قەدىمى ئوڭۇشلۇق، ئۇتۇقلۇق چىققان دېسەك ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

ھەرقانداق تەرجىمان ئۆز خەلقىگە ياخشى ئەسەرنى تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. جۈملىدىن، ياش شائىرنىڭ «تۈركلەرگە ئىلتىجا» ناملىق شېئىرىنىڭ قازاق، رۇس، تۈرك، ئۆزبېك ، ئەزەربەيجان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئەسەرنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت، شائىرنىڭ «سەنئەتكارلارغا»، «گۈل ۋە يۈرەك»، «ھايات گۈزەل»، «سېغىنىدىم» كەبى ئاھاڭغا سېلىنغان شېئىرلىرىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇ.

دەرھەقىقەت، ۋ. مولوتوۋ چوڭقۇر ئوي - تەپەككۇرىنى شېئىرىي ئەسەرلەردە ئېنىق، دەل يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاكلىق، تازىلىق قەلىمىدىن پۈتۈلگەن مىسرالىرىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئەدىب شېئىرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىكىلىق لەززەت بېغىشلاشتىكى سىرىمۇ شۇنىڭدا بولسا كېرەك...

يېڭى كىتابلار قولىمىزغا چۈشكەنسېرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئۇلغىيىپ بارىدۇ. پوئېزىيە (شېئىرىيەت ) ساھەسىگە مەزمۇت قەدەم بېسىپ كىرگەن ئابدۇلجان ئازنىباقىيېفنىڭ «يۈرەك ئالبومى» ناملىق نۆۋەتتىكى شېئىرىي توپلىمى يېقىندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەمگەك ياش شائىرنىڭ ئۈچىنچى توپلىمى، ئۇنىڭدىن سىرت شائىرنىڭ «قەلبىم باھارى»، «ياشلىق لىرىكىلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان. راست، ئىجاد يولىنى تاللىغان ھەرقانداق ھەۋەسكار دەسلەپكى قەدەملىرىدە

سەۋەنلىككە يول قويۇشى تەبىئىي. مۇھىمى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى ھەم ئۆز خاتالىقىنى ھېس قىلىش جەريانىدا تۈزىتىشكە تەلپۈنۈشى ئىجادكارنىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئەكسىچە، يەنىلا جاھىللىق بىلەن خاتالىققا يول قويۇشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئابدۇلجاننىڭ دەسلەپكى ئىجادىي توپلىمىدا بايقىلىدىغان يېتەرسىزلىكلەر كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ياش شائىرنىڭ يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا تەلپۈنۈشىنى ھەمدە قەلىمىنىڭ يىللار داۋامىدا تاۋلىنىشىنى كۆرسىتىپ كېرەك. ئۇ رېئال ھاياتنى ئۆزىگە خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن تونۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا باھالاشقا تىرىشىدۇ. ئابدۇلجاننىڭ ئەسەرلىرىدىن يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئۆمەر مۇھەممەدىي، نۇر ئىسرايىلوف، ئىسمايىل ساتتاروف كەبى ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىغا خاس ئىزنالارنى، شۇ دەۋرلەردىكى چاچما شېئىرنىڭ ھىدىنى سېزىمىز. بەلكىم، كەلگۈسىدە ياش شائىرنىڭ مودېرنىزم ئېقىمىدا ئەسەرلەر يارىتىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ تۆۋەندىكى لىرىكىلىق مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

تاڭنى كۈتمەيمەن، ئۆچ بولدۇم،
ھايات ۋاڭ - چۇڭى ئارامسىز.
تۈنگە يار بولدۇم.
بۈگۈنچۇ -
ياندا قالامسەن جانان قىز!؟

قۇرلار چاچما شەكىلدە بېرىلگەن، بوغۇم سانى بىرخىل ئەمەس. ياش شائىر ئەنئەنىۋىي ماۋزۇنى ئىپادىلەشتە چوقۇم قەلبەن سەزگەن ھەم بىلگەن ھالدا ئۇشبۇ شەكىلنى تاللاپ ئالغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ قەدىمىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتسەك ئارتۇق بولمىسا كېرەك. دەرھەقىقەت، شېئىرىيەت مەيدانىدا مەڭگۈلۈك ماۋزۇغا مۇراجىئەت قىلمىغان شائىر يوق بولسا كېرەك. بۇ ماۋزۇ، بولۇپمۇ، ياشلار ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئابدۇلجانمۇ يۈرەك سىرىنى، سۆيگۈ ئوتىنى جۇشقۇن تەسۋىرلەپ ئىستىداتىنى نامايان قىلغان.

ئابدۇلجاننىڭ ئىجادىدا پېيزاژ (تاغ - دەريالار، كۆرۈنۈش، مەنزىرىلەر) لىرىكىسىمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئانا تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئېنىق تەسۋىرلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بولۇپمۇ، «باھار توغرىسىدا سىيوژېتلار»، «يېزامدىكى كۈز» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا تەبىئەتنىڭ ئاددىي سۈرىتىنى ئەمەس، بەلكى ئەتىيازنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، كۈزنىڭ سېخىي خىسلەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىمىز. ئوقۇرمەن سۆز بىلەن راسلانغان كۆركەم مەنزىرىنى لىرىك قەھرىماننىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئىللىق تەسىراتقا بۆلۈنىدۇ.

ئا. ئازنىباقىيېف تەرجىمە ساھەسىدىمۇ تىنىماي ئەمگەك قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. ئېنىقراق ئېيتساق، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئابدۇلجاننىڭ ئەجرى ئارقىلىق قازاق، رۇس، قۇمىق، ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئانا تىلىدا بىۋاسىتە تونۇشۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. يەنى، ياش شائىر دەۋلەتبېك بايتۇرسۇنئوغلى، كرىستىنا ئاندرىيانوۋا - كىنىگا، نۇرىيانا ئارسلانوۋا، نازېركې سېرىكقىزى، مىراس ئاسان، ئۇلاربېك نۇرغالىمئوغلى، قالقامان سارىن، دىلبەر مالىكوۋا، مېرېي قارتلارنىڭ، مەخفۇزە ئىمومووۋا كەبى قېرىنداش خەلقلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيتتى. ياش تەرجىمان مەزكۇر شائىرلارنىڭ تەپەككۇرىنى، شېئىرلىرىنىڭ شەكلىي ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن ساقلاشقا تىرىشقان. دەرھەقىقەت، نەزمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس، بۇ ئىش تەرجىماندىن شېئىرىيەتنىڭ قۇلى سۈپىتىدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەكنى، بولۇپمۇ، ئىجادىي ئىزدىنىشنى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابدۇلجاننىڭ قازاق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا كۆپ مۇراجىئەت قىلىشىنىڭ سىرى دۆلەت تىلىنى مۇكەممەل بىلىشىگە، قازاق تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرى مۇتەخەسسىسلىكىنى قازىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. شۇنداقلا ئۇ قازاق تىلىدا «تىلېگىم»، «ئۇستازىم-اۋ!» «پوېزد ژەنې سېزىم»، «ژېتېيىكىشى ماقساتقا» ناملىق شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئابدۇلجان كۆپ ۋاقتىنى «غۇنچە» ژۇرنىلىدا ياش ئۆسمۈرلەر شېئىرلىرىنى تەھرىرلىك قىلىشقا بېغىشلىدى. دېمەكچى بولغىنىمىز، قەلبىدىكى شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياقىنىڭ كۈچىيىشىدە مەزكۇر ژۇرنالنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنىڭ تەسىرىمۇ يوق ئەمەس. كۆڭۈل تەشنالىقىنى دانا خەلقىمىزنىڭ ئېغىز ئىجادىيەت نەمۇنىلىرى بىلەن قاندۇرۇپ ئۆسكەن ئابدۇلجاننىڭ بېيىت ئوقۇشتىمۇ چېۋەرلىكى بايقىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ناخشا مەتىنلىرى ئامما ئارىسىدا ئاممىباباپلىققا ئىگە. ئابدۇلجاننىڭ «يۈرەك ئالبومىنى» ۋاراقلاپ، تەشنا كۆڭلىمىز قېنىپ قالدى...

نەسر ۋە نەزم ژانىرلىرىدا بىردەك قەلەم تەۋرىتىپ، كۆپچىلىك قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلىۋاتقان ياش شائىرە گۈلناز سەيدۇللايېۋانىڭ ئەسەرلىرىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، گۈلنازنىڭ شېئىرلىرى ئوقۇرمەن نەزەرلىرىنى جەلپ قىلارلىق تەسۋىرلەش كۈچىگە ئىگە. دەرھەقىقەت، ئۇنىڭ ئويى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ھەم ھېس - تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىش ئىقتىدارى ئۈستۈن. پىكرىمىزنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كىتابخانىلار يات يېقىندا گۈلنازنىڭ شېئىرىي توپلىمى بىلەن دىدارلاشقىنىدا تونۇپ يېتىشىگە ئىشەنچىمىز كامىل. شۇنداقلا، ياش شائىرەنىڭ شېئىرلىرى ھەرخىل ۋەزىنلەر ئىجاد قىلىنىپ، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىق ئۈستىدە دادىل تۈردە ئىزدىنىشى بىزنى خۇشال قىلدى.

ئەدەبىياتتا ھېچ كىمنى دورىماي، ھەربىر ياش ئىجادكار ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن مۇستەقىل ئىجادىي ئىزدىنىشكە ئىنتىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا،

گۈلنازنىڭ ئەسەرلىرىدە شوخلىق يېڭىچە تەسۋىرلەر، ئۆزگىچە ئوي - پىكىرلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ، ئانا يۇرتنىڭ ئىسسىق مېھرى، گۈزەل تەبىئىتى، بالىلىق دەۋرىنى سېغىنىش ئىلكىدە ئىجاد قىلىنغان «ئانا يۇرت سېغىنىشى»، «يۇرت باغرىدىن ئىزدەڭ»، «تىلىكىم»، «سېرىق سەمەدىن ياسالغان ئۈزۈك»، «كامىل موما - بوۋىلار»، «بالىلىقنى كىنەش» ناملىق شېئىرلىرىدا يارقىن كۆرۈنىدۇ. مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ لىرىكىلىق قەھرىمانى «تۆشۈك چۆگۈن، قاچا - قومۇچ سۇنغىدىن ئۆيچەك ئويناپ»، «سۇ تېگىدىكى لايدىن تونۇر ياساپ»، «ئېتىكىمنى ئوقتاشقا تولدۇرۇپ»، «ئەدراسمانىنىڭ ئۇرۇغىنى مارجان قىلىپ ئاسقان»، «قېشىغا ئوسما، قولىغا خىنە قويغان»، «ھەر سەھەردە مومىسى بىلەن ساي تەرەپكە سەيرى ھەيدەشكە ماڭىدىغان» يۇرتنىڭ ئەركە قىزى. بۇخىل ئالاھىدىلىكلەر يېزىدا ئۆسكەن ھەربىر ئوقۇرمەنگە يېقىندىن تونۇش بولغاچقا، مۇئەللىپ بىلەن بىللە ئىختىيارسىز بالىلىق دەۋرىمىزگە سەپەر قىلىمىز.

ياش شائىرە ئىجادىدا پېيىزاژ لىرىكىسىمۇ ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ. گۈلناز سۈرەت، ئوي، تەسىرات مۇجەسسەملەنگەن شېئىرلىرىدا يۈرەك قاتلىرىدىن كەچكەن تەسۋىرنى ئابستراكت سۆزلەر بىلەن ئەمەس، كونكرېت پاكىتلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «ئۈمىدلىك باھار»، «مەڭگۈلۈك باھار»، «باھار – ئۈمىدىم»، «باھار بولۇپ»، «يوپۇرماق» شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا چىن مۇھىتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ھۇزۇرلىنىپ تاماشا قىلىمىز. گۈلنازنىڭ ئىجادىيىتىدە تەبىئەت پەسىللىرىدىن، بولۇپمۇ، باھارنىڭ ئورنى ئالاھىدە. دەرھەقىقەت، بۇ مەزگىلدە پۈتكۈل ئالەم ئويغىنىپ، تۇرمۇشنىڭ تىرىكچىلىكى قايتا جانلىنىدىغانلىقى ئېنىق. شائىرە پەسىلنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۆلەكچە رەڭدار تەسۋىرلەيدۇ. ياش شائىرە تەبىئەتكە خاس جانسىز نەرسە ياكى ھادىسىگە «جان بەخش ئېتىپ» ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، يېڭىچە تەسۋىري ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مىسرالارنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ، كىتابخانغا ئېستېتىكىلىق ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇ سۆزىمىزگە ئۇنىڭ «ياپراق» ناملىق شېئىرى دەلىل بولالايدۇ:

كۈز ئەمرىنى يۈرگۈزگەن باغدا،
قىزىل - سېرىق بويالغان ئەتراپ.
دىرىلدەيدۇ يالىڭاچ شاختا،
ئۈزۈلگىلى ئىنتىلىپ ياپراق.

بىر چاغ شامال يۇلۇپ دەرەختىن،
ئايىماستىن تاشلىدى پەسكە.
يەر بېغىرلاپ قالدى ئۇ غەمكىن،
شاد كۈنلىرىن ئېلىپ گاھ ئەسكە.

گۈلنازنىڭ مانا شۇنداق جانلىق تەبىئەتنى سۆز ئارقىلىق رەسسام مىسالى سىزىش قابىلىيىتى مەۋجۇت. مىڭلىغان كۆزلەر كۆرەلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى شائىرانە كۆزى بىلەن بايقاپ، قەلبى بىلەن سېزەلەيدۇ، مۇھىمى كىتابخاننىڭ كۆز ئۆڭىدە نامايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. گۈلنازنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىر، تەپەككۇر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا.

ئەسەرلەر سانى بىلەن ئەمەس، سۈپىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ دېيىلسە، گۈلنازنىڭ شېئىرلىرى پىكرىمىزنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

شېئىري ئەسەرلىرى كۆپچىلىكنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن ياشلىرىمىزنىڭ بىرى – ئالىبىنا ئەمەتتوۋا. ئالىبىنانىڭ دەسلەپكى توپلىمىنى ئۈمىد بىلەن ئوقۇپ، شادلىق بىلەن تاماملىدىم. ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىز مەيدانىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى شەكىللىنىپ، مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز زور. ياش شائىرە ھەربىر شېئىرنى ئىجاد قىلىشتا قانداق سېزىمگە بۆلەنگەن بولسا، شېئىرىيەت مۇخلىسلىرىمۇ شۇخىل ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرگەن بولسا كېرەك. چۈنكى شەكىل ھەم مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ كېلىدىغان ئەسەرلەر ئۈستۈن ئىستېدات بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئاتاپ ئۆتۈش لازىم. دەرھەقىقەت، ئالىبىنا ھەربىر شېئىرنىڭ تەلتۆكۈس چىقىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سىرتقى تەسىرنى قوبۇل قىلىش ھەم شۇ تەسىرنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش قابىلىيىتىمۇ ئۈستۈن. بۇنىڭ ئۆزى ياش شائىرەنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئا. ئەمەتتوۋا شېئىرلىرىدىن قەلبىدە پارلاپ تۇرغان ياشلىق يالقۇنى، مۇھەببەت ئوتى بالقىيدۇ. بۇ سۆيگۈ ئۇچقۇنى ئانا يۇرتىغا، دەردمەن خەلقىگە، گۈزەل تەبىئەتكە ھەم يۈرەك ئەمرى تاللىغان يارىغا بېغىشلىنىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئادەتتە ھەرقانداق ياش ئىجادكارلارنىڭ دەسلەپكى شېئىري مىسرالىرى ئەنە شۇخىل ماۋزۇلارغا بېغىشلىنىدىغانلىقىنى ھەقىقەت. كېيىنرەك ھاياتنىڭ قىر - سىرىغا چوڭقۇر چۆككەنسېرى ماۋزۇ دائىرىسىمۇ كېڭىيىدىغانلىقى ئېنىق. بولۇپمۇ، سۆيگەن يارىغا بولغان ئىشق ئوتى ئاشىقنى قولغا قەلەم ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋەسلىنى تەرىپلەشكە، سېغىنىش سېزىملىرىنى ئىزھار قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى سۆيگۈ تۇيغۇسى يۈرەك قاتلاملىرىدىكى سېزىمنى سۆزدىن ئاۋۋال كۆزلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈپ قويىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. قەلبىدە ئويغانغان بۇ ھېس - تۇيغۇنى خىلمۇخىل شەكىللەرگە سېلىشى ھەم ئۆز مۇھەببىتىنى ئۆتكۈر تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەرىپلەپ بېرىشى – ئالىبىنا ئىجادىيىتىگە خاس ئىزدىنىشلەر.

دەرھەقىقەت، ئالىبىنانىڭ شېئىرلىرىنىڭ شەكىللىرى دىققەت تارتىدۇ. «سەن يىراق» ناملىق شېئىرىدا سەككىز بوغۇملۇق قۇرنى تۆت بوغۇملۇق مىسرا بىلەن ئالماشتۇرغان بولسا، «سەن بولمىساڭ» شېئىرىدا ئون بىر بوغۇملۇق ئۆلچەم يەتتە بوغۇملۇق

مىسرالار بىلەن نۇۋەتلىشىدۇ. بۇخىل شەكلىي تۈزۈلۈش مۇئەللىپىنىڭ «قول تۇتۇشۇپ يۈرەيلى»، «ئالدامچى سۆيگۈ ئىكەن...» ناملىق شېئىرلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. پىكىرىمىزگە تۆۋەندىكى مىسرالار مىسال بولالايدۇ:

كۆزلەر يىراق كۆزلىرىڭگە،
باقاي دېسەم.
لەۋلەر ئامراق لەۋلىرىڭگە،
ياقاي كەلسەڭ.

ياكى

كۆكتە قۇياش ماڭا كۈلۈپ باقمايدۇ،
يورۇق يۈزۈڭ بولمىسا.
كېچە يۇلتۇز نەدە ئۇنداق چاقنايدۇ؟!
نۇرلۇق كۆزۈڭ بولمىسا.

بۇ خىل ئالماش ۋەزىنلىك ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلغان شېئىرلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ سۈرئەتلىك تەرەققىي ئېتىشى جەريانىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يەنى، بۇ شائىرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۆلچەملەرنى ئىزچىل قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلار ئاساسىغا ھەر خىل مېتىرىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك. ئەنئەنىنى ئا. ئەمەتوۋا ئۆز ئىجادىدا داۋاملاشتۇرۇپ ئەل كۆڭلىگە ياقارلىق مىسرالارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئالبىنا ئىجادىيىتىدىن تەبىئىتىگە خاس داۋاملىق ئىزدىنىشكە، بىلىم ئىگىلەشكە بولغان خۇشتارلىقىنى كېرىدۋېلىشقا بولىدۇ. ھەرقانداق ئۇتۇقلۇق ئىجاد قىلىنغان ئەسەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۆز باھاسىغا ئېرىشىدۇ. ياش شائىرەنىڭ قېتىرقىنىپ ئىرىشىپ ۋاقىت توزاڭلىرىغا كۆمۈلمەيدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاتا ئىزىنى بېسىپ شائىر سۈپىتىدە يېتىلىش ئەنئەنىسى كەم ئۇچرايدۇ. كىم ئۆز پەرزەنتىنىڭ زەخمەت چېكىشىنى خالايدۇ دەيسىز؟! شائىر ئاتا ئىجادىيەت يولىنىڭ نەقەدەر مۈشكۈل، ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ياخشى بىلگەچكە، پەرزەنتىنىڭ شۇ مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىئاراملىق چېكىشىنى ئىستىمىسە كېرەك. چۈنكى دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكى، خەلقنىڭ مۇڭ - قايغۇسى ئەڭ ئاۋۋال قەلەم ساھىبلىرىنىڭ يۈرىكىدە ئورۇن ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمما تالانت تومۇردا ئۇرغۇپ تۇرغان قان ئارقىلىق پەرزەنتىگە ئۆتۈلسە، ئۇنىڭغا ھېچبىر چەكلىمە توسالغۇ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چىلەك تەۋەسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۆزنەكلىك شائىر، يېشى سەكسەنگە يەتسىمۇ تېخى قولىدىن قەلىمىنى تاشلىمىغان ئەكرەم سادىرووۋنىڭ قىزى گۈلچېھرەم سادىرووۋا ھەققىدە مانا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز. گ. سادىرووۋا كېيىنكى يىللاردا ئۆزىنىڭ قولتامغىسى، يېزىقچىلىق مەشىقى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە. 2019 - يىلى ئۇنىڭ «ھايات چەشمىلىرى» ناملىق شېئىرىي توپلىمى يورۇق كۆردى.

ئائىلىدە ئاتىدىن ئالغان تەلىماتى، ئاندىن ئانا تىلىدا بىلىم ئېلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىنىڭ ئىلغار مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە يېتىلىشىنىڭ ئۆزى گ. سادىرووۋانى شېئىرىيەت بېغىغا يېتەكلىگەن بولسا كېرەك. ياش شائىرەنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلىپ، تارىخىي ۋەتىنىگە، تۇغۇلغان يۇرتىغا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت باغلىغان ھەم ئانا تىلىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغان لىرىكىلىق قەھرىمان كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. شائىرە نەسىھەت ئېيتىشتىن كۆرە، ئۆزى ئۆچۈن ھاياتتا مۇقەددەس بىلىنگەن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە كىتابخانغا بۇ جەھەتتىن ئۈلگە بولالايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى شېئىرىيەتنىڭ تەلىم-تەربىيە قۇرالى ئىكەنلىكىنى دەلىللىسە كېرەك.

شۇنداق، ئاياللارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشى قوشۇمچە مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجادىيەتنى ئائىلە تىرىكچىلىكى بىلەن بىرگە ئېلىپ مېڭىش ئاسان ئەمەس. گ. سادىرووۋا مانا شۇ قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، شېئىرىيەت مەيدانىغا دادىل قەدەم تاشلاپ كىردى. بىز ياش شائىرەنى ئەلۋەتتە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز.

گ. سادىرووۋانىڭ ئۆي بىلەن تۇيغۇ مۇجەسسەملەنگەن ئەسەرلىرىدە سۆيگۈ-مۇھەببەت لىرىكىسى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە دىل سىرىنى «سېغىندىم»، «سىز كېرەك»، «ھىجراننىڭ دەستى»، «چۈشۈم»، «ئاجىزمەن ۋە لېكىن چىدىشىم كېرەك»، «ئىلتىجا» ناملىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. ئەسەرلەردە ياش شائىرەنىڭ تەبىئىتىگە خاس سۇنماس ئىرادە، پارلاق ئۈمىدۋارلىق چاقنايدۇ .

گ. سادىرووۋا «بۇ دۇنيا»، «ئۆتۈپ بارىدۇ» ناملىق شېئىرلىرىدا دۇنيا تىرىكچىلىكىگە دىققەت تارتىپ، ئۆمۈرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرسە، «دوستۇمنىڭ نالىسى»، «يىغلىما» دېگەن شېئىرلىرىدا ۋاپاسىزلىق، بىپەرۋالىقتەك ئىللەتلەرنىڭ ئاقىۋەتتە بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولغان. ئۇ ھايات سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زامانداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

تالانت بىلەن ئىستىكىدىن جاسارەتلىنىپ گ. سادىرووۋا كېلەچەكتە يېڭى ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

سابىرەم ئەنۋەرووۋا، كېيىنكى يىللاردا مىللىي مەتبۇئاتىمىز سەھىپىلىرىدە ياش ئىجادكارنىڭ خىزمەت پائالىيىتىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئىسىم ئىزچىل ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ھەپتىدە ئېلان قىلىدىغان پۇبلىتسىكىلىق ماقالىلىرى بىلەن

بىرگە شېئىرىي مىسرالارنى يارىتىش ئىقتىدارىمۇ دىققەتكە شايان. 2017 - يىلى ياش شائىرەنىڭ «ئاق چېچەك» ناملىق توپلىمى كىتابخانلار بىلەن دىدارلاشتى.

سابىرەمدە ھايات رىتىمىنى سېزىش خىسلىتى بار. ياش بولۇشىغا قارىماي، ئۆمۈرگە بولغان كۆز قارىشىنى، نۇقتىئىنەزەرىنى دادىل، ئېنىق بىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. پىكىرىمىزگە ئۇنىڭ «ھايات گۈزەل»، «ھايات»، «قۇيپقۇرۇق»، «ئۆمۈر دېگەن، تەقدىر دېگەن قىزىققۇ»، «مەڭگۈلۈك ئەمەس» ناملىق شېئىرلىرى مىسال بولالايدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىش، ھەربىر دەقىقىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىش كەبى مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا تىرىشىدۇ. «ئەدەبىيات – ھايات ئەينىكى» دېگەنلىرىدەك، ئۆمۈر ھەققىدە شېئىرىي مىسرالار ھەر دەۋردە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەنلىكى بىر ھەقىقەت. ئۆمۈرنىڭ تالاي سىناقلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئىجادىي پەم - پاراسىتىنى ئاشۇرۇپ، دانالىققا يۈزلەنگەن كۆزنەكلىك شائىرلارنىڭ تەپەككۇرىنى سابىرەم ئۆز ئىجادىدا داۋام ئەتتۈرگەن.

تىلسىم دۇنيانىڭ سىرلىرى نۇرغۇن،
سائەتنىڭ تىلى گۆرىك قازاركەن ...
بىز بۇ ئالەمدە ۋاقىتلىق تۇرغۇن،
مەڭگۈلۈك ئورنۇڭ قەبرە – مازاركەن.

ئۇنىڭ بۇ مىسرالىرى ئارقىلىق كۈنىمىزدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئۆمۈر ھەققىدە مۇلاھىزىلىرى بىلەن تونۇشىمىز. ئۆمۈرگە بولغان كۆز قاراش، دۇنيا تونۇش دائىرىسى قانچە كېڭەيگەنسېرى، ئارزۇ - ئارمان، مەقسەت -نىشانغا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ شۇنچە كۈچىيىشى، ئوي - تەپەككۇر ئالىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى مۇقەررەر. سابىرەممۇ كەلگۈسىدە ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىل تەتقىق قىلىشىغا ئىشىنىمىز.

س. ئەنۋەرووا مىللىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان «يۈرەك زارى»، «ئۇيغۇرۇمنىڭ قىزىمەن»، «ئانا تىلىم»، «خەلقىمنىڭ سەن مىراسى»، «خەلقىمدۇر» ناملىق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئانا تىلىغا، تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە كۆيۈپ خەلقىمىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە پەقەت بىلىم، ئىلىم - پەن بىلەن ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولغان.

مۇئەللىپ «ئارتىمىغىن گۇناھ»، «بەزىلەر بار»، «كۆپ بولغاچ» ناملىق شېئىرلىرىدا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان سەلبىي ئىللەتلىك ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىچە تەھلىل قىلىپ باھا بېرىدۇ. تەكەببۇرلۇق، ئالدامچىلىق، غەيۋەتخورلۇق كەبى ئىللەتلەرنىڭ ئىنسانغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ھەقىقەتەن، سابىرەمنىڭ ئۆزگىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىپ، دانالىق قىلىشى تېخى بالدۇر. ئەمما ئۇ كۆپلىگەن قۇرداشلىرىغا نىسبەتەن خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆيۈنىدىغان ۋىجدانلىق، مىللىي غۇرۇرى ئۈستۈن ياشلىرىمىزنىڭ بىرى سۈپىتىدە شۇ خىل ئىللەتلەرگە بىپەرۋا قاراپ تۇرالمىدى، جەمئىيەتتىكى بولۇۋاتقان ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرگە ئۆز مۇناسىۋىتىنى بىلدۈردى، خالاس. بۇ، ئەلۋەتتە، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا.

سابىرەمنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «كىم ئەيىبلىك؟» ناملىق ئىخچام باللادا ئاددىي، راۋان تىلدا يېزىلىپ، كېيىنكى يىللاردا جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە، ئايرىم ئىنسانلار تەبىئىتىگە خاس باغرى تاشلىق، رەھىمسىزلىك دېگەندەك ئىللەتلەرگە كۆز قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسەر قەھرىمانىنىڭ شەخسىي ھاياتىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇمۇمىي جەمئىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك پاجىئە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان.

ئېيتقىنىدىن ئېيتارى كۆپ سابىرەمگە ئىجادىي ئىزدىنىشلەر تىلەيمىز.

ھاياتتا ھەرقانداق ئۇتۇقنى بىردىنلا قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇمكىن بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى بولماي قالىدۇ. ئىجادىيەتتىمۇ خۇددى شۇنداق. ھەرقانداق ئامىمىغا تونۇلغان ئەدىب يىللار داۋامىدا ھايات داۋانلىرىدا تاۋلىنىشى، چېنىقىشى ھەم مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى ئارقىلىق خەلق قەلبىدە مەڭگۈلۈك ساقلىنىدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. ياشلار ئارىسىدىن مانا شۇنداق ئەدىبلەرنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئەل ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ، يەلكىسىدىكى ئىجادىيەت يۈكىنى ئانچە يىللاردىن بۇيان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى مەۋلۇتجان توختاخۇنوفتۇر. ئۇ «مېنىڭ ئارمىنىم»، «ھاياتقا مۇھەببەت»، «ئويغاق قەلبىم»، «مەن مەكتەپكە بارغاندا...» ناملىق تۆت پارچە شېئىرىي توپلامنىڭ مۇئەللىپى، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

مەۋلۇتجاننىڭ كېيىنكى يىللاردا تور بەتلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلىرى قەلىمىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تاۋلىنىپ، ئىجاد مەيدانىدا پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ياش شائىر ئۆز خەلقىنىڭ پاترىوتى (ۋەتەنسۆيەر) سۈپىتىدە مۇڭ - زارىنى كۆيۈنۈش ئىلكىدە كۈيلەيدۇ، تەقدىرىگە ئېچىنىش بىلەن باقىدۇ. مۇنداق بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى ھەر قانداق شائىر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خەلقىنىڭ پەرزەنتى. خەلقى زار يىغلىسا، شائىر يۈرىكىدىن قان تامچىلايدۇ ئەمەسمۇ؟! م. توختاخۇنوفنىڭ «قانداق ئۆتەي مەن سۆيمەي ۋەتەننى»، «ئۇلۇغلىغىن نامىڭنى»، «بۇ يوللار، ئۇزۇن يوللار...»، «ئايرىمىسۇن» ناملىق شېئىرلىرىدا مىللىيلىك سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەۋلۇتجان خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بويىچە ئويلىنىدۇ، مۇڭلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ياش شائىرنىڭ خەلق تەقدىرىگە، جەمئىيەت رەپتارىغا بىپەرۋا قارالمايدىغان خىسلىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەۋلۇتجان ھاياتقا ئاشىق قەلب ئىگىسىدۇر. ئۆمۈرنىڭ رېئاللىقلىرىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سېزىپ، ئۇنى كىتابخانغا قابىلىيىتىنىڭ بارىچە يەتكۈزۈشكە تىرىشقان شائىر ھايات شادلىقىدىن

بەھرىلىنىپ، قايغۇسىغا نالە قىلغان ئەمەس. بۇنى تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ:

كۆرمىدىم كۆپنى كۆرۈرمەن ھامان،
كەلسىلا شۇ پەيت، بۇيرۇغان زامان.
بىلگىنىم شۇكى، يورۇق دۇنيانىڭ
شادلىقى تىرناقچە، قايغۇسى پاتمان.

شېئىرىي مىسرالاردا ياش ئەدىبنىڭ كەلگۈسىگە بولغان پارلاق ئۈمىدى كۆزگە تاشلىنىدۇ. شادلىقىدىن كۆرە، ئازاب - قايغۇسى كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ ئۆمۈرنى ئۈز تەپەككۇر - چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

بىز مەۋلۇتجاننىڭ خەلقى سېغىنىپ كۈتىدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا ھەم ئەلنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى بولۇپ يېتىلىشىگە تىلەكداشمىز.

يېقىندا يەنە بىر يېڭى كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇق. نامى «ئىشتىياق ۋە شەيدالىق»، مۇئەللىپى – ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى چېلەك يېزىسىنىڭ تۇرغۇنى زوھرا ئىسىدۇللايېۋادۇر.

ئەسلى ياخشى شېئىرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن شائىرنىڭ شەھەردە ياشىشى شەرت ئەمەس. يېزىدا ياشاش ئارقىلىقمۇ مىڭلىغان كىتابخانلارنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇلۇش تامامەن مۇمكىن. جۈملىدىن، ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئورۇنلاشقان ھەربىر ناھىيەدە شۇ تەۋەنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۆرۈنەرلىك قەلەم ساھىبلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىدە ئەكرەم سادىروۋ، جەمشىت روزاخۇنوۋ، مەھەممەتجان ئابلىزوۋلار ئىجادىيىتى كۆپچىلىككە يېقىندىن تونۇش. دېمەكچى بولغىنىمىز، ھەرتەرەپلىمە تەلتۆكۈس ئىجاد قىلىنغان ئەسەرگە چەك - چېگرا بولمايدۇ. ئۇتۇقلۇق يېزىلغان ئەسەرلەردە ھەتتا مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىش قۇدرىتى مەۋجۇت.

زوھرا يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان خەلقىمىزنىڭ ئاتاقلىق قەلەم ساھىبلىرى بىلەن بىر ناھىيەنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تۇپرىقىدىن ئىلھام ئېلىپ كېلىۋاتقان ياش شائىرە. باشقا قەلەمداشلىرىغا ئوخشاشلا تۇرلۇك ماۋزۇلارغا مۇراجىئەت قىلغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ، تەبىئەت رەسىمىنى سۆز بىلەن سىزغان «تاغ شاملى»، «ياز يامغۇرى»، «كەلگىن، باھار»، «ئاق بۇلۇت»، «تەبىئەت لىرىكىسى»، «بۇلاق» كەبى شېئىرلىرىنى زوق بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق. شائىرە پەرزەنت ھاياتىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ رولىنى ھەم ئەھمىيىتىنى «ئانا مېھرى»، «ۋىجدانىڭدا ئوتۇڭ بار»، «ئانىلار بار»، «ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار» ناملىق شېئىرلىرىدا تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

توپلام بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا زوھرانىڭ شېئىرلىرىدا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق. ئۇ بەلكىم كىچىكىدىن ئەجدادلىرىمىز ياراتقان نەمۇنىلەرنى ئوقۇپ، يادلاپ ئۆسكەن بولسا كېرەك. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئاساسەن يەتتە، سەككىز بوغۇملۇق ئۆلچەملەردە ئىجاد قىلىنغان. ياش شائىرەنىڭ ئىجادىيىتىدە مەزكۇر ئۆلچەملەردە يېزىلغان شېئىرلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا «گۈل غۇنچە»، «سۆيگۈ باھارى»، «ئاق بۇلۇت»، «مەن ئاتامدىن ئۆگەندىم »، «ئەسكە ئېلىپ قوي مېنى» كەبى كۆپلىگەن ئەسەرلىرى دەلىل بولالايدۇ. ئۇنىڭ بۇخىل شېئىرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا قەدىمدە قوللىنىلغان يەتتە بوغۇملۇق ئۆلچەمنىڭ ئەسىردىن - ئەسىرگە ئۆتۈش جەريانىدا ماۋزۇ دائىرىسى كېڭىيىپ، سالماقلىق ئوي ۋە ئىزچىل پىكىرنىڭ كۈيچىسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شۇنداقلا زوھرادا قوشاق ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىمۇ بار. ياش شائىرە ئۇلارنى «لىرىكىلىق قوشاقلار» ۋە «زامانىۋىي قوشاقلار» دەپ ئالاھىدە ئىككى سىنىپقا بۆلۈپ سېلىشتۇرغان.

مەھەللىمىزنىڭ بېشىدا،
ئاشىقلارنىڭ دۆڭى بار.
يالغانمىكىن، راستمىكىن،
يارنىڭ ماڭا كۆڭلى بار.

كەلتۈرۈلگەن مىسرالار، سۆزسىز ئاددىي، يېنىك تىلدا يېزىلغان. ماۋزۇ ھەم شەكىل جەھەتتىن ئەجدادلار ياراتقان قوشاقلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىز ياش شائىرەنىڭ بۇخىل قوشاق ئىجاد قىلىش ماھارىتىنى ئىنتايىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز.

زوھرانىڭ ئىجادىيىتىدە بەش بوغۇملۇق ئۆلچەم ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان شېئىرلارمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئەدەبىيات مەيدانىغا زوھرانىڭ ئېلىپ كىرگەن يېڭىلىقى ئەمەس. ئەمما ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەزكۇر ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلغان مىسرالار تولاراق باللارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. زوھرا ئەنئەنىدىن چەتنىگەن ھالدا مەزكۇر ئۆلچەمگە لىرىكىلىق ھېسسىياتىنى كىرگۈزگەن. ياش شائىرەنىڭ بۇ قەدىمىمۇ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز. قىسقا بوغۇملۇق ئۆلچەمدە يېزىلغان شېئىرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۆرەيلى:

كۆرمىسەم سېنى،
قالىمەن غەمدە.
قىزغىنىش ئوتى،
يانىدۇ مەندە.

ياش شائىرە ئىجادىيىتىدە شۇنداقلا، تۇغۇلغان يۇرت مەنزىرىسىنى، باھار پەسلىدە يېزىدىكى تۇرمۇش - تىرىكچىلىكنى تەسۋىرلەيدىغان «يېزام ئويغاندى» ناملىق شېئىرمۇ بەش بوغۇمدا ئىجاد قىلىنغان.

زوھرانىڭ شېئىرىي توپلىمىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق، ئەلۋەتتە، قەلبىمىزدە شېئىرىيەتكە بولغان شەيدالىقنى ئاشۇردى. كىتابنىڭ

ماۋزۇسىنىڭمۇ بىھۇدە قويۇلمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى زۇلفىيا (زۇلپىيە) ئابدۇللايېۋانىڭ «گۈلستان باھارىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى يورۇق كۆرگەنلىكى مەلۇم. ئەپسۇس، كېيىنكى يىللاردا زۇلفىيانىڭ شېئىرلىرىنى مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە، ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە ئۇچرىتالماي يۈرىمىز، ئۇنىڭ قەلىمىدىن پۈتۈلگەن مىسرالارنى سېغىنىپ قالغانلىقىمىز، راست. چۈنكى، زۇلفىيادا تالانت - ئىستىدات مەۋجۇت. شېئىرلىرىدا نازۇكلۇق، نەپىسلىك بار. ياش شائىرەنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەر ھەرخىل ماۋزۇلاردىن تەشكىل تاپقان. بولۇپمۇ، ئانا تىل، ئانا يۇرت، ئانا مەكتەپ، تەبىئەت ھەم دوستلۇق ماۋزۇلىرىغا بېغىشلانغان «ئانا تىلىم»، «بارالمىدىم ئۆزۈڭ تەشنا كۈتكەندە»، «ئانا مەكتەپ»، «ئانىلار – گۈزەللىك مەنبەسى» ناملىق شېئىرلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ئانا يۇرتىنىڭ قەدىر-قىممىتى بۆلەكچە. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلۈپ، شۇ مۇقەددەس جايدا بالىلىقنىڭ ئىزناسى قالغاچقىمۇ، ئىسسىق قويىنىدىن قانچە يىراقلىغانسېرى ئاڭا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمىز شۇنچە ئۇلغىيىپ بارىدۇ. ئەمما تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۇرتقا پات - پات بارالماي قالىدىغانلىقىمىز راست. بۇنى زۇلفىيامۇ ئانا يۇرتى ئالدىدىكى ئەيىبى قاتارىدا بىلىپ، خاتالىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئېتىراپ قىلىدۇ:

مۇمكىن مەيۈس بولدۇڭ كۈتكەن ئۆتكەندە،
مۈگلاندىڭمۇ تاقەتلىرىڭ پۈتكەندە.
بارالمىدىم يۈگرەپ يۈرۈپ يېنىڭغا،
كەچۈر، يېزام، ئۆزۈڭ تەشنا كۈتكەندە.

ياخشىمۇ، ئانا يۇرت كەچۈرۈمچان، ھەرگىز ئۆز پەرزەنتىدىن كەچمەيدۇ. كەلتۈرۈلگەن كۇپلېتتا ياش شائىرەنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس. كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئۆزى مەردلىك ئەمەسمۇ؟! يۇرتىنىڭ ئىسسىق مېھرى، يۇرتداشلارنىڭ ئىللىق تەپتىدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئۆسكەن زۇلفىيا كۆپلىگەن كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى تىلغايدىغان ئوي - پىكىرنى ئېيتالىغان.

شۇنداقلا شائىرەنىڭ ئىجادىيىتىدە سۆيگۈ-مۇھەببەت ماۋزۇسىمۇ يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ باردا ئۇنىڭ «سېنىڭ مېھرىڭ»، «كەتتىڭ»، «ۋاپاسىزغا»، «سېنى كۈتىمەن» كەبى ئەسەرلىرى دەلىل بولالايدۇ.

زۇلفىيانىڭ زور كۆپچىلىك شېئىرلىرى ئون بىر بوغۇملۇق ئۆلچەم ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇ ئۆلچەم ئاساسىدا ئىجاد قىلمىغان شائىر يوق بولسا كېرەك. بۇ تۈركۈم تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بىردە خەلق شادلىقىنى ئىپادە قىلسا، بىردە قايغۇ - ھەسرىتىنىڭ كۈيچىسى بولۇپ كەلدى. قىسقىسى، شائىر نېمە توغرىلىق يېزىشنى كۆزلىسە، مەزكۇر ئۆلچەم شۇنىڭ بارلىقىنى سىغدۇرالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

زۇلفىيا ئىجادىيىتىدە توققۇز بوغۇملۇق ئۆلچەمدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ، ئاما ناھايىتى ئاز. ئاتاپ ئېيتقاندا، «ئانىلار گۈزەللىك مەنبەسى»، «يېزىدىكى يېگى كۈن»، «ۋاقتىڭنى بۆلسەڭچۇ»، «بالىلىقىم، سېنى ئىزدەپ»، «بوۋامغا» ناملىق ئەسەرلىرى ئۇشبۇ ئۆلچەم ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

شۇخىل كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ياش شائىرە زۇلفىيا ئابدۇللايېۋانىڭ شېئىرىيەت مەيدانىغا قايتىپ، خەلقىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇچى ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا ئۈمىدىمىز زور.

يۇقىرىدا بىز پەقەت شېئىرىي توپلاملىرى يورۇق كۆرگەن ياشلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسمەن توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئەسەرلىرى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئىللىق قارشى ئېلىنىۋاتقان ئازنات تالىپوۋ، تەقدىر ئوكتيابىروۋ، قولداش شەمشىدىنوۋ، گۈلنارەم ئابلىزوۋا، شۆھرەت ئىلىيېۋ، دىلنۇر ئوماروۋا، گۈلچېھرە، دىلرابا ھەم دىلفۇزا روزىيېۋالار، ماھارەت ئىمىروۋا، خۇرشىدەم ھېزىموۋا، ئائىدەم ئەخمەتوۋا، شاخناز جاماشېۋا، ئارشالىم دەۋلەتوۋ، گۈزەل ئازنىباقىيېۋا، ماھىگۈل تۇرسۇنوۋا، زۇلفىيا ئابدۇللايېۋا، رۇفات ئابلىزوۋ، سۇلايمان ئايداروۋ كەبى ياشلار قەلەم تەۋرىتىپ كەلمەكتە.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، بارلىق ياش ئىجادكارلارنىڭ زىممىسىدە كاتتا مەسئۇلىيەت بار. بۇ مەسئۇلىيەتچانلىق خەلققە قەلەم ئارقىلىق خىزمەت ئېتىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار. چۈنكى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەركىم ئۆزىگە قابىلىيىتىگە مۇۋاپىق ئەسەرلەرنى يارىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئوتلىرىنى پەيدا قىلدى. دانا خەلقىمىز ھەربىر ياش شائىرنىڭ يولىغا ئارزۇ بىلەن باقماقتا. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھالدا پەقەت ئىجادىي ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىشەنچىسىنى ئاقلاشنى پەرز سۈپىتىدە بىلىشىمىز لازىم. دېمەك، بىزگە ئارقىغا داجىشقا يول يوق.

شۇنداق، ھاياتتا غەزەپنى ۋە ئازابنى يېڭىش ئاسان ئەمەس. قولىغا قەلەم ئالغان ئىجادكار، سۆزسىز، ئەلەم چېكىدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت يولى شۇ قەدەر زەخمەتلىك، مۇشەققەتلىك. ئۇنى يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان قەلەمداشلار سېزىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەسەر ئەسىرلەردىن ھالقىپ ھەر دەۋر ئوقۇرمەنىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىسا ئىجاد جاپاسىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى دېگەن شۇ. بۇ ھالاۋەتنى شائىرلارنىڭ ئۆزى ئەمەس، خەلقى سۈرىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز خاتىرجەم ئېلىپ ئوقۇغۇدەك ئەسەرلەرنى يارىتىشقا تىرىشايلى، قەلەمداش دوستلار.



# ئىستانبۇلنى سېغىندىم

هايىتباي ئابدۇسادىق (ئۆزبېكىستان)

هايىتباي ئابدۇسادىق ئۆزبېكىستاننىڭ خوجايلى شەھىرىدە تۇغۇلغان. «مېنى كەشىپ ئېتىڭ، 1984»، «يارۇغلىك ئىستىكى، 1990»، « خوجېلى – خوجا-ئېلى، 1997»، «ئاسلىم، ئاسلىم خوجا ئېلى، 2005»، «تىنىڭ تۇغۇلغان ئوي، 2017» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. قاراقالپاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى. قاراقالپاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ژۇرنالىست.

هە - ئە-ئەي، باھادىر تۈركلەر،
جەڭگىۋار تۈركمەنلەر!
هە-ئە-ئەي، ،مۇستەھكەم كۈرتلەر!
چېۋەر ئەرمەنلەر!
ئىسھاقنىڭ قارا كىيىملىك پەرزەنتلىرى، هەي!
ئېللادا پەرزەنتلىرى، ئىشچان يۇنانلار، هەي!
هەممىڭلار ئىستانبۇلدا ياشاۋاتامسىلەر؟
ئىستانبۇلنى تولىمۇ سېغىنىدىم.
بىر ئۆزبېككە ئاراڭلاردا يەر بارمۇ؟
خوجائەلىلىك
تۈركىيەدىكى خوجائەلى ئەمەس،
ئۆزبېكىستاندىكى خوجائەلىدىن بىر ئۆزبېككە
ئاراڭلاردا يەر بارمۇ؟

نېمە ئۈچۈن تۈرك دېگەندە،
نوقۇل، قىزىل فەسلىك،
تۈرك قەھۋەلىك ئىستانبۇلنى چۈشىنىدۇ؟
بەئەينى، ئۆزبېك دېسە،
دوپپا ۋە ئەنجاننىڭ يېشىل كۆز ئالدىغا كېلىدۇ،
نېمە ئۈچۈن؟

ئىستانبۇلنى بەك سېغىنىدىم،
ئەمما، قانداق، قەيەردە ئىستانبۇل؟
بوسپور بوغۇزى كەڭمۇ چەلەبىيىنىڭ كۆكرىكىدىن؟
پىرى رەئىسنىڭ خىيالىدىن ئېگىزمۇ ئايا سوفيانىڭ گۈمبىزى؟
كونيادىكى مەۋلانىنىڭ پىكرىدىن
مارمارا تېخىمۇ چوڭقۇرمۇ؟

قىتئەلەر ئارا كۆۋرۈكلەردىن ئۈزۈنمۇ
ئاتا يۇرت سۆزلىرىدىكى ھەرپلەر؟
ئۇ، ئىستانبۇل ئالىملىرى بەكرەك شىرىنمۇ؟
تۈرك گۈزەللىرىنىڭ يۈزلىرىدىن؟

ئىستانبۇلنى سېغىندىم.
ھېچ تونۇمىغان بىر ئادەمنى،
باشقا بىر ئادەمنىڭ سېغىنىشى مۇمكىنمۇ؟
ئۆزى ھېچ بارمىغان،
كۆرمىگەن شەھەرنى قانداقمۇ سېغىنىسۇن؟

كۆپ قېتىم بارغانتىم ئىستانبۇلغا،
ئالى قۇشچۇ، فىترەت بىلەن،
ئورخان بىلەن، جەۋدەت بىلەن،
ئوكتاي بىلەن كەزگەنتۇق ئىستانبۇلنى.
دېڭىز ساھىللىرىدا،
گىدىك پاشاغا چۈشكەنتۇق.
يامغۇرلار بىلەن بىللە ئاققاندا كېچىلەردە،
ئەتىگەنلىرى تىرامۋايلارنى ساقلىغانىدۇق.
دولماباغچە ۋە توپكاپى سارايلىرىنى زىيارەت قىلغانىدۇق.
گالاتا كۆرۈكىدىن ھاياجان بىلەن ئۆتكەندە،
ئالتۇن مۈڭگۈزگە قارىغاندا،
سانىغانىدۇق سۇلتان ئەخمەت مۇنارلىرىنى.

يۈز قېتىم يولغا چىققانىدۇق ئاناتولىيەدىن،
رۇمەلىگىچە،
يۈز قېتىم قايتىپ كەلگەنىدۇق.
يەنە ئىستانبۇلغا قايتقۇم بار.
ئىستانبۇلنى بەك، بەكمۇ سېغىندىم.

ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# ئىككى شېئىر

باھارىستان

## ئارزۇ

مەن
كۆك رەڭ چۈشۈمدە
ئارزۇلارغا چىلىنىپ
شاۋقۇنلاردا چايقىلىپ
كېتىپ بارىمەن ئۇزاقتا

سەن
كۆك رەڭ ئىچىدە
دوقۇرۇشۇپ قالغان بىر چايكا
شاۋقۇنلارنى يېرىپ
كېتىپ بارىسەن ئۇزاققا

مەن
ۋە ئىچىمدىكى مەن
كېتىپ بارىمىز جىمجىت
سەن
ۋە ئىچىمدىكى سەن
ئۇپۇقتىكى بىر سىزىق

## كۈتۈش

غازاڭ مەۋسۇمى
پىچىرلىدى شامال
ئىشەنمەي دېسەم
ئورۇندۇقنى كۆمۈۋېتىپتۇ

سارغۇچ ياپراقلار
كەچكۈز كەلدى ئېھتىمال.

يوپۇرماقلا ئەمەس
ئاستا-ئاستا چۈشمۇ سارغايغان
كۈتۈش كېرەك ئوخشايدۇ
يېڭى باھارنى
ئۇزۇن بىر قىش ھالقىغان.

بىر كۈز ۋە بىر قىش
قار ۋە شىۋىرغان
كۆمۈۋەتمەس ھە؟
مەكتۇپلىرىمنى باھارغا يازغان...

# شېئىرلار

مۇھەممەت ئابدۇمىجىت

## ئاق ۋە قارا

كۆزۈمنى ئاچسام بەتبەشىرە دۇنيا،
كۆزۈمنى يۇمسام قاراڭغۇ دوزاخ.
ھېچكىمنىڭ تىرىك كەتمىگەن جاھان؛
جەسەتتەك پۇرايدۇ تولغىنىپ گۇناھ.

قايناق شەھەرنىڭ كوچىلىرى چۆل،
چۆللەردە چېچىلغان ئۆمۈرلەر بىتاپ.
ئۆلۈكلەر تىرىكتۇر كۆزۈمنى يۇمسام،
تىرىكلەر ھاڭگېرت پىيىدەكلا تاپ.

ئۆمۈرنى مارىلاپ يۈرۈيدۇ ئۆلۈم،
ئۆمۈرلەر ئۆلۈمنى چوقۇپ قاقىلداپ.
تۇغۇلۇش ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى، يارى،
تىنىقنى ئەگىشىپ يۈرەر سوكۇلداپ.

تېنىمدە مۇھەببەت چىقىلغان چاك-چاك،
شېئىرلار ئېسىلغان دارغا بىسوراق.
لېۋىگە تۈمەنمىڭ يارەن ئېسىلغان،
قاتىل ئەينەكلەر ۋىجداننى غىرداپ.

سۈكۈتتە سالپىيىپ تۇرىدۇ كۈندۈز،
كۆزۈمنى ئاچسام ئېغىر ئۇھسىنغاچ.
تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ، بۈگۈن ئەتىنىڭ؛
قەدىناس نىگارى ئۆلۈمدە ھەرۋاخ.

31 - ئاۋغۇست

## بۇ كېچە

بۇ كېچە ھىجراندا ئۆرلىدى ئاھىم،
تورۇسلار گۇۋاھچى چەككەنلىرىمگە.
ئۆزۈمنى تاپالماي ئۆزۈم-ئۆزۈمدىن،
بەزىدە ئۆزۈمدىن كەتكەنلىرىمگە.

قەلبىمنى ئۆرتىگەن ھىجران ھېسىنىڭ،
ئۈگە-ئۈگىلەردىن ئۆتكەنلىكىگە.
سۇنۇق كۆڭلۈمنىڭ قايغۇلار ئىچرە،
ئوخشاش تاڭلارنى كۈتكەنلىكىگە.

تېنىمنى ئۆلۈمگە سۆرەپ مەيۈسلۈك،
ئۈمىد تىنىقىنىڭ ئۆچكەنلىكىگە.
قايغۇلار چېچەكلەپ سۈبھىگە يېقىن،
ئېسەدەپ يۇم-يۇم ياش تۆككەنلىكىگە.

29 - ئاۋغۇست

## شاماللاردىن ئۆتۈنۈش

مەن بۈگۈندە ئېزىلگەن ۋۇجۇد،
ئەتىلەرگە ئىشتىھايىم يوق.
مەن ئۆزۈمدىن ئادىشىپ كەتتىم،
بولۇپ قالدىم ئۆزۈمگە ئوشۇق.

ئۇچۇرۇڭلار مېنى شامالالار،
قايتىۋالاي ئۆزۈمگە تولۇق.
تۇرغۇم كەلمەس ھېچيەردە چۈنكى؛
ھېچبىر يەردە ماھىيىتىم يوق.

ئىزغىرىنلار ئىستىكىم شۇدۇر؛
يۈرىكىمنى يۇيۇپ قويۇڭلار.
ئارتۇق نەرسە كۈتمەيمەن ھەرگىز،
مېنى ماڭا ئۇرۇپ قويۇڭلار.

ئۇچۇرۇڭلار مېنى سەلكىنلەر،
مەن ئۆزۈمسىز ياشىيالمىدىم.
ھېچنېمەم يوق ئىشقىمدىن بۆلەك،
بۇرۇن باسقان يوللىرىم ئۈچۈن.

يۈرىكىمنى تۇتتۇم سىلەرگە،
يۇشۇرغۇم يوق كۆڭلۈم سىرىنى.
كۈرەشلەرنىڭ باغرى ئېزىلدى،
تاپالماي مەن قايتا ئۆزۈمنى.

مەن ئۆزۈمنى تاپالمىغانچە،
دەۋر بولدى چەنلەنگەن بىر ئوق.
ئاھ شامالالار، ئەركىن شامالالار،
مېنى مەندىن قويماڭلار قۇرۇق.

25 - ئاۋغۇست

# شېئىرلار

نۇرمۇھەممەت  ھېبىت (ئامېرىكا)

## ئانا يۇرت قەدرى

ھېلىمۇ ئېسىمدە
غەمسىز شۇ چاغلار،
ئانا يۇرت قوينىدا شادىمان كۈلگەن.
ئاتىلار ئالدىدا ئوغلان ئاتىلىپ،
ئانىلار قوينىدا ئەركىلەپ يۈرگەن.

ئەل سۆيەر ناتىۋان يىگىت  ھەم قىزلار،
سەپەرگە ئات سالغان بىر نىشان كۆزلەپ.
ئايرىلىپ تارىم  ھەم ئىلى بويىدىن،
كەلمەكتە ئەسلىنى  تارىختىن سۆزلەپ.

ياشايمىز ئۆزگىنىڭ يۇرتىدا بۈگۈن،
باش ئەگمەي جاپاغا بىردىمىز بەرداش.
ئاتا ھەم ئانىلار  قالغاچ يىراقتا،
بۇ جايدىن بىزلەرگە تېپىلماس قاياش.

تاغلارنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس تەڭرىتاغ،
كۆللىرى ئاتالماس سايرام ھەم باغراش.
كەلمەيدۇ ئېتىزدىن ئورما ناخشىسى،
پىغاندا كۆزلەردىن ئاقار تارام ياش.

تېتىماس دىللارغا ھېيت-بايرام نورۇز،
ئاڭلانماس مۇقاملار ، ناغرا- سۇنايلار.
سايرىماس بېغىدا كاككۇك ھەم بۇلبۇل،
دوقمۇشتا كۆرۈنمەس مەزلۇم مومايلار.

ئانىلار ئاغرىسا يېنىدا بىز يوق،
ئاتىلار كەتكەندە قالدۇق قان يىغلاپ.
ھارغاندا يۆلەنسەك تاممۇ بىزگە يات،
ئۆتمەكتە بۇ كۈنلەر تەڭرىگە زارلاپ.

ئۆزگىنىڭ يۇرتىدا يۈرىمىز سەرسان،
كىملەرگە ئاتالدۇق غېرىب مۇساپىر.
تۈنلەردە تەلپۈنۈپ كۆكتىكى ئايغا،
ئەسلىشەر شۇ ئانا تۇپراقنى ھەر دىل.

ئەل يىراق , بىز يىراق ئارمانلار بىلەن،
چاپتۇردۇق ئۆمۈرنىڭ بەڭباش ئىتىنى.
كىملەرمۇ ھېس قىلسۇن ئانا يۇرتىغا،
تەلپۈنگەن يۈرەكنىڭ مۇھەببىتىنى.

ئۇزاقتىن ئەللەرگە سالاملار يوللاپ،
تىلىدۇق ئەل يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى.
كىملەردۇر بىز كەبى چۈشەنمەس ئەمما،
مۇساپىر بولماقنىڭ يامانلىقىنى.

2020 - يىلى، 16 - ماي

## دادام

دادا دەپ مەن سېنى چاقىرغان شۇ دەم،
ئۆيۈڭگە ھىلال ئاي كەلگەن پەيتىلەپ.
غۇرۇرۇڭ يورۇتقاچ دىلىم كېچىسى،
يۇلتۇزلار قولۇڭغا قونغان ئەركىلەپ.

ۋىجدانىڭ قوينىدا ئويىنىسا باھار،
باش قويۇپ ئالدىڭغا يىقىلغان يولۋاس.
ئەل ئۈچۈن قەلبىڭدىن تۆكۈلگەچ مېھىر،
يۈرىكىڭ تەپتىدە تۈنىگەن قۇياش.

ھاياتلىق يولىغا كۆك كېرىپ چىقساڭ،
ئەيمىنىپ قەھرىڭدىن تارىغان شامال.
ئەرشتىن پەرىلەر چۈشۈپ يولۇڭغا،
قۇت تىلەپ قولۇڭغا گۈل تۇتقان ئاۋۋال.

ئات سېلىپ پاك سۆيگۈ ئەقىدەڭ بىلەن،
ئانامنىڭ قەلبىدە سەن قىلغان شىكار.
ئىرادەڭ تاغ بولغاچ ، ساداقىتىڭ تاش،
ئالدىڭدا سەتەڭلەر نازلىرى بىكار.

يېقىلساق تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىدە،
گەجگەمدىن سەن تارتىپ تىكلا تۇرغۇزغان،
يىگىت سەن جاپاغا تىز پۈكمە ھەرگىز،
دېگەنچە ئۆزۈڭدىن مەدەت ئالغۇزغان.

سەن شۇنداق بىر ئاتا قەددىڭ ئېگىلمەس،
(ئەركەك) دەپ تاغ -ئېدىر سالغانتى چۇقان.
يۇرتلاردا شۇ ياخشى ناملىرىڭ قالغاچ،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈلۈك خاقان.

2020 - يىلى، 4 - ماي

## يامغۇر

ئاسماننىڭ كۆز يېشى تۆكۈلدى يەنە،
پاتمىغاندەك ھىجران ،دەردلەر قەلبىگە.
دىللارغا مۇڭ سالغان يامغۇر تامچىسى،
ئەزەلدىن سىرىنى ئېيتماس ھېچكىمگە.

يامغۇرمۇ تەڭرىنىڭ كۆز يېشىمىدۇ،
ۋە ياكى قەلبىدىن تۆكۈلگەن ئازاب.
يۇيۇلسۇن يامغۇردا غېرىب قەلبىڭ دەپ،
يۇرىكىم ئۆزۈمگە قىلىدۇ خىتاب.

روجەكتىن ئاڭلانغان يامغۇر تىۋىشى،
مۇڭ باسقان قەلبىمگە سالدى كۆپ تەشۋىش.
سەن نەدە، كىم ساڭا بولدى يامغۇرلۇق،
ۋۇجۇدۇم باغرىدا ئويغاندى ئەندىش.

يەنە شۇ يامغۇردا يۈرىمەن تەنها،
خىيالىم سەن بىلەن مۇڭدىشار ھەردەم.
تامچىيدۇ ئەڭ گۈزەل سېغىنىش بىلەن،
بىر چاغدا يامغۇردا قالغان ئەسلىمەم.

تەخىر قىل يامغۇرمۇ توختايدۇ ھامان،
خۇش كۈلۈپ ئالەمگە يۈز ئاچسا قۇياش.
سەگىدى بۇ كۆڭۈل تامچە يامغۇردا،
ئازابكەن دۇنيادا سۆيگۈسىز ياشاش.

2017 - يىل 17 -ئاپرېل

# بەشىنچى مەكتۇپ

ئۈمىت ياشار ئوغۇزجان (تۈركىيە)

ئايرىلىش دەيدىغان بىر نەرسە يوق.
بۇ بىزنىڭ يالغانلىرىمىز.
سۆيۈش بار ئەسلىدە،سېغىنىش بار، كۈتۈش بار.
ھازىر نەدىسەن؟ نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

قۇياش ئاللىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ بولدى.
ئويغانغانسەن.
چاچلىرىڭنى تاراۋاتقاچ مېنى ئەسلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟
ئۇنداقتا ئايرىلمىدۇق.
پەقەت سېغىنىش ئىچىدىمىز ۋە ساقلاۋاتىمىز.

ۋاقىتنى ئېسىمگە  سالىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆچ
كۆرۈۋاتىمەن.
ئالدى بىلەن ساقلاشنى.
ئۆمۈر بويى يا ساقلايدۇ ياكى ساقلىتىدۇ ئىنسان.
ئىككىلىسى يامان، ئىككىلىسى ئازابلىق تەرىپى تۇرمۇشنىڭ.

بىر بوۋاقنىڭ ئالدى بىلەن تۇغۇلۇشىنى كۈتىدۇ،
ئاندىن مېڭىشىنى، گەپ قىلىشىنى، چوڭ بولۇشىنى...
ۋاقىت ئالغا ماڭىدۇ، بۇ قېتىم پۇل تېپىشىنى،
قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلىشىنى،
ئىنسانلارنى سۆيۈشىنى، ئالدىنىشىنى، ئالدىشىنى كۈتىدۇ.

ۋە كېيىن ئۆلۈمى كۈتۈلىدۇ ئىنسان ئوغلىنىڭ.
يا ئۇ؟ يا ئۇ؟
ئىنسانلاردىن دوستلۇق كۈتىدۇ، سۆيگۈنىدىن ساداقەت،
بالىلىرىدىن ھۆرمەت ۋە بىر پارچە ھوزۇر كۈتىدۇ،
پەقەتلا كۈتىدۇ تۇرمۇشتىن.

ۋاقىت ئالغا ماڭىدۇ، بىر كۈنى ئۇمۇ ئۆلۈمىنى كۈتىدۇ ئەمدى.
ئىزدەنگەنلىرىنىڭ كۆپۈنى تاپالمىغان
ساقلىغانلىرىنىڭ جىقى كەلمىگەن بىر كىشى بولۇش سۈپىتى
بىلەن
كۆچۈپ كېتىدۇ بۇ دۇنيادىن.

تۇرمۇش سەرگۈزەشتىمىز مانا بۇ.
ئۇ كۆمۈر ئۇۋاقلىرى ئارىسىدىكى پارقىرىغان ئەينەك پارچىسى.
ئۇ نەپەس ئېلىشى سۆيگۈمىزنىڭ، ۋىساللىرىمىزنىڭ مەنىسى.
ئۇ يېگانە گۈزەل تەرىپىدۇر كۈتۈشلىرىمىزنىڭ.

ئادىمىيلىكىمىز سېغىنىشلىرىمىز بىلەن جەزىبدار،
تۇرمۇشىمىز سېغىنىشلار بىلەن گۈزەل.
سېغىنىشنىڭ قىرتاق بىر تەمى بار، بولۇپمۇ سېنى
سېغىنىشنىڭ.
بىر نۇرى بار، بىر رەڭگى بار سېنى سېغىنىشنىڭ، تەرىپسىز.

سالغان بارچە ئازابلىرىڭغا بەرداشلىق بەرگەن بولسا؛
سېنى سېغىنغىنىم ئۈچۈندۇر.
كۈتۈشنىڭ قورقۇنۇشلۇق زەھىرى ئۆلتۈرمىگەن بولسا مېنى؛
سېنى سېغىنغىنىم ئۈچۈندۇر.
ياشاۋاتقان بولسام؛ ئىچىمدە ئۈمىد بولسا،
يەنە سېنى سېغىنغىنىم ئۈچۈندۇر.

سېنى بۇنچىۋالا سېغىنمىسام، بۇ قەدەر سۆيمىگەن بولاتتىم!

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئىمران سادائىي (تۈركىيە)

# قوش سوۋغا

دەئۇلېتبېك بايتۇرسىنۇلى (قازاقىستان، قازاق شائىرى)

سوغا قىلدى بىر دوستۇم قوش ئېسىل زات،
ئىككىلىسى تەڭداشسىز قىممەت ماڭا.
گۈلباھارىم يەتكەندەك كۆڭگە ئازاد،
ئۇ سوۋغىلار جېنىمدىن ئارتۇق ئاڭا.

بىرى قۇرئان - ئاللاھنىڭ نۇر-كالامى،
ئەنى بىرى - كۆك تۇغۇم يەلپۈلدىگەن.
پەيغەمبىرىدىن شۇ كۆنى سۆز قالاندى،
«ۋەزىپەڭ بار ۋەتەنگە ئۆتە» دېگەن.

قۇرئان مېنىڭ يۈرىكىم، زور ئىخلاسىم،
كۆك تۇغۇمنى بەرمەيمەن ئوت - قۇيۇنغا.
ساتسام ئەگەر ئىككىسىنى - مەن ئىپلاسنىڭ،
تۇرماسمەن ھەم خۇنى يوق كۆك تىيىنغا.

...ئىچ-سىرىڭنى تۆكمىگىن ھەركىمسىگە،
قەدىمىڭنى ئاۋايلا، دادىل تاشلا.
باقى ياقا بىر كۈنى جېنىڭ كەتسە،
قوش سوغاسىز ئۇزۇق يوق غېرىب باشقا.

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلجان ئازناباقىېۋ (قازاقستان)

# قورقىۋاتىمەن...

مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن)

ئۇ قورقتى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى: قورقىۋاتىمەن
دېرىزىلەر مەھكەم تاقاق ئىدى
كۈچلۈك سادا قايتتى: قورقىۋاتىمەن
ئۇ زۇۋان سۈرمىدى،
بىراق، تاملاردىن يەنە ئەكىس سادا كەلدى: قورقىۋاتىمەن
ئىشىكلەر، كىرېسلولار، ئۈستەللەر، پەردىلەر
گىلەملەر، كىتابلار، چىراغلار، قەلەملەر، تاختىلار
ھەممىسى توۋلىدى: قورقىۋاتىمەن
قورقۇنچىنىڭ ئاۋازى قورقتى - دە ۋارقىرىۋەتتى،
يېتەر!
بىراق، «يېتەر» دېگەن سادا قايتمىدى
ئۇ قورقۇپ كەتتى - دە كۇچىغا چىقتى
بىر تېرەك كۆردى، سۇندۇرۇلغان ئىدى
نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن قاراشقا
پېتىنالمىدى
بىر ھەربىي ماشىنا ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى
ئۇ كوچىدا مېڭىشتىن قورقتى
ئۆيىگە قايتىشتىنمۇ قورقتى
بىراق مەجبۇر قايتتى
ئاچقۇچنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان بولۇشىدىن قورقتى
يانچۇقىغا قولىنى سالدى - دە ئاچقۇچنى كۆرۈپ خاتىرجەم
بولدى،
ئۇ توكنىڭ كېتىپ قالغان بولۇشىدىن قورقتى
پەلەمپەينىڭ قېشىدىكى زەدونى يۆلىدى
چىراغ ياندى - دە خاتىرجەم بولدى
ئۇ پەلەمپەيدىن يىقىلىپ كېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېلىشتىن
قورقتى
بىراق، يىقىلىپ كەتمىدى - دە خاتىرجەم بولدى
ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالدى
بىراق، ئېچىلماي قېلىشىدىن قورقتى
تەلىيىگە يارىشا قۇلۇپ ئېچىلدى - دە خاتىرجەم بولدى
ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىردى
بىراق، ئۆزىنى كىرېسلودا ئۇنتۇپ قالغان بولۇشىدىن قورقتى
ئۇ ئۆزىنىڭ راستتىنلا ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى
جەزملەشتۈرگىنىدە
خاتىرجەم بولۇپ چوڭقۇر تىنىدى
ئاستا ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى
چىرايىنى ئەينەكتە كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى
ئۇ ھېچقانداق شەپە چىقارمىدى
نەتىجىدە «قورقىۋاتىمەن» دېگەن سۈرلۈك ئاۋازنى
ئاڭلىمىدى
ئۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى
ۋە مەجھۇل بىر ئىش ئۈچۈن قورقمايدىغان بولدى!

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: كەۋسەر ( تۈركىيە)



# كامىلە گۈلى

ھېكايە

رابىندرانات تاگور (ھىندىستان)

ئۇنىڭ ئىسمى كامىلە ئىدى. مەن بۇ سۆيۈملۈك ئىسىمنى ئۇنىڭ مەشىق دەپتىرىدىن كۆرۈۋالغانىدىم.

ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ئاشۇ كۈنى كامىلە ئىنىسى بىلەن تىرامۋايغا ئولتۇرۇپ ئىنىستىتۇتقا مېڭىۋېتىپتىكەن. مەن كامىلەنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ پەرەنجىگە مۆكۈنگەن سۇمبۇل چاچلىرىنى ۋە گۈزەل چىرايىنى تاماشا قىلغان ئىدىم. شۇ دەملەردە، كامىلە دەرسلىك كىتاب ۋە دەپتەرلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. مەن ئەسلى چۈشىدىغان بېكىتىمدىمۇ ئورنۇمدىن قوزغالماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاقتىمنى پىلانلىۋالدىم، بۇ ۋاقىت مېنىڭ ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقتىم بىلەن قىلچە ئالاقىسىز بولۇپ، بەلكى، ئۇنىڭ - يەنى كامىلەنىڭ مەكتەپكە ماڭغان ۋاقتى بىلەن ماس كېلەتتى. شۇنداق بولغاندىلا مەن كامىلەنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرالايتتىم.

گەرچە ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى تونىمىساقمۇ، مەنچە بولغاندا مۇشۇ قايتىلانغان سەپەرلەر بىلەن بىز ھېچ بولمىغاندا بىر مەزگىللىك سەپەرداش بولالايتتۇق.

كامىلەنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەقىلنىڭ نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى ئۇنىڭ چېكىسىنى يېپىۋالىدىغان بولۇپ،كۆزلىرىدىن ساددىلىقنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

مەن پات-پات ئاغرىنىپ قالاتتىم، نېمىشقا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا ماڭا ئۆزۈمنى كۆرسىتىش پۇرسىتى كەلمەيدىغاندۇ؟ مەسىلەن: كوچىلاردا مالىمانچىلىق يۈز بەرسە ۋە ياكى بىرەر لۈكچەك جېدەل چىقارسا... دېگەندەك. ئەجەبا، بۇنداق ئىشلار ھازىرغىچە پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىۋاتمامتى؟...

مېنىڭ تەقدىرىم بىر تامچە داغ سۇچىلىك تىلغا ئالغۇدەك مەردانىلىقنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى، كۈنلىرىم ناھايىتى مەنىسىز ئۆتمەكتە ئىدى.

شۇنداق بىر كۈنى تىرامۋاي ئادەتتىن تاشقىرى قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتتى. كامىلەنىڭ يېنىدا بىنگالچىغا ئىنگلىزچە قوشۇپ ئەبجەش سۆزلەۋاتقان بىر يىگىت ئولتۇرۇۋالغانىدى، مەن بۇ ھالغا چىدىماي يىگىتنىڭ شلەپىسىنى غەزەپ بىلەن چۆرۈۋەتمەكچى، ھەتتا ئۇنى سۆرىگەن پېتى تىرامۋايدىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم. بىراق، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى مەندە ھېچقانداق باھانە يوق ئىدى، قوللىرىم

ئىزتىراپسىز قىچىشىپ جىنىم قىنىنالماقتا ئىدى.

بىر كەم بولغاندا، يىگىت ئىنتايىن تۇم بىر سىگاراتنى چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇرۇشقا تەمشەلدى. مەن پۇتۇن غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم ھەمدە:

— سىگارېتىڭنى تاشلا! — دەپ بۇيرۇق قىلدىم. ئۇ ئاڭلىمىغان قىياپەتتە سىگاراتنى ئاغزىغا سېلىشقا تەمشەلدى.

مەن ئۇنىڭ سىگارېتىنى كاپپىدە قىلىپ تارتىۋالدىمدە دېرىزىدىن سىرتقا ئېتىۋەتتىم، ئاندىن مۇشتلىرىمنى تۈگگىنىمچە غەزەپلەنگەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكتىم. ئۇ غىڭمۇ قىلىپ قويماي تىرامۋايدىن چۈشۈپ كەتتى.

بەلكىم ئۇ يىگىت مېنى تونۇيدىغان بولغىيدى، مەن بىر مەزگىل پۇتبول مەيدانىدا توپ ئۇرۇشتىكى ئۇستىلىقىم بىلەن داڭق چىقارغان ئىدىم.

كامىلەنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يالغاندىن كىتاب ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، قوللىرى بىلىنەر تىترەپ تۇراتتى، ئۇ مەندەك رەشك-كۈندەشلىكىدىن خۇدىنى يوقاتقان قەھرىمانغا نەزەر سېلىپ قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تىرامۋايدىكى ھەققانىيەت تۇيغۇسى بار بىرەيلەن ماڭا بولۇشۇپ:

— ئەپەندىم، بەك ياخشى قىلدىڭىز! — دەپ خۇرسەنلىك بىلەن ماختاپ قويدى.

ھايال ئۆتمەي كامىلە بالدۇرلا تىرامۋايدىن چۈشۈپ قېلىپ تاكسىغا ئالمىشىپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈندىن كېيىن، ئۇدا ئىككى كۈن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم. ئۈچىنچى كۈنى مەن ئۇنىڭ سېرىق رەڭلىك ھارۋىدا ئايرىم ھالدا مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ پەلىپەتىش ئىش قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

كامىلە ئەسلى ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مېنىڭ قول تىقىپ ئارىلىششىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەن ئىچىمدە تەقدىرىمنىڭ ھەقىقەتەن بىر تامچە داغ سۇ ئىكەنلىكىدىن ئۇھسىنىدىم، «باتۇر»لىقىمنىڭ ئەسلىمىلىرى كاللامدىن چىقماي مېنى تىنماي مەسخىرە قىلماقتا ئىدى. مەن ئاخىرىدا خاتالىقىمنى تۈزىتىش قارارىغا كەلدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي مەن كامىلەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە داگى جىلغىسىغا سەيلىگە چىقىدىغانلىقىنى ئۇچۇرىنى ئىشىتتىم. ئاشۇ يىلى، مەنمۇ سەيلە قىلىپ ھاۋالىنىشقا ئالامەت موھتاج بولۇپ كېتىۋاتقانىدىم. ئۇلارنىڭ داچىسىنىڭ نامى «مودىيە» بولۇپ، تاغ يولىدىن يىراق بولمىغان قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە ئىدى، بۇيەردىن ئاپئاق قار چوققىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

مەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن كامىلەلەرنىڭ كەلمەيدىغان بولغانلىقىنى بىلدىم. مەن قايتىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىمدا، پۇتبول مەستانىسى خانلوۋېر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. خانلوۋېر ئورۇق، ئېگىز بويى يىگىت بولۇپ، قاڭشىرىغا چۈشۈرۈپ يارىشىملىق كۆزئەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، ئاجىز ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى داگى تېغىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تەسكىن تاپقاندەك قىلاتتى. ئۇ:

— سىڭلىم تاينۇكا سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،— دېدى ماڭا قاراپ.

تاينۇكا بەئەينى ئەرۋاھنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇقلۇقىدىن بەدىنى يەنە ئورۇقلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇ بەلكىم مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا قوشۇلغىنىمنى مېنىڭ ئۆزىگە باشقىچە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك.

ھەي شۇ، تەقدىرنىڭ چاقچىقىنىزە...

تاغدىن چۈشۈشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، تاينۇكا ماڭا:

— سىزگە بىرنەرسىنى-مېنى دائىما ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بىر تەشتەك گۈلنى يادىكار قىلايمىكىن دەيمەن،— دېگەنىدى مەنىلىك قىلىپ تۇرۇپ.

—ئالجىپسىز!— دېدىم ئىچىمدە مەن بىزارلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

— بۇ دېگەن ناھايىتى قىممەتلىك ئۆسۈملۈك، — دېگەنىدى تاينۇكا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇنداق گۈلنى پەقەت دەريا بويىدىكى تۆزلەڭلىكلەردىكى تۇپرىقى مۇنبەت جايلاردا تۆجۈپىلەپ باققاندىلا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

— گۈلنىڭ ئىسمى نېمىكىنە؟— مەن بۇ گۈلگە قىزىقىپ قالدىم.

— كامىلە !

— ھە؟! ... — بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم، كامىلە گۈلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدىغان يەنە بىر ئىسىم چاقماق تېزلىكىدە تۇيغۇمنى كېسىپ ئۆتتى، مەن مەسخىرە ئارىلاش: «كامىلە...ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئېرىشىش ئۇنداق ئاسان ئەمەستى.» دېگەنىدىم پىچىرلاپ تۇرۇپ.

تاينۇكانىڭ سۆزۈمنىڭ مەنىسىگە يەتكەن يەتمىگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بەدىنى ھاياجانلانغانلىقتىن يەڭگىل تىترەۋاتاتتى. مەن بۇ تەشتەك گۈلنى ئېلىپ يولغا چىقتىم.

پويىزغا چىقىپ بولغاندا مەن بۇ يېڭى سەپەردىشىمغا ئۇرۇن تېپىشىنىڭ ئۇنداق ئوڭايغا توختىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم، ئاخىرى مەن گۈلنى قوش كىشىلىك ئايرىم خانىلىق ۋاگوننىڭ يۇز يۇيۇش ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بۇ قېتىملىق سەپەر ئاخىرقى ھېسابتا ئاياغلاشقان بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئايلىق ئۇششاق پۇرات ئىشلارنى بىر بىرلەپ بايان قىلمىساممۇ بۇلارمىكىن دەيمەن. نەزىر-چىراغ بايرىمى مەزگىلىدە، سانتخال مىللىتى ئولتۇراقلاشقان رايوندا بىر مەيدان كومپىدىيە قايتىلاندى. ئۇيەر بىر چەت تاغلىق رايون بولۇپ، بۇيەرنىڭ نامىنى ئاتاشنى خالاپ كەتمىدىم، ئىشقىلىپ سەيلىگە چىقىدىغان باي غوجاملارنىڭ قەدەمى بۇنداق يەرگە ئەزەلدىن تېگىپ قويمايتتى، كامىلەنىڭ تاغىسى تۆمۈريول ئىنژېنېرى بولۇپ، ئۆيى پالاس دەرىخىنىڭ سايىلىرى قوغداپ تۇرىدىغان «تىيىن كەنتى» گە جايلاشقان بولۇپ بۇيەردىن يىراقتىكى يېشىل تاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇمساڭغۇ يەردىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى، پالاس دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ياۋا پىلەلەر ئۇۋىلاپ كەتكەن بولۇپ، يالىڭاچ سانتخال پادىچى ئۆسمۈرى سۇ كالىسىغا مىنىۋېلىشاتتى.

بۇ يەردە مېھمانسارايمۇ يوق، مەن دەريا بويىغىلا چېدىردىن بىرنى تىكتىم. بۇ يەردە ماڭا كامىلە گۈلىدىن باشقا ھەمراھ يوق ئىدى. كامىلەمۇ بۇيەرگە ئاپىسى بىلەن بىرگە كەلگەن ئىكەن.

قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن، كامىلە گۈللەردىن كۈنلۈك ياساپ، سالقىن سەھەر شامىلىنىڭ ئىچىدە پالاس دەرەخلىرى ئارىسىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى، ياۋا گۈللەر ئۇنىڭ ئىنچىكە پۇتلىرىنى تالىشىپ تۇرۇپ سۆيۈشسىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى. ئۇ بەزىدە دەريانىڭ تېيىز جايلىرى تېپىپ كېچىپ ئۆتۈپ قارشى قىرغاقتىكى دەرەخ سايىسىدا كىتاب كۆرەتتى.

ئۇنىڭ ماڭا پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ مېنى تونۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر كۈنى، مەن ئۇلارنىڭ-كامىلەلەرنىڭ دەريا بويىدا دالا تاماقى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «سىلەرگە بىرەر ياردەم كېرەكمۇ؟ مەن سۇ توشۇيالايمەن، ئوتۇن يارالايمەن، مەن تېخى بۇ يەرگە يېقىنلا جايدىكى ئورمانلىقتا ناھايىتى ياۋاش ئىت ئېيىقلىرىنى كۆرۈپ كەلدىم» دېگۈم كەلدى.

مەن ئىنگلىز پاسونىدا كۆينەك كىيگەن بىر ياشنىڭ كامىلەنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى بايقىدىم، يىگىت پۇتىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە ھاۋانىڭ داڭلىق سىگارىتىنى شوراپ ئولتۇراتتى، كامىلە بولسا خىيالىي ھالدا بىر دەستە ئەتىرگۈلنى ئۇۋۇلاپ پارچىلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىغا ئىنگلىزچە ئەدەبىي ژۇرنال تاشلاپ قويۇلغانىدى.

مەن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك ئەندىكىپ كەتتىم، بۇ خىلۋەت بارغېنا دەرياسى ساھىلىدا ماڭا پۇت قويغۇدەكمۇ جاي يوقتەك، ئۆزۈمنى خۇددى بۇيەردە ئوشۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلدىم. ئەسلى مەن ئۆزۈمنى بىلىپ بۇ يەردىن يوقالسام بولاتتى، ئەمما مەن ۋاقتىنچە ئۇنداق قىلالمايتتىم. مەن يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋرچانلىق بىلەن كامىلە گۈلىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشۈم ۋە بىرەيلەننى تېپىپ بۇ يېڭى ئېچىلغان كامىلە گۈلىنى كامىلەگە ئەۋەتىپ بېرىشكە بۇيرۇپ كۆڭلۈمنى توق قىلىشىم كېرەك ئىدى.

مەن كۈندۈزلىرى ئۇۋغا چىقسام ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ كامىلە گۈلىنى سۇغۇرغاچ جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردۈم.

مەن كۈتكەن دەقىقىلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەن ماڭا ياردەملىشىپ ئوتۇن يىغىۋاتقان سانتخال قىزنى چېدىرغا كىرىشكە چاقىردىم. مەن ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق پالاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئورالغان كامىلە گۈلىنى ئەۋەتكۈزمەكچى ئىدىم.

مەن چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇۋېلىپ بىر رازۋېدكا ھېكايىسىنى كۆرگەچ قىزنى ساقلىدىم. ھايال ئۆتمەي سىرتتىن:

– ئەپەندىم، مېنى نېمىگە چاقىرتتىڭىز؟– دېگەن يېقىملىق ئاۋاز كەلدى.

مەن چېدىردىن چىقىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا كامىلە گۈلىنىڭ قىزنىڭ قولىقىدا قىستۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم،ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىن شادلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

– مېنى نېمىگە چاقىرتتىڭىز؟– دەپ قايتىلاپ سورىدى ئۇ.

– شۇ سىزنىڭ گۈل تاقىغان ھالىتىڭىزنى بىر كۆرەي دېگەن. – مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ، ئارقامغا بۇرۇلدۇم-دە، جاكارتاغا قايتىش تەييارلىقىغا چۈشتۈم.

**ئىزاھات:** بۇ ئەسەر خىتايچە «تاگور نەسرلىرى توپلىمى» دېگەن كىتابتىن «ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 16 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە)



# مېنىڭ ئارمانلىرىم

مۇنەۋۋەر سۇلتان (شىۋېتسىيە)

بالىلىقتىكى ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ چېكى بولمايدىكەن، ئادەمنىڭ كەلگۈسىدە نېمە - نېمىلەر بولغۇسى كېلىدىكەن. ئەسكەر ۋە دوختۇر بولۇش مېنىڭ بالىلىقىمدىكى ئەڭ شېرىن چۈشلىرىم ئىدى. داۋاملىق مەھەللىدىكى بالىلارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى سەپكە تىزىپ، مارشقا دەسسىتىپ، ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرۇپ ئوينايتتىم. ياكى كېپىنەك، چۈمۈلە، قۇرتلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇقلىرىنى تېڭىپ، تىكەننى يىڭنە قىلىپ سانجىپ، داۋالاپ ئوينايتتىم. بۇ چاغلاردا مەن تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن، ئەقلىممۇ تولمىغان كىچىك بالا ئىدىم.

ئاپامنىڭ دېيىشىچە مەن 1967 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەھرىتان سوغۇق بىر كېچە بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپتىمەن. تۇغۇلغاندىلا جۇغۇم كىچىك تۇغۇلۇپتىكەنمەن. گەرچە ئۆزۈم كېچىك بىر قىزچاق بولساممۇ دائىم مەھەللىدىكى ئوغۇللار بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ، مۆكۈ-مۆكلەك ئوينىغىلى سالاتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتى، بۇيرۇقلىرىمغا بويسۇنۇپ، سۆزلىرىمنى يىرمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ دائىملىق گېنېرالى ئىدىم، ئۇلار ماڭا ئەسكەر بولۇپ، بۇيرۇقۇمنى بەجا كەلتۈرەتتى.

بالىلارنىڭ قەلبى پاك بولىدۇ، يالغان سۆزلەشنى، يالغانچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سەممىيىتى تېخى كىر قونمىغان ساپ ھالەتتە ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئەسكەر بولۇش ئارزۇيۇمغا چەكسىز ئىشەنگۈچىلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەر ئىدى. بىز ئۇ چاغلاردا جەمئىيەتنىڭ غوۋغالىرىنى، چوڭلارنىڭ ئەلەملىرىنى بىلمەيتتۇق. باش كىيىملىرىمىزگە ئىزناك تاقاپ، ياغاچلارنى مىلتىق قىلىشىپ، بىر-بىرىمىزنى ئېتىشىپ ئوينايتتۇق. بەزىلىرى ئوق تېگىپ، يارىدار بولاتتى ياكى ئۆلگەن قىياپەتتە يېتىۋالاتتى. مەن بۇنداقلارنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئامراق ئىدىم. جەمئىيەتنىڭ جەڭگى - جېدەللىرىدىن، سىياسىي كۈرەشنىڭ دوست-دۈشمەنلىكىدىن جېنى جاق تويغان ئاتا - ئانىلىرىمىز بالىلارنى دوست - دۈشمەنگە ئايرىپ، ئېتىشىپ ئوينايدىغان بىزنىڭ بۇنداق ئويۇنلىرىمىزدىن تولىمۇ بىزار ئىدى. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەرنى، تەشۋىشلەرنى زىنھار چۈشەنمەيتتۇق. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ساددا دۇنياسىدا، شېرىن چۈشلىرىمىزنىڭ قاينىمىدا ياشايتتۇق.

مەن يەتتە ياشقا تولغان يىلى، يەنى 1974-يىلى 9 - ئايدا بوينۇمغا جىلتەمنى ئېسىپ، مەكتەپكە باردىم. گەرچە مەكتەپ ھاياتى مەھەللىدىكى ئويۇنلىرىمىزدەك قىزىق بولمىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن يېڭىلىقلار بار ئىدى. مۇئەللىملەرنىڭ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان داغدۇغۇلۇق سۆزلىرى مېنى ئارزۇيۇمغا يېتەكلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مەن ئىسمىمنى يازالىغۇدەك بولغان كۈنى دوسكىغا چىقىپ: «مەن ئەسكەر بولىمەن، دوختۇر بولىمەن» دەپ، يازغانلىقىم ئېسىمدە. ئەسكەر بولۇش ئىشتىياقى قەلبىمدە ئوتتەك ياناتتى.

ئارزۇلىرىم ئارىلاشقان شېرىن چۈشلىرىم تولىمۇ شېرىن ئىدى. «ئادەم تىرىشسىلا نىشان قىلغان ئارزۇلىرىغا يېتەلەيدۇ»، دەپ ئويلايتتىم. رېئاللىقنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى، ئىجتىمائىيەتنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بۇ چاغدا تېخى بىلمەيتتىم. يېشىم توشۇپ، ئارزۇلىرىم تاڭغا ئۇلاشقاندا ئۈمىدىمنىڭ چېچەكلىرىگە ئۈششۈك تەگدى. مەن ئىشەنگەن جەمئىيەتنىڭ ئادالەتتى ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدا ئويۇنچۇققا ئايلانغانىكەن. تىرىشچانلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخمەقلەرنىڭ ئۆزىنى بەزلەيدىغان سوسكىسى ئىدى. بىراق مەن ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. گەرچە ئىنسانلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا

تۇتالمىغان، ھاكىمىيەتنىڭ بىشەملىكى ۋە قانۇنسىزلىقى ئىمتىيازلىقلارنى پەزىلەتسىز مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا غەلىبە قىلدىم. 1984 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتقا قوبۇل قىلىنىپ دوختۇر بولدۇم. «تەلەيسىزنىڭ ئىپىزى ئاشقا تەگسە بۇرۇنى قاناپتۇ»، دېگەندەك 6 يىللىق تىرىشچانلىقلىرىم بەدىلىگە كەلگەن نەتىجىلىرىم يەنە بىر قېتىم ھەقسىزلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ، سارغايغان ياپراقتەك تۇزۇپ كەتتى. كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، ئارمانلارغا ئۇرالغان يۈرىكىم بىتاپ بولدى. مەن شۇندىلا غەمسىز، ئىستەكلىرىم زور بولغان غۇبارسىز بالىلىقىمنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھاكىمىيەت زوراۋانلارنىڭ قولىدا ئىدى، جەمئىيەت ئەخلاقسىز پۇلخۇمارلارنىڭ قولىدا ئايلىناتتى.

ئۆز پۇقرالىرىغا ھامىي بولالمىغان، ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي قەدىر قىممىتى قالمىغان، چىرىكلىك يۇقۇملۇق كېسەلدەك ھەممە يەرنى قاپلىغان بۇنداق بىر دۆلەتتە يەنە نېمە ئۈمىد بولسۇن؟ مەن ئاخىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى، بالىلىقتىكى ئارزۇلىرىم چېچەكلىگەن مەھەللەمنى، بالىلىرىم ۋە ئىللىق ئائىلەمنى تاشلاپ سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. 2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مېنىڭ سەرگەردانلىقىمنىڭ تۇنجى كۈنى باشلاندى. مېنىڭ قەدىمىم تەككەن تۇنجى يات تۇپراق ئالما-ئاتا بولدى.

ئالما-ئاتا ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر پارچىسى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى قالغان يەتتە سۇنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ يەردە مۇساپىرلارنىڭ مۇڭىغا مۇڭ بولدۇم، بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلىدىم، ئاجىزلارنىڭ يىغىسىغا قېتىلدىم، كۈلگەنلەرنىڭ كۈلكىسىگە جۆر بولدۇم. بىراق نامراتلىق ئەقلىنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋالغان بۇ يېڭى دۆلەتتە كۈنلىرىم غەمدىن خالىي بولالمىدى، تالاي كېچىلەرنى ئەنسىرەش ئىچىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ئۇۋىسى بۇزۇلغان ئەلدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن! ئەلنىڭ مەنىۋىيىتى قاغجىراپتۇ، ئىمانى سۇسلاپ، ئىنسابىغا تۇزاڭ قونۇپتۇ. قەغەز تەڭگىلەر خۇدانىڭ ئورنىغا چىقىۋاپتۇ.

«كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماپتۇ» دېگەندەك ئالLAH ئۆزى ئېزىز قىلغان بەندىسىنى خار قىلمايدىكەن. شۇنداق غەم-غۇسسىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى ۋە ئىزى قالغان بۇ ئەزىزانە تۇپراقتىن رىسقىم كۆتۈرۈلۈپ، ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچتۇم. ئايروپىلان بېلىتىمگە بۇ خاسىيەتلىك كۈن « 2002 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى.

ئامېرىكىغا كېلىپلا خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. ئادەملىرى قىزغىن ۋە سەممىي ئىدى. بوغۇلغان ئاۋازىم قايتا ئېچىلغاندەك بولدى. مەن بۇ يەردە قەلبىمگە كۆمۈلگەن ئارزۇلىرىمنىڭ قايتا چېچەكلەيدىغان مۇنبەت تۇپرىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئامېرىكا ھەممە ئادەملەرنى نېمىنى خالىسا

شۇ بولالايدىغان چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. بۇ خىل شارائىت ئامېرىكىلىقلاردا بەخت ۋە شەرەپ تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلغانىكەن.

ئىنگلىز تىلى ئوقۇشۇم تۈگىسىلا ئامېرىكىغا كەلگەن دوختۇرلاردىن ئېلىنىدىغان كەسپىي سىناق ئىمتىھانىغا قاتنىششىنى پىلان قىلغانىدىم. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ھاياتىمدا بىر ئۆزگىرىش بولدى. بىر كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئارمىيەسى باش ئىشتابىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە ئارمىيەگە كىرىشنىڭ شەرتلىرى، ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىلتىماس قىلىش يوللىرى چۈشەندۈرۈلگەنىدى. رېئاللىقىم بىلەن ئارزۇلىرىم ئارىسىدا كۆپ تەمتىرىدىم. گەرچە يېشىم ئوتتۇزنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بالىلىقتىكى ئارزۇلىرىمنى ئۈنىڭغا جۆر قىلغۇم كەلدى.

سىناقلاردىن ئانچە قىينالمايلا ئۆتتۈم. بەلكىم دۇئالىرىم ئىجابەت بولۇپ، ئاللاھتائالانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەندىمەن.شۇ كۈنى قەلبىم شادلىققا تولۇپ، بالىلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېرىشكەن كىچىككىنە نەتىجىدىنمۇ مەمنۇن بولىدىكەن.

بۇ يات تۇپراق، ناتونۇش ئەلدە مېنى ھەربىيلىككە ئۈزۈتۈپ قويىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. ھاياتىمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، جان-جىگەر قېرىنداشلىرىم ۋە دوست بۇرادەرلىرىم يىراقتا ئىدى. بۇ يەردە خۇددى چەكسىز قۇملۇقتا ئۆسۈپ قالغان يالغۇز چېچەكتەك يېگانە ئىدىم.قانائەت تاپقا ئارزۇلىرىمدىن چەكسىز شادلانساممۇ، بىراق ئەتراپىمدا خۇشاللىقىمغا شېرىك بولىدىغان بىرمۇ يېقىنىم، ھەتتا تونۇشۇممۇ يوق ئىدى.



مۇنەۋۋەر سۇلتان سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە

ئايروپىلانغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، شۇنچىلىك مەيۈسلەندىم. ئەتراپىمدا مىنىڭ ئەنى -سىڭىللىرىمدەك نەۋقىران قىز-يىگىتلەر خۇشاللىقلىرىدىن چۇقۇراشماقتا ئىدى. ئۇلار نەقەدەر بەختلىك ئىنسانلار-ئە؟! ئۇلار مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ تۇپراقتا ئۆلىدۇ. ئۆمۈر بۇيى قەدىردانلىرىدىن، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بالا چاغلىرىدىكى دوستلىرىدىن، بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە. مەنچۇ؟ مەن بۇ يەردە تىكەندەك يالغۇز ئىدىم. ئاسمىنى كەڭ، ئەمما باغرى تار ئانا ۋەتىنىم پولۇمۇ يىراقتا قالغانىدى.

بىز ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىدا ئايروپىلاندىن ئاپتوبۇسقا ئالماشتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا ئاپتوبۇس ھەربىي بازىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىغا جايلاشقان «فورت جېكسون» پىيادىلەر قىسىم بازىسى ئىدى. ئالدىمىزغا قورۇقلۇق ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېرلار فورمىسىنى كىيگەن بىر قارا خوتۇن چىقتى. ئۇ شۇنچىلىك مۇزچىراي ۋە قوپال ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي بۇيرۇق بەرگەن چاغدىكى ئاۋازى بەكلا چىرقىراق ئىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىرلا قېتىم ئاڭلىغان ئادەم ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاشتىن سەسكىنەتتى. مەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىچ-ئىچىمدىن پۇشايمان قىلدىم. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلاردىن پۇشايمان قىلىدۇ، بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرى تېزلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقىسى باشقىلىرىغا زىنھار ئوخشىمايتتى. ئالتە ئايلىق ھەربىي مەشىق تۈگىگىچە قانچىلىغان ياشلار مەشىققە چىدىماي ھەربىي بازىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. قاتتىق پۇشايمان قىلساممۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ، ئۈچ يىلىنى تۈگەتتىم. كونىلار: «ئەجىرنىڭ ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئۈچ يىللىق ھەربىيلىكتە ئۆتكەن ھاياتىم ماڭا قانداق ياشاشنى ئۆگەتتى، ئىرادەمنى تاۋلىدى، ناھەقچىلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەتتى.

ھايات ئەنە شۇنداق ئەگرى-توقايلىق، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدىكەن ۋە ئۆز مەنىسىنى تاپىدىكەن. بۈگۈن ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلىرىم بىلەن شىمالىي ياۋروپادىكى گۈزەل دۆلەت شىۋېتسىيەدە جەزبىدار ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرماقتىمەن.

2015 - يىلى 10 - ماي

ستوكھولم، شىۋېتسىيە

ئادەم باللىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، كۈن بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە ئېرىشەلمەيدۇ. بەزىسى تىلىمەي يۈگۈرۈپ دۇنيا كېزىدۇ، بەزىسى جېنىنى تىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ. بەزىسى تاغ قېزىپ، قىيالار تۆۋىگە بارىدۇ، بەزىلىرى يەر غۇلاچلاپ يالاڭئاياغ يۈگۈرەيدۇ. بەزىسى داۋان ئېشىپ، دەريالار كېچىدۇ. يەنە بەزىلىرى يەر قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ. بەزىسى جەڭگى- جېدەللەردە قىلىچ، پالتا يەپ (ھالاك بولىدۇ)، بەزىسى قەلئە - تۇرا (لار) دا ئىشلەپ قېرىيدۇ. بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى، قاراقچى، ھىيلىگەر؛ بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى بولىدۇ. بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى، كىيىم-كېچەكنى ئۈچۈندۇر، مال- دۇنيا توپلايدۇ- يۇ، يېمەيدۇ، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# سەن كەتتىڭ

ئارسلان بايىر (تۈركىيە)

قەيەردە بىر تۇمانلىق تاغ كۆرۈپ قالسام، ئېسىمگە سەن كېلىسەن رادىئودىكى ھېلىقى ئاۋاز بارغۇ؟ ھە شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا يۈرىكىم پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ. «سەن كەتكەندىن بۇيان» دېگەن ناخشا مەن ئۈچۈن ئېيتىلغاندەكلا. سەن كەتكەندىن بۇيان بۇ يەرلەر ۋەيرانە، يىقىلغان ئۆيلەرگە ئايلىنىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ ماڭا!

بىلىسەن كۆزنى ياخشى كۆرىمەن، تاغلارنى قاپلىغان ھەر خىل سارغۇچ رەڭلەر ئىچىمدە بىر يامغۇر تامچىسىغا ئوخشاش تۆكۈلىدۇ. كۈز دېيىشىدۇ بۇ پەسىلنىڭ سۇلغۇن رەڭگىنى. ھازىر يۈزۈمدىكى رەڭ سۇلغۇن كۈز رەڭگىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ئاۋازىڭمۇ يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدىكى بىر تامچە ئىدى مەن ئۈچۈن. ھازىر قايسى پەسىلدە مەنمۇ بىلمەيۋاتىمەن. يۈتۈپ كەتكەن پەسىللەرنى ئويناۋاتىدۇ لەمپىلەردىن قارىغان قۇشلار!

مەن ياخشى كۆرىدىغان رەڭلىرىڭمۇ مېنى ئازاپلاۋاتىدۇ. بىلىسەڭ ئۇ ھەرخىل رەڭلەر سېنىڭ ئاۋازىڭغا ئوخشايتتى. مېنىڭ كۆزۈمدە. سەن سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازىڭنىڭ ئىچىدە يوقاپ كېتەتتىم. ئەمما ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتامدىم؟ بىزنىڭ بۇ يەر يازغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە بولسا تەبىئەت تاغلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغان كىچىك جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ جىمجىت بىر يەردە تۇرۇپ قالغان. شۇ جىمجىتلىق ۋە سەن كىشىنى سېغىنىدۇرىدۇ. سۆسۈن رۇخسارگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەندۇر يول بويلىرىدا، باغلارنىڭ چىتلاقلىرىدا. تەبىئەت ياپپېشىل بولۇپ كەتكەندۇر. ئىچىنى قاپلاپ كەتكەندۇر ھەر خىل يېشىل رەڭلەر. خۇددى سېنىڭ ھىدىڭ مېنىڭ ئىچىمنى قاپلاپ كەتكەنگە ئوخشاش. ھازىر پۈتۈن تەبىئەت ئۇ يەرلەردە سېنىڭ ھىدىڭنى ئالماقتا. سەن كەتتىڭ... ئەمما ساڭا بولغان سېغىنىشىم شۇنچىلىك كۈچلۈك.

ھازىر ئۇ يەرلەردە باغلار بىلەن باغچىلاردا ئادەملەر تېرىلغۇ ئىشلىرىنى قىلىۋاتقاندۇر. باھار ھەر خىل گۈللەرنىڭ، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بولغاچقا مەن بەكلا ياخشى كۆرىمەن. بۇرنۇمنى غىدىقلايدىغان يېشىل چىمەننىڭ ھىدى بەك ياخشى پۇرايدۇ. ئۇلارنى قولۇمغا ئېلىپ ئالقىنىمغا قويسام، ئاندىن خۇددى سېنى پۇراۋاتقاندەك پۇرىسام نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى.

شۇ تاپ قەلبىمدىن كەلگەن ئاۋازنى تىڭشاۋاتقاچ قولۇڭدىن تۇتسام، شۇ تۇمانلىق تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا بىللە ماڭساق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن. بىر بۇلاقنىڭ بېشىغا كەلسەك، قىرىدا ئولتۇرساق، بۇلاقتا ئالقىنىمنى قويسام، سەن ئالقىنىمدىن سۇ ئىچسەڭ. ئاندىن مەنمۇ سېنىڭ ئالقىنىڭدىن سۇ ئىچسەم. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرساق بەك ياخشى بولاتتى- ھە؟ كەينىدىن يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرساق، قول تۇتۇشۇپ ئېرىقنىڭ قىرىغىچە مېڭىپ ئېرىقتا يۈز-قوللىرىمىزنى يۇيساق. ئېرىقتىكى سۇ شىرىلداپ ئېقىپ ناخشىلىرىمىزغا جۆر بولسا. ئاندىن بىربىرىمىزنىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىپ ئوينىساق. سۇ تامچىلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتسەك. بىزنىڭ سۆيگۈمىز ھۆل بولغاندەكلا كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئوينىساق. بىردەم مەن كۆۋرۈكنىڭ ئۆڭكۈرىگە مۆكۈۋالسام سەن ئىزدىسەڭ، بىردەم سەن مۆكۈۋالساڭ مەن سېنى ئىزدىسەم. تېپىۋالغان يەردە لەۋلىرىمىز جۈپلەشسە.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ساڭا ئېيتقانمىدىم؟ قۇرۇتۇلغان ئەتىرگۈلنىڭ رەڭگىدىكى لەۋلىرىڭنىڭ شۇنچىلىك مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى. ئەمدى بۇ گەپ نەدىن چىقتى دېمە. سېنىڭ لەۋلىرىڭ ھەمىشە بۇلاقتىن سۇ ئىچكەندە نەملىنىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

پۈتكۈل تۇمانلىق تاغلار ماڭا سېنى ئەسلىتىدۇ. سەن كەتكەندىن بېرى خىيال قىلىۋاتىمەن. كەشكى مەنمۇ ئۇ تەرەپلەرگە بارالىسام دەپ. يەنە «تۇمانلىق تۇمانلىق بىزنىڭ دىيارلار»دېگەنخەلق ناخشىسى تىلىمغا يېپىشىپ توختىماي ئۇنى ئېيتىۋاتىمەن. ئېيتىمىسام تىلىم ئىششىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ئۆزۈمگە.

بىر كۈننى تەسەۋۋۇر قىل ئەڭ چوڭقۇر تۇيغۇلىرىڭ بىلەن. چىقىپ كەلسەم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، تاغۇ- دەريانى ھالقىپ، پۈتۈن زامانلارنى ئېشىپ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسام، ساراڭلارچە.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: باھارىستان ( تۈركىيە)

# رەشكى - ھەسەت

تاھىرجان ئابباس (تۈركىيە)

قەغەز - قەلەمگە يات بىرى بولمىغان بولسامۇ قانداقتۇر بۇ قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدىم. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نېمىنى يېزىش ۋە تېمىنى قانداق تاللاش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. بىر قانچە ماتېرىيال كۆردۈم. ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ تاماملىغىنىمغا بىر قانچە كۈن بولغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنى يەنە قايتا ئوقۇپ چىقىش قارارىغا كەلدىم - دە، قولۇمغا كىتابنى ئېلىپ مۇندەرىجىسىگە نەزەر سالدىم. «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن ماقالە كۆزۈمگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. كىتابنىڭ باش بېتىگە بېرىلگەن بۇ ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېمىلارغا كۆز تىكتىم؛ «ھەسەتخورلۇق - مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھى ئىللەت» دېگەن تېما دىققىتىمنى تارتتى.

بۇ تېمىنى قايتا- قايتا ئوقۇپ چىقتىم، ئاخىرىدا بىر قانچىلىغان ئىللەتلەر ئىچىدىن «رەشكى - ھەسەت» تىن ئىبارەت بۇ روھى ئىللەتنى سۈرۈشتۈردۈم - دە، ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ: «زادى بۇ ئىللەتنىڭ بىزدىكى ۋەزىنى قانچىلىك؟» دەپ قەلبىمنىڭ جاھان ئەينىكىگە قاراپ، ئۆزىمىزنىڭ ماكان سەتھىدىكى(يۈزى) قىياپىتىمىزگە نەزەر سالدىم. نېمە ئامال، مېنىڭ، سىزنىڭ، ئۇنىڭ ھەتتا ھەممىمىزنىڭ روھىيىتىمىزدە «مايلىق قۇرت» تەك ئۆمىلەپ تۇرغان تالاي روھى ئىللەتلىرىمىزنىڭ «مەنمەنلىك» ھالقىسىغا چېتىلغان بۇ ئىللەتنىڭ ھاكاۋۇر گەۋدىسىنىڭ «سەمرىۋالغان ئەرۋا» قا ئوخشاش مەغرۇرانە ھالىتىنى كۆردۈم. ئاخىرى قاپ يۈرەكلىك قىلىپ بۇ خىل «سېمىز ئەرۋاھ» نىڭ ئۇ خىل «ئورۇق ئەرۋاھ» نى غاجىلاپ يەپ، سەمرىپ غاپىللىق خامۇشلۇقى ئىچىدە ئۆزىنى بىلمەس، ئەدەپكە قايتماس، ئادىمىيلىكتىن ئۇزاق روھى خەستىلىككە مۇپتىلا بولغان قارا دىلىنى مەنىۋى ئوپېراتسىيە پىچىقى ماھىيىتىدىكى قەلەم تىغىم بىلەن يېرىپ تاشلاش مەقسىتىدە، ناھايەت بۇ تېمىغا پىكىر ئايۋىنىمنىڭ تۆر بېشىدىن ئورۇن بەردىم.

رەشكى - ھەسەت، مىللەتنىڭ قەلبىنى تىلىدىغان روھى ئىللەت ۋە پارچىلىنىپ كېتىشكە ئاپىرىدىغان ھالاكەتتۇر. رازى رەشكى - ھەسەت توغرىسىدا: «ھەسەت بىر خىل يامان ئادەت، ئۇ ئىچى تارلىق ۋە بېخىللىقنىڭ ئالامىتى. ھەسەتخور ئۆزى ئېرىشەلمىگەچكە، باشقىلارنىڭمۇ ئېرىشىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ[1]» دېگەن بولسا، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ ئۆزىنىڭ يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت ناملىق ئەسىرىدە بۇ روھى مەرەز ھەققىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك يەكۈن چىقىرىپ، ھەسەتخورلۇق روھىيىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى مۇنداق ئېچىپ بەرگەن: «مەلۇمكى، رەشكى - ھەسەت روھى ئازادىلىك، ئەركىن دېموكراتىك روھنىڭ دەل ئەكسىچە مىللەت روھىيىتىدىكى جۈملىدىن، ھەسەتخور ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىللەت. رەشك - ھەسەت ئەپسانىۋى چۆچەك شەكلىدىكى دوزاخ بولماستىن، دەل رېئال، ھەقىقىي جەھەننەم. ئۇنىڭ ئوتلىرى نەپسانىيەت ۋەسۋەسىسى بىلەن يانغان. ئۇنىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى ئۆزىنىڭ ناقابىللىقى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سائادەتمەنلىكىنى دۆم يېتىپ سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ خىل ھەسەت يالقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىرىكلىرىنىڭ باش كوزىرى بولغان ئەقىل جەۋھىرىنى كۈل قىلىپ، ئۇنى تەپەككۇر، روھىيەت، خۇلق - مىجەز ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىپ خارابلىق تۈپىسىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلەر ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەسرەتتە ئۆلگەن ھەسەتخور ئەرۋاھنىڭ قىساسكار تەلۋىلىكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەسەتخور باشقىلارنىڭ سۈرىتىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاڭگال سېلىپ، گۆشىنى تىتىپ يېگەندەك خىيالى كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى بەزلەپ، ئەمەلىيەتتە ھەر دەقىقە ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىدۇر[2]»

ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى كائىناتنىڭ ئەڭ گۈزەل سىمۋولى بولسىمۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن ئىستېدات، قابىلىيەت ۋە ئەقىل نۇرلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇش سەۋەبىدىن ئۇلار تەشكىل قىلغان جەمئىيەتمۇ شۇ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرگۈچى شەخسلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇستىۋاسى، كەشپىيات - ئىختىراسى، تەپەككۇر رەھنەماسى، ئەخلاق ئۆلچىمىگە قاراپ پەرقلىق گۈزەللىكلەر بىلەن بېزەلگەن. جۈملىدىن غەرب ئەللىرىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئۆز-ئارا ئۇچرىشىش بەلبېغى مەركىزى ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئاتا بوۋىلىرىمۇ، تەخمىنەن مىلادىدىن 5 - 6 ئەسىر ئىلگىرى باشلىنىپ ئىككى مىڭ يىلدەك داۋاملاشقان يىپەك يولى ئالاقىلىرى ۋاستىسى بىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىدە ئۆزىگە خاس ئالەمشۇمۇل مۆجىزە يارىتىپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆزلىرىنىڭ زور تۆھپىلىرىنى تەقدىم قىلغان. زامانىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ

[1]. موسا ساۋىي: « ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 91 - بەت.
[2]. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 45، 46 - بەت.

ئىنسانلارنىڭ ئاڭ - ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى، دېڭىز - ئوكيان ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، پەن - تېخنىكا سانائەتلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى نەتىجىسىدە بەش ئەسىردىن بېرى چۆلدەرەپ تەدرىجىي قۇم بېسىپ كەتكەن قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن بىللە مىللىتىمىزنىڭ بىقىياس «شانلىق ئۆتمۈشى» شۇ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ تاشلاندى. بۈگۈندىكى ئاساسلىق ئىللەتنى مۇقەددەس ۋەتىنىمىز باغرىدا خۇددى كەۋسەر ئېقىتىپ نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم ئاستىدا قويۇپ كەتكەن شۇ بەش ئەسىرنىڭ مابەينىدىكى ۋاقىت تىزمىسىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئىزدەيدىغان بولساق، ھەر بىر سەھىپىدە ئۆزگىنى غاجاپ ئۆزىنى بوداش، تۆھمەت تېشى ئېتىپ پىتنە تۇغدۇرۇش، گۇرۇپپىلىشىپ باشقىلارنى سەھنىدە ئۇرۇش، ئەمەل-مەنسەپ ھېرىسمەنلىكى ئوچىقىدا ئۆزگىنىڭ بېشىنى ئۈزكلەش، يۇرت، مەھەللە ۋە گۇرۇھۋازلىق غېمىدە ئۇممۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىزىل كۆزلۈك قىلىش، تەمەخورلۇق يۈزىنى تەڭلەپ دىۋانە بولۇش، خۇشامەتچىلىك قىلىپ ئىنسانىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ نامەردلىك قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىپ خائىنلىق قىلىش، ساتقىنلىق قىلىپ دوستۇم، ئۇستازىم دېمەي ئاسىيلىق قىلىش، ھاماقەتلىك قىلىپ پىتنىگە يول ئېچىش، شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ مەمەدان بولۇۋېلىش، خۇمسىلىق قىلىپ تالانت ئىگىلىرىنى ئارقىدىن ئۇرۇش، ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئۇممۇمنىڭ ئىشىغا قاتناشماسلىق قاتارلىق بىر تۈركۈم ھالاكەت ھالقىسىغا چېتىشلىق سەلبىي ھالەت قېلىپلىرىنى شەرەپ تاختىسى قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالغان رەشكى - ھەسەت ۋە مەنمەنچى قەھرىمانلىرىنىڭ قانلىق قىلىچىنىڭ قۇربانى بولغان بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ خاراباتى، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش قانچىلىغان ئېرپان بۇلاقلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغانلىقىنى كۆرىمىز.[3]

ئۆز ۋاقتىدا جانابى ئاللاھ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن پۈتۈن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، شەيتان ئۆزىنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقىغا تەمەننا قىلىپ ھەسەتتىن ھاكاۋۇرلۇقى ئېشىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ، جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت دائىرىسىدىن قوغلانغان، ئاندىن جانابى ئاللاھنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھاۋا ئانىنى جەننەتتە تۇرغۇزۇپ ئۆزىنىڭ نېمىتىدىن بەھرىمەن قىلغانلىقىغا چىدىماي ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ نەتىجىدە ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئوغۇللىرى — ھابىل بىلەن قابىل، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان، نەتىجىدە ھابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولۇپ قابىلنىڭ قوبۇل بولمىغان، بۇنىڭغا چىدىمىغان قابىلنىڭ دىلى ھەسەت ۋە نادامەت ئوتىدا كۆيۈپ ئاقىۋەت ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى سادىر قىلغان.

دېمەك رەشكى - ھەسەت ۋە مەنمەنلىك پەقەت بىز مىللەتنىڭ ئىختىراسى ياكى بىزگىلا خاس نوقۇل ھادىسىمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى كۆكتە ئىبلىس سالغان بولسا، قابىل يەردە كۆچىتىنى تىككەن. مەلۇم مەنىدە بۇ ئىللەت باشقا مىللەت - خەلقلەر روھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بۇ ئىللەتلىك كۆچەتنىڭ يىلتىز تارتىپ كۆكلەپ باراقسانلىشىشىدا نىياز ھېكىم بەگ، مەھمۇد پوچى، يۈسۈپ چاڭمىوزا، ھېلىم مەزىن ( تاز مەزىن ) ۋە ئابدۇغۇپۇر داموللا شاپتۇلدەك[4] «ئۇستا باغۋەنلىرىمىزنىڭ» جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېھنەت ئەجرى باشقا ئەللەردىكى باغۋەنلەرنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ بېسىپ چۈشكەن.

شۇنىسى ئاچچىق ھەقىقەتكى، مەزكۇر باغۋەنلىرىمىزنىڭ زەقۇم (ئاچچىق، زەھەر) مېۋىلىرىدىن يەپ رەشكى - ھەسەت ۋە مەنمەنلىك ئىللەتلىرىنى بۈگۈنكى تەرەققىيات ۋە ئۇچۇر دەۋرىگە ماس تۈركۈملەشتۈرۈپ پائال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەم سۈرەت، ئىبلىس تەبىئەت مەخلۇقلار بۈگۈنمۇ يوق ئەمەس. يوق ئەمەسلا ئەمەس؛ بەلكى تەرەققىي قىلىپ گۇرۇھ- گۇرۇھ، پىرقە- پىرقىگە بۆلۈنۈپ سايلام ھەسەتلىرى، مۇكاپات ھەسەتلىرى، ئەسەر نەشر قىلىش ھەسەتلىرى، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ھەسەتلىرى، ئۇنۋان باھالاش ھەسەتلىرى، ئەمەل - دەرىجە ھەسەتلىرى، توي - تۆكۈن ھەسەتلىرى، ئۆلپەت - مەشرەپ ھەسەتلىرى، يۇرتۋازلىق ھەسەتلىرى، قەددى - قامەت ھەسەتلىرى، بەختى - ئامەت ھەسەتلىرى[5] گە ئوخشىغان رەشكى - ھەسەت ۋە مەنمەنلىكنىڭ ھەر خىل شەكىل - نۇسخىلىرىنى كەشىپ قىلىپ كۆز-كۆز قىلماقتا. مېلى بازا تاپمىسا كۇسۇلدىشىپ دوستلىشىپ، سوكۇلدىشىپ شېرىكلىشىپ، بۇرۇن يالىشىپ ئۆلپەتلىشىپ غايىبانە ھەسەتخورلۇق، ۋاكالىتەن (ھاۋالە خاراكتېرلىك) ھەسەتخورلۇق، ئۆزىنى نەس باسقانلىقىنىڭ ئۆچىنى چىقىرىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن بىر - ئىككى دەۋر كېيىنكىلەرگە قارىتىلغان ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن پېشقەدەملەرنى پۈتلىكاشاڭ سانايدىغان ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تېخىمۇ غەلىتە، ئاجايىپ- غارايىپ رەشك - ھەسەت تۈرلىرىنى[6] ئىختىرا قىلىشىدۇ. بۇ مەخلۇقلارنىڭ نەزىرىدە ئاجىزلارنىڭ ئاچچىق نالىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇر خوشلۇقى ، زالالەت ئىگىرىشى ئۆزلىرىنىڭ ھالاۋەت مۇڭى، جاھالەت يارىسى ئۆزلىرىنىڭ شىپالىق

3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 146 – بەتكە قاراڭ.
4. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 45، 46 - بەتكە قاراڭ.
5. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 42 – بەتكە قاراڭ.
6. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 44 – بەتكە قاراڭ.

دورىسى، كۈلپەت قىسمەتى ئۆزلىرىنىڭ بەخت ئامىتى...

ئەسلى ھەقىقەت ۋە چىن ئىنسانلىق كۈنىمىزدە بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ پەرياد چېكىۋاتقان دىلى سۇنۇق، كۆزى ياش، روھى ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەمەلىي تەقەززاسى رەشكى - ھەسەت، مەنمەنچىلىك، ھاۋايى - ھەۋەس كەبى مەرەز - ئىللەتلەرگە قارشى مۇجادىلە ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى، ئىسمى جىسمىغا لايىق ۋەتەن ئوغلانىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق ئەركسۆيەر ۋەتەن ئوغلاندۇركى، ھەقىقەت يولىدا پۇچۇلۇنۇپ تۇرىدىغان، باشقىلار ئۈچۈن پىداكار، چامىنىڭ يېتىشىچە سەبىر - تاقەتلىك ۋە تەمكىن، چوڭ سۆزلەپ لاپ ئۇرۇشتىن كۆپرەك ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ياشايدىغان، باشقىلارغا ئۆرنەك، ھەرىكەت ئوغلانىدۇر. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى مۇقەددەس دىنى، ئەزىز خەلقى، مۇبارەك ۋەتىنى يولىدا ھەر زامان يالقۇنلۇق تونۇر كەبى كۆيىدۇ، ئەمما ئۇ «كۆيدۈم» دەپ ئەسلا نالە -پەرياد چەكمەيدۇ، بەلكى ئۆزىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغۇچىلارنىڭ زەئىپ روھىغا دىنىي چۈشەنچە، ۋەتەن مۇھەببىتى، مىللىي ئاڭ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نۇرانە ئېنېرگىيە تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت لايىھەسىنى دائىم تارىخنىڭ ئىبرەتلىك ئەسلىمىلىرىگە قاراپ تۈزىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئوغلاندۇركى، ئۇنىڭ يۈرىكى «دىن، ۋەتەن، مىللەت» دەپ سوقىدۇ، بۇ يولدا ھەرقانداق بىر ۋەزىپە ئاساسلىق تېما بولغاندا خۇشاللىق بىلەن پۈتۈن ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ، ھەممىگە باغرىنى ئاچالايدۇ، ھەممىنى قۇچاقلىيالايدۇ، ھەممە كىشى بىلەن قېرىنداشلارچە سەممىي دوست، ۋاپادار يولداش بولالايدۇ، ھېچ كىم بىلەن جېدەل - ماجىراغا كىرمەيدۇ، ھېچكىمگە قارشى دۈشمەنلىك قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز كۆز قارىشى، ئۆز چۈشەنچىسى، ئۆز مەسلەك ۋە ۋەزىپىسىگە كۆرە بىر قىسىم تالالاش ۋە ئارزۇلاردا بولغان بولسىمۇ، قەتئىي باشقىلار بىلەن رىقابەتكە، سۈركىلىشكە چۈشمەيدۇ. بەلكى دىنى، ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدىكى ھەممە كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئوڭۇشلۇق پائالىيەتلىرىنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ رايى، كۆز - قارىشى، پىكىر ۋە خىزمەت پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بىر يولدا يۈرۈپ، بىر پىكىردە ئورتاقلاشقانلار بىلەن ئەسلا رىقابەتكە كىرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇتۇقلىرىغا قەتئىي قىزغانمايدۇ، بەلكى قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىپ قابىلىيەتلىك تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇشىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇنىڭ ئېڭىدا ماقام، مەنسەپ، شان - شۆھرەت، نوپۇز ۋە ھەيۋەت دېگەندەك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ يولداشلىرىنى، مەسلەكداشلىرىنى ۋە سەپداشلىرىنى ئومۇمەن ھەر ئىشتا ۋە ھەرقانداق يەردە ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. دىن، ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئېڭىغا مەنسۇپ ھەرقانداق مەزھەپ، جامائەت، تەشكىلاتلارنىڭ مۇسبەت ئۇتۇقلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەدىلىگە باشقىلاردىن تەنتەنە، ئالقىش - ساداسى كۈتمەيدۇ. بەلكى بۇ دۇنيانىڭ خىزمەت، ۋەزىپە، ئىش - ھەرىكەت ئورنى ئىكەنلىكى ئېڭى بىلەن ئۆزىنى چىن ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىشقا ۋەزىپىدار بىلىپ، ئەجرىنى پەقەت جانابى ئاللاھدىن كۈتىدۇ.

ئەپسۇسكى، بەش ئەسىرلىك قىسمەت - تەقدىرىمىزنىڭ زاۋاللىق قوينىدا يېتىشكەن تالاي ئاسىي - جاپى، قاباھەت ئەرۋاھلىرىنىڭ ئۆتكۈر ھەسەت تىغى بىزدە مەزكۇر خىسلەتلەرگە يولداش بولالايدىغان، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا پارلاق نۇر چاچالايدىغان ئەلسۆيەر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇپ تاشلىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ مۇقەددەس زېمىندا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، مۇتەپەككۇرلارنى دارغا ئېسىش، نەچچە ئونلاپ كاللا مۇنارى ياساش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش، مەمتىلى ئەپەندىنى كۆيدۈرۈش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىللاش ۋە زىيالىيلار خۇسۇمەتخورلۇقىدىن باشقا بىزدە بىر نادىر چېچەك ئېچىلمىدى. شۇڭا ھازىرغىچە ئىچىمىزدە بىر نوپۇزلۇق رەھبەرلىك يادروسى يوق.

ئەمدى بىزچۇ؟ يەنە بۇ قاباھەت ئەرۋاھلىرىنىڭ قۇربانلىرى سۈپىتىدە تۆگە قۇشىدەك بېشىمىزنى قۇمغا تىقىپ ياتامدۇق ياكى «تۇرقۇڭنى تۈزەي دېسەڭ ئەينەككە قارا، ساۋاق ئالاي دېسەڭ تارىخقا قارا، پۈتلاشماي دېسەڭ نادانغا قارا» دېگەن ھېكمەت شامىدا ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاپ تارىختىن ئىبرەت ئالامدۇق؟ بۇ ھەقتە ھەممىمىز ئەتراپلىق ئويلاپ ئىنساپ بىلەن ۋىجدانىمىزنى دەڭسەپ كۆرەيلى! بۇ جەھەتتە ئويلانماسلىق كامالەت روھىدىن چەتنىگەن روھى خۇنۈك، ئەقلى مەجرۇھ، پەيلى بۇزۇقلۇق كېسىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ بۈگۈنكى ھال - ئەھۋالىمىزنىڭ يەنە بۇ كېسەلگە بوغۇلۇپ تەرسا رەشكى - ھەسەت بىلەن ۋىجدان مۇختارىيەتگە ناباب ھالدا تېرىقتەك چېچىلىپ، «ئۇچى - بۇچى» دېيىشىپ يۈرت، جامائەت تۈركۈملىرىگە ئايرىلىپ ئەقىلسىز ھايۋانلاردەك ئۆز بېشىمچە يۈرۈۋېرىشكە تاقىتى يوق. بۇ جەھەتتە كۆزى ئۇچۇق، ئەقلى ئويغاق ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئىنساپ بىلەن ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشى، ھەر بىر قەدىمىنى ھېرىس ياكى يۈزەكى سەتىھى نەزەر بىلەن ئەمەس ھېكمەتلىك پىكىر ۋە ھىممەتلىك غەيرىتى بىلەن بېسىشى، «ئويلىنىپ بېسىلمىغان ھېرىس قەدىمى مەھرۇملۇق مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ» دېگەن ئۇلۇغ ئىبارىنى ئۆزىنىڭ ھايات لەۋھەسىگە نەقىشلەپ ئېلىشى لازىم.

2004 -يىلى، قاھىرە



# پارىژدىكى مۈشۈك

هېكايە

رەنا غوپۇر (ئاۋسترالىيە)

**باشلاشتىن بۇرۇن:**

بۇ بىر مۈشۈكنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى بولۇپ، بۇرۇن يېزىپ قويغان ئىدىم. ھازىر ئانچە- مۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىشنى قارار تاپتىم. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بولسا بىلمەسكە سېلىۋالدىم. بۇ دۇنيادا تىرىشقانسىرى ياخشى قىلغىلى بولمايدىغان ئىككى ئىش بار، بىرسى مۇھەببەتلىشىش، يەنە بىرسى ئۇخلاش. بۇ ئىككىسىنى كۈچىگەنسىرى يامان قىلىپ قويىدىغان بىر ئىنسان بار. ئۇ مەن. «بىرسىنى ياخشى كۆرەمسىز» دەپ سورىماڭ. بىرسىنى ياخشى كۆرمەك بەك تەس ئىكەن. شۇڭا ئۇنىنى بىراقلا ياخشى كۆرىمەن. ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ بولالمىدىم. ئاخىرلىشىدىغان كۈنىدىكى كەيپىياتىمغا باغلىق بولسۇن. ھەممىڭلارغا خەيرلىك مۇھەببەت، خەيرلىك ھېكايە تىلەيمەن.

رەنا غوپۇر

1

مەن ئون ئايلىق، قارا، ئاق، كۈلرەڭ ئۈچ رەڭدىكى ئالا مۈشۈك. بەكمۇ رومانتىك دەپ قارىلىدىغان پارىژدا ياشايمەن. پارىژدىكى قارا رەڭلىك، چوڭ خىشلىق، ئىككى قاسىنىقىدا قاتار كەتكەن دۇكانلار بار بىر پىيادىلەر كوچىسىدا «تامچە» دېگەن كۆلىمى كىچىك بىر قاۋاقخانىنى كۆرىسىز. بۇ يەردە كېچە كۈندۈز قايناق بازار بولىدۇ. قاۋاقخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى سۇپا مېنىڭ ماكانىم. مەن ئۇيەردە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ، كۆزلىرىمنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئېچىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ، ئۇلار بەرگەن تائاملاردىن غىزالىنىپ،كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈلگەنلىرىنىڭ مېنى سىلاشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ياخشى كۆرمىگەنلىرىمنىڭ قولىنى تاتىلاپ تۇرمۇش كەچۈرىمەن.

بۇ شەھەرنى ياخشى كۆرىمەن. ئاتاقلىق بىر يازغۇچى بارمىش « ھېيوگو» دەيدىغان. ئۇ كىشىلەرگە «ئەگەر دۇنيادىكى بىر شەھەرگە مېنىڭ ئىسمىم بىلەن نام بېرىش توغرا كەلسە پارىژنى تاللايمەن» دەپتۇكەنمىش. بۇنى قاۋاقخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى قېرى بويتاق مەست ئالا تاغىل تووۇلىغاندا ئاڭلىۋالغانىدىم. مەن ئەركىن مۈشۈك، ھېچكىمنىڭ ئەمەس ھەم ھېچكىمنىڭمۇ بولمايمەن. ئۆزۈمگە پارىژدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇۋالدىم. «سېينا». ئەلۋەتتە بۇنى ئىنسانلار ئۇقمايدۇ. ئۇلار مېنى « ئاسلانچاق» دەپ چاقىرىدۇ. سادىغاڭ كېتەي. مەن مۈشۈك تۇرسام، يەنە «مۈشۈك» دەپ چاقىرغىنى قىزىق ئەمەسمۇ؟!

ئىنسانلار ناھايىتى غەلىتە مەخلۇق! ئۇلارنىڭ نېمىدىن خۇشال بولۇپ نېمىگە قايغۇرىدىغىنىنى بىلىش بەك تەس. ئوخشاش بىر ئىشقا بىرسى كۈلسە بىرسى يىغلايدۇ. قورسىقى ئاچسا يىغلايدۇ، قورسىقى تويسىمۇ يىغلايدۇ. شۇڭا «بۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش كېرەككەن» دېگەن خۇلاسىغا كەلدىم ھەم شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئەمما...

ئالتۇندەك كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنى، ئاپتاپتا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم. بەدىنىمگە تەككەن بىر قولدىن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. بۇ قول باشقىچىلا ئىللىق. بارماقلىرى ئۇزۇن، يېقىملىق پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە بىر كېلىشكەن يۈزگە بۇرۇنۇم تېگىپ كېتىپ دەرھال بېشىمنى كەينىمگە تارتتىم. قولىنىڭ ئىگىسى 30 ياشلار ئەتراپىدىكى، يېقىملىق يۈزى بار، چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، پاكىز ھەتتا نەپىس دېيىشكە بولىدىغان بىر ئەر ئىكەن. ئۇ

مېنى سىلاۋاتقان قولىنى تارتىۋېلىپ، قارا رەڭلىك، كاسسىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان چاپىنىنىڭ ئۈستىدىكى بىر يانچۇقىغا سالدى - دە، قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتتى.

مېنىڭ ئارامىم شۇندىن كېيىن بۇزۇلدى.

2

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ قاۋاق پوكىيىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتىن بىرنى تارتىپ ئولتۇردى. مەن بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. نېمىشقىكىن قۇسۇقۇمنىڭ ئىچى بىر يېرى تولغىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان غايەت زور بىر قىزىقىش قوزغالغان ئىدى.

ئۇ بوي - تۇرقى قاملاشقان بىر ئەركەك ئىكەن. بۇخىل ئەركەكلەر قىزلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايمىش. بۇنى قاۋاقنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغان بىرنەچچە قىزدىن بىلىۋالغان ئىدىم. بۇ قىزلار ئاجايىپ كىيىملەرنى كىيىشىدۇ، يۈزىنى ئالا پاساق بويايدۇ. ئاياقلىرىنىڭ پاشنىسى شۇنداق ئېگىز ۋە ئۇچلۇقكى، ئۇلارغا دەسسىلىپ كېتىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىمەن. ئۇلارنىڭ تىرناقلىرى قىپقىزىل، مېنىڭكىدەكلا ئۇزۇن. مېنى سىلىغاندا بەزىدە سانجىلىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كوچىدا تۇرۇش. ئۇلار ئۇزۇن قىزىل تىرناقلىق بارماقلىرىغا تاماكىنى قىستۇرۇپ كوچىدا ماڭغانلارغا گەپ قىلىدۇ. قىزىق يېرى ئۇلار ئەركەكلەرگىلا گەپ قىلىدۇ. ئۇلار پات - پات يوقاپ كېتىدۇ. قايتا پەيدا بولغاندا بەزىدە ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا بىر بىرسىگە چاقچاق قىلىشىدۇ، بەزىدە باش كۆزلىرى يارا يىغلايدۇ. مەن بىر مۈشۈك. گەرچە ئۇلارغا ئوخشاش چىشى بولساممۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمەيمەن. چۈشىنىدىغىنىم ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

ئۇ سۈت، شېكەر ئارىلاشتۇرمىغان بىر ئىستاكان قەھۋە بۇيرۇتتى -دە، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى. قاۋاق خوجايىنى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن ئۇنىڭ ياندىكى بىناغا كۆچۈپ كەلگىنىنى بىلدىم. ئۇ بىناكارلىق لايىھەلىگۈچىسى ئىكەن. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتمەيمەن. ئەمما رەسىم سىزىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئۇ رەسىم سىزىشقا ماھىر ئىمىش. ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بويتاقلىقىنى ئېيتتى. خوجايىن كۈلۈپ ئۇنى مازاق قىلغاندەك بىر نېمىلەرنى دېدى . ئۇ كۈلۈپ قويدى. ئەمما مەن بۇ كۈلكىدىن بىر قايغۇنى ھېس قىلدىم. بەلكىم چۈشەنمىگەندىمەن. ئەمما بۇ كۈلكە مەن ھېچبىر ئىنساننىڭ يۈزىدە كۆرگەن ھېچبىر كۈلكىگە ئوخشىمىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. ئۇنى ساقلاش، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كۆزىتىش، ئۇ كەلمەي قالسا قۇسۇقۇمنىڭ ئىچىدىكى تولغىنىشتىن بىئارام بولۇش.

3

كۈز ئاخىرى بولۇپ قالدى. ھاۋا بەكمۇ يېقىملىق. بەزى كۈندۈزلىرى ئۇ ئىشقا بارماي، قاۋاققا كېلىپ كومپيۇتېرىدا بىر ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىشلىگەن كۈنلىرى كەچتە قاۋاققا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىدۇ. ئۇ ماڭا دائىم يېمەكلىك ئالغاچ كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا مەن ھېچبىر تارتىنماي ئۇنىڭ يوتىسىغا چىقىپ ئولتۇرىمەن. بەزىدە كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتىمەن. كىچىك يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ئۇنىڭغا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن مېنى سىلىغاچ ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كومپيۇتېرىغا سىزغان رەسىمگە كۆزۈم چۈشۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

رەسىمدىكى بىر مۈشۈك، توغرىسى «مەن» دەپ ئويلىدىم. جەزىملەشتۈرەلمىگىنىمنىڭ سەۋەبى بۇ مۈشۈك بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئەگەر ئۇ راستلا مېنى سىزغان بولسا «مېنى چىرايلىق» دەپ كەينىمدىن قوغلاپ ئارام بەرمەيدىغان كەپسىز مۈشۈك لىئو ۋە كىتابخانىنىڭ بوڭقۇش مۈشۈكى ئالېكساندىرنىڭ نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. دىلىم يايراپ مىياڭلاپ كەتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ «سېنىڭ ئىسمىڭ بارمۇ؟ مەن ساڭا بىر ئىسىم قويۇپ قويسام بولغىدەك» دېۋىدى، خۇشاللىقىمدا «ئىسمىم بار، ئەمما سەن ياقتۇرىدىغان ئىسىمنى قويۇپ قويغىن» دېدىم. ئەلۋەتتە ئۇ بۇنى چۈشەنمەيدۇ. «بۇرۇن بىرسى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۈشۈككە ئايلىنىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىدىغىنىنى ئېيتقانىتى. شۇنىڭ ئىسمىنى ساڭا قويۇپ قوياي. كىلورىس» بۇ ئىسمىنىڭ ياخشى يامانلىقىنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇراي. ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئىنساننىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىش مېنى سەل پەل بىئارام قىلدى. ئىنسانلار ئۆلسە قانداق بولىدىغىنىنى بىلمەيمەن. مۈشۈكنىڭ توققۇز جېنى بار. مەن ئاسان ئۆلۈپ قالمايمەن. شۇڭا ئۆلمەيدىغان بىرسىنىڭ ئىسمىنى قويغان بولسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولاتتى. Any-way بۇ ئۆلگۈچى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار بىرسى بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا مەيلى.

ئەتىسى سەھەردە ياندىكى بولكا دۇكىنىدىكى ياسانچۇق، قۇرامىغا يەتكەن چىشى مۈشۈك سوفىيا ئادىتى بويىچە بېلىنى ئىچىگە تارتىپ، كاسىسىنى تولغاپ، قۇيرۇقىنى لەرزان مىدىرلىتىپ يېنىمغا كېلىپ «بوڭژۇ سېپىنا» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يېڭى ئىسمىم بولغىنىنى دەپ بەردىم. ئۇ بۇرۇتلىرىنى ئۈچۈرۈپ «شۇنداقمۇ؟ كىلورىس؟ بۇ يۇنانچە گۈل پادىشاھى دېگەن مەنىدە. يېڭى ئىسمىڭغا مۇبارەك بولسۇن» دېدى .

سوفىيا بەكمۇ جەزبىدار، بىلىملىك مۈشۈك. ئۇ دائىم قۇلىقىمغا مەن بىلمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى پىچىرلاپ دەپ بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئىنساننىڭ مېنى

بېقىۋېلىشىنى ئويلاپ قالغىنىمنى ئېيتتىم. ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، «بۇ ئىنسان ھەرقانداق بىرسى بولسا بولامدۇ؟ مەسىلەن ئۇدۇلدىكى كالباسا، قىزا دۇكىنىنىڭ سېمىز ئەر خوجايىنى دېگەندەك ؟» مەن دەرھال بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ ئادەم بەكمۇ قوپال. ھەم ئۇنىڭدىن پۇرايدىغان پۇراق مېنى بەك بىئارام قىلىدۇ. گەرچە ئۇ مېنى بېقىۋالسا قورساق غېمى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مايلىشىپ تۇرغان يۈزىنى ئويلىسىلا تۈكلىرىم تەتۈر تۇرىدۇ. سوفىيا كۈلۈپ كەتتى. «ئەمىسە كىلورىس، بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلاشساق بولغىدەك». ئۇ يەنە كەلگەن پەدىسىدە تولغىنىپ كېتىپ قالدى. مەن ھېلى ئىشقا ماڭغىچە قەھۋە ئالغىلى كېلىدىغان ئۇنىڭغا يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن يۈزلىرىمنى ئەستايىدىل يۇيۇشقا باشلىدىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ قاۋاققا كىرىپ ئولتۇرۇشى ھېلىقى ياسانچۇق قىزلاردىن بىرسى سوگدىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. قىز تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىسىنى ئاستا پۈۋلىگەچ ئۇنىڭغا ياندىن قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇردۇم. قىز «مەندەك بىر قىزغا بىرەر ئىستاكان ئىچىملىك ئېلىپ بېرىشكە ياق دېمەيدىغانسەن بەلكىم ؟» دېدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قىزغا قاراپ «خالىغىنىڭنى بۇيرۇت» دېۋىدى، قىز «تاكىلا» دەپ ۋارقىرىدى. ھاراق كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قىز يەنە «تونۇشۇپ قالايلى. ئىسمىم كىرىست» دېدى. ئۇمۇ «سىباستىئىن» دەپ ئىسمىنى دەپ بەردى.

ئۇلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. كىرىست ئاز ئازدىن ئۇ تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋالدى. مەن بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئولتۇردۇم. گەپ ئارىلىقىدا كىرىست مېنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ قوللىرىنى قەستەن ئۇنىڭ يوتىسىغا تەككۈزىۋىدى، ئۈزۈن تىرناقلىرىم بىلەن قولىنى تاتلىۋالدىم. كىرىست چىقىراپ قولىنى تارتتى ۋە «ئۆلگۈر مۈشۈك » دەپ بېشىمغا بىرنى قويدى. سىباستىئىن مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئاستا يەرگە قويدى ۋە خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى. مەنمۇ كىرىستىنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىقىغا دەسسىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ قېچىپ كەتتىم.

4

شۇ كېچىدىن كېيىن ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. مەن ئۇنىڭ مېنى كۆتۈرۈپ يەرگە قويۇپ قويغان قولىدىن بەدىنىمگە تارالغان ئىلىلىقلىقنى تىرىشىپ ئەسلىگىنىمچە ئەلەك سەلەك يۈرۈپ كەتتىم. ھېلىقى سۇپىدا ياتقىنىم ياتقانلا. ئاشۇ قولنىڭ مېنى قايتا سىلىشىنى كۈتىۋالمىغىچە كۆزۈمنىمۇ ئاچقىم كەلمىدى. سوفىيا گۈپۈلدىتىپ تاتلىق قايماق قېشىمغا پۇرىغىنىچە كەلدى.

–ۋاي بىچارە بايقۇش. توققۇز جېنىڭنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپسەن. ساڭا بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي. سېنى روھلاندۇرۇشقا ياردىمى تەگسە ئەجەب ئەمەس. بىر ئايال يېرىم كېچىدە

ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ يولدىشىنىڭ تېخىچە ئۆيگە قايتمىغىنىنى، سىرتتا بىرەر ئايال كىشىنىڭ قېشىدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ يىغلاپتىكەن. ئاپىسى تەسەللى بېرىپ بۇنداق يامان ئىشلارنى ئويلىماسلىقىنى، كىم بىلىدۇ يولدىشىنى ماشىنا سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ قالدىمۇ تېخى، شۇڭا ئۈمىدۋار بولۇشىنى ئېيتىپتۇ.

سوفىيا ئۆزى كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. قەسەم قىلىمەنكى بۇ مەن بۇ ۋاقىتقىچە سوفىيادىن ئاڭلىغان ئەڭ كۈلكىلىك، ھالبۇكى ئەڭ نامۇۋاپىق يۇمۇر ئىدى. سوفىيا مېنىڭ كۈلكەمنى ئاڭلىمىغاندىنكىن بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. ئۇ نىڭ كۆزى مېنىڭ قورقۇنچىدىن چوڭ ئېچىلغان كۆزۈمگە چۈشتى.

– سېپىنا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېمەيدىغانسەن ھە؟ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمىقانە ئىش. ئۇ بىر ئەخمەق ئىنسان، سەن بىر مۈشۈك. سەن بىرلا ئىنسانغا مۈشۈك بولىسەن. ئەمما ئۇلار بىر قانچە مۈشۈك بېقىۋالىدۇ ھەتتا ئىتمۇ بېقىۋالىدۇ. شۇڭا توختاپ قېلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن.

سوفىيا مېنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. مەن خىياللىرىم بىلەن قالدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ كەلدى. يېقىملىق يۈزى، ئۈزۈن بارماقلىرى، ئەلۋەتتە ماڭا ئېلىپ كەلگەن بىر قۇتا مۈشۈك كونسېرۋاسى بىلەن ئۆلۈكتەك ياتقان مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ «بوگژۇ كىلورىس» دېگىنىدە، مەن توك سوقۇۋەتكەندەك بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇ ساقكەن. ئۆلۈپ قالماپتۇ. باشقا بىر شەھەرگە خىزمەتكە بېرىپ كەپتۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ياشاش ئارزۇيۇم كونسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم كېرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ.

كەچ كۈز. يوپۇرماقلار چۈشۈپ دەرەخلەر يالىڭاچلاندى. يامغۇر كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا خالىغىنىچە يىغىۋېرىدۇ. بارلىق مەۋجۇداتلار ھاۋانىڭ بۇ ئەركەك خۇيىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك، ئىنسانلارمۇ، مۈشۈكلەرمۇ.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ قاۋاققا كەلدى. بۇ كۈن باشقىچىلا يېقىمسىز سوغۇق ئىدى. يامغۇر بىرەرسى ئېتىۋېتىشىنى ئۇنتۇپ قالغان جۈمەكتىن ئېقىۋاتقان سۇدەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن ئادەم يوق پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، قاۋاقتا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچىۋاتقان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. قاۋاقنىڭ ئىچى ئىسسىق، راھەت . ئەمما مەن كىرسەم بولمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ پىلانىم بۈگۈن ئىشقا ئېشىشى كېرەك.

5

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن چىقتى ۋە سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چاپىنىنىڭ

تۈگمىلىرىنى چەك ئېتىپ، ياقىسىنى كۆتۈردى. بۇ ئارىلىقتا كوچىدا چۆپ - چۆپ ھۆل دۈگدەرەپ تۇرغان مېنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. ئۇ ماڭا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ كەتتىيۇ، يەنە ئۆيىگە يول ئالدى. ئازراق مېڭىپ توختاپ ماڭا يەنە قارىدى، لېكىن يەنە مېڭىۋەردى. مەن ئاستا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ۋە ئېچىنىشلىق مىياڭلاشقا باشلىدىم. ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ماڭا بۇرۇلدى. جايىمدا توختاپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ يەنە ئالدىغا ماڭدى. مەن كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ مىياڭلىدىم. ئۇ توختىدى، قارىدى، ماڭدى. مەن ئەگەشتىم، مىياڭلىدىم. بۇ ئويۇن بىر نەچچە داۋام قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئاخىرى كەينىگە يېنىپ مېنى دەس كۆتۈرۈپ، بايا چەك ئېتىۋالغان چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، مېنى قوينىغا سېلىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. توغرىسى يول ئالدۇق.

نېمە دەي. ئۇ جەننەتتەك يېقىملىق پۇرايدىكەن. ئۇنىڭ بەدەن ھارارىتىدە مۇزلىغان تېنىم ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇنى قېنىپ پۇراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى مېنىڭ يۈرىكىمگە بىلىنىپ تۇراتتى ھەم ئەسلى رېتىمىنى تېزلىتىۋەتتى. تويۇقسىز ئۇ بېشىنى ئىگىپ كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان مېنى بېشىمدىن سۆيدى.

بۇ مەن كۈتمىگەنلا بىر ئىش بولدى. چۆچۈگىنىمدىن مويلىرىم تەتۈر ئۆرۈلدى. ھالبۇكى بۇنى بەكمۇ ياقتۇردۇم. ئۇنىڭ يۇمشاق لېۋى بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ غەيرەتكە كېلىپ مۇزدەك بۇرنۇمنى ئۇنىڭ بويىنىغا، ئېڭىكىگە، يۈزىگە تەگكۈزدۈم. ئاندىن يىرىك كىچىك تىلىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ باقتىم. ئۇ مەن تورتخانىدىن ئوغرىلاپ يېگەن قايماققا ئوخشاش ئەمما ئۇنىڭدىن تاتلىق تېتىيدىكەن.

لىفىت بىلەن توققۇزىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئون بەشىنچى نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. ئاندىن مېنى يەرگە قويدى. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىدە مەن ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. بۇ مودا بېزەلگەن ئەپچىل ئۆي ئىكەن. ھەممىلا نەرسە ئاق رەڭدە. بىر نەچچە رەڭلىك نەرسىدىن بىرى تامدىكى غايەت زور بىر پارچە رەسىم. بىر قىزنىڭ يۈزى ئېقىۋاتقان رەسىمى. بۇ ئاشخانا، مېھمانخانا بىر تۇتاش ئۆي ئىكەن. چوك ئېللىپىس شەكىللىك دېرىزىنىڭ ئالدىدا كىچىك سۇپا بولۇپ، بىر كىچىك ئۈستەل، بىر قېلىن كۆرپە قويۇلغان. ئۈستەل ئۈستىدە بىر بوتۇلكا ھاراق، بىر رومكا، بىر كۈلدان تۇراتتى. دېرىزىدىن تۆمۈر مۇنار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ ئۆي ئۇنىڭدەك يېقىملىق پۇرايدىغان، بەك راھەت ئەمما تەنھالىق قاپلىغان ئۆي ئىكەن.

ئۇ كىيىملىرى ئالماشتۇرۇلغان، ئاپئاق لۆڭگىدىن بىرنى كۆتۈرگەن پېتى يېنىمغا كەلدى. مېنى ئەستايىدىل سۈرتۈپ قۇرۇتقاندىن كېيىن قۇچىقىغا ئېلىپ ئىگىز ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا جايلىشىپ كومپيۇتېرىنى ئاچتى.

6

ئۇ خېلى كېچىگىچە ئىشلىدى. مەن ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرىنىڭ مويلۇرۇم ئارىسىدا ئۆزۈپ يۈرۈشىدىن ھۇزۇرلىنىپ ياتاتتىم. بىر چاغدا ئۇ كومپيۇتېرىنى ئۆچۈرۈپ مېنى دېرىزە ئالدىدىكى سۇپىدىكى كۆرپىچەككە قويدى ۋە ئۆيلەردىن بىرسىگە كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن چىقمىدى. مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئاچقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. دېمەك ئۇ ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ياتاق ئۆيدە، مەن مۇشۇ نەس باسقان كۆرپىچەكتە ئۇخلايدىكەنمەن. مەن ئىنسانلارنىڭ ياتاق ئۆيدە ئۇخلاپ باقمىغان. ئەمما ئۇ مېنى ئۆيىگە ئەكەلگەنىكەن مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟

بۇ كېچە مەن دېرىزىدىن يىراقتىكى ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىغا قارىغانچە ئۇزاق ياتتىم. ئۇ دۆۋە تۆمۈردىن چىقىۋاتقان سوغۇق ۋۇجۇدۇمنى تۈنجى قېتىم مۇزلاتتى. تىرىقلا ئاۋاز چىقسا ئۇنى چىقىپ قالارمىكى دەپ قارايتتىم. ئۇ بىر كېچە چىقمىدى، مەن بىر كېچە ساقلىدىم.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئۇ چىقىپ مېنىڭ بېشىمغا سۆيۈپ قويدى ۋە «مەن يۈگۈرۈپ كىرەي كىلورىس» دەپ چىقىپ كەتتى. كېچىچە ئۇخلىماي ئۇنىڭ يېقىملىق پۇرىقىنى يەنە بىر پۇرىغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. مېزىلىك قەھۋە بىلەن قىزدۇرۇلغان بولكا پۇرىقى ئۆينى بىر ئالغاندا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئويغىنىپ كېرىلدىم. ئۇ «بوڭژۇ كىلورىس. ياخشى ئۇخلاپسەنمۇ؟ يېڭى مۇھىتتا ئۇخلىيالامدىكەنسەن؟ ئۇ كۆپۈچەك سەل راھەتسىزمىكى؟ مەن بۈگۈن ساڭا مەخسۇس مۈشۈك كۆرپىسى ئالغاچ كېلىمەن» دېمەسمۇ . ئۇنىڭچە بولسا مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ دېرىزە تۈۋىدە يىراقتىكى مۇزدەك تۆمۈر مۇنارغا قارىغىنىمچە يالغۇز ئۇخلىغىدەكمەندە. قارشىلىق بىلدۈرۈپ مىياڭلىدىم. ئۇ بۇنى مېنىڭ رازىلىقىم دەپ چۈشەندى بولغاي ماڭا قاراپ ھىجايدى. مەن بېشىمنى بۇرىۋالدى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ چىرايلىق بىر قىياپەتتە ئىشقا كەتتى. مەن خاتىرجەم ئۆينى ئايلىنىشقا باشلىدىم. بىرىنچى بېكەت ياتاق ئۆي.

چوك بىر ئۆي. ئاپئاق سىرلانغان. غايەت زور بىر كارىۋات. ئاپئاق كىرلىك ، ياستۇق. ئىچىگىرەك ماڭسام كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيى. ئۇنىڭ پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن كىيىملەر ئارىسىدا سۈركىلىپ يۈرەتتىم. بايقىشىمچە بۇ يەردە چىشى ئىنساننىڭ ھېچنىمىسى يوقكەن. دېمەك ئۇ يالغۇز ياكى مۇقىم ھەمراھى يوق. بۇ ئۆيدىن تازىلىق ئۆيىگە كىرگىلى بولاتتى. ئاق چاقچۇقلىق تازىلىق ئۆيىدە كونا يوسۇندىكى قارا رەڭلىك تۆت پۇتى باردۇشتىن بىرسى قويۇلغان ئىكەن. دۇشنىڭ پۇتى بەئەينى مېنىڭكىگە ئوخشايتتى. مەن

سەكرەپ دۆشنىڭ قىرغىقىغا چىقتىم. ئاندىن ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ھەرخىل بوتۇلكىلىق سۇيۇقلۇقلىرىنى پۇراپ باقتىم. بۇنىڭدىن چىقىپ ياندىكى ئۆيگە كىردىم. بۇ ئۆيدە بىر تام كىتاب ئىشكاپى بار بولۇپ، لىق كىتاب تىزىلغان ئىدى. بىر ئۈستەل. كومپيۇتېر، ئۈستەل چىرىقى قاتارلىقلار رەتلىك تىزىلغان. ئۈستەل ئۈستىدىكى چىرايلىق رامكىدا بىر جۈپ قىز يىگىتنىڭ رەسىمى. ئەر - ئۇ، قىز - تامدىكى قىز. مەن بۇرۇنۇمنى رەسىمگە چاپلاپ ئۇلارنى پۇراپ باقتىم. ئۇلار پۇراقسىز ئىكەن.

كۆرىدىغانلىرىمنى يېتەرلىك كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭغىچە مەن ئۆچۈن تەييارلاپ قويغان يېمەكلىكنى يەپ يەنە ھېلىقى دېرىزە تۈۋىدە ياتتىم. بۇدا دۈمبەمگە ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىكى قۇلۇپنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ سەكرەپ چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا بارغىنىمدا ئۇ قولىدا قارا رەڭلىك، ئۈستىگە ئاق رەڭلىك مۈشۈكنىڭ ئاياق ئىزى چۈشۈرۈلگەن بىر كۆپىچەكنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئايىغىنى ئالماشتۇرغاچ ماڭا بوگۇن ئىشنى تۈگىتىپلا دۇكانغا بېرىپ بۇ نەس باسقان كۆرپىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالغىنىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. مەن بىپەرۋا بىر قىياپەتتە يۈزۈمنى ئەستايىدىل يۇيۇشقا باشلىدىم. ئۇ كىيىمىنى يۆتكەپ چىقىپ، مېنى كۆتۈرۈپ كۆرپىچەكنىڭ ئۈستىگە ئالدى، ئاندىن «راھەتمىكەن» دەپ سورىدى. مەن «بۇنداق ياخشى كۆرسەڭ سەنلا مۈشۈكنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىساڭ بولغۇدەك» دەپ مىياڭلىدىم. ئۇ يەنە مېنى رازى بولدى دەپ ئويلاپ بېشىمدىن سۆيۈپ قويۇپ تاماق تەييارلاشقا باشلىدى.

7

ئۇ كېچە سىباستىئىن ئۆز خىيالىدا مېنى ناھايىتى راھەت ھالدا كۆرپىچەككە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى يېپىۋالدى. مەن پۈتۈن ئاچچىقىمنى بۇ كۆرپىچەكتىن ئالدىم. ئۇنى تاتىلىدىم، چىشلىدىم. ھالبۇكى بۇ كۆرپىچەك بەكمۇ مەزمۇت تىكىلىپتىكەن، مىت قىلماي دېمىدى. ئەكسىنچە مەن ھالىمدىن كەتتىم. مېنى چارچاتقىنى بۇ كۆرپىچەك ئەمەس. تەسلىمچىلىكتە يەنە ئاشۇ كۆرپىچەكنىڭ ئۈستىگە ھارغىن بەدىنىمنى تاشلىدىم. كۆزلىرىمنى يىراقتىكى تۆمۈرگە تىكتىم...

كۈنلەر ئۆتەۋاتىدۇ. سىباستىئىن ماڭا كۆنۈپ قالدى، خۇددى مەن ئۇنىڭغا كۆنگەندەك. ئۇ ئەتتىگىنى ئىشقا كەتسە مەن خاتىرجەم ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتىمەن. گەرچە ئۇنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن قالغان يېقىملىق پۇراقنى پۇراپ يېتىشمۇ مېنى ھازىرچە خۇشال قىلاتتى. بۇ ئادىتىمنى ئۇ بايقاپ قالدى. ئۇ ئەتتىگىنى رەتلىك يېيىپ قويغان يوتقاننىڭ ئۈستىدە مەن يېتىپ قالدۇرغان ئىزنى كۆرۈپ ئاشخانىدا ئىشتەي بىلەن تاماق يەۋاتقان مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە:

– كىلوردىس، مەن يوق چاغدا مېنىڭ كارىۋىتىمغا چىققانمىدىڭ؟ – دەپ سورىدى. بېشىمنى كۆتۈرمەي يېمەكلىك بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردىم. ئۇنىڭغا گېپىنى چۈشەنگىنىمنى بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەندىن ئېگىز، ئۇنىڭغا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراش يېقىنىش مەنىسىدە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ مەندىن جاۋاب ئالالماي يەنە:

– بۇ گەپنى دېيىشىڭ يوق ئوخشايدۇ. ئەمما مەينەت قىلىۋەتمىگىن،– دېدى. بۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەندىم. مۈشۈك بولسامۇ مەغرۇر بىر قىزمەن. بىرسىنىڭ كارىۋىتىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇشۇمدىن گۇمان قىلىش نەپسىمگە تەگدى. «ھەي، ئىنسانلار» دەپ بېشىمنى چايقىدىم.

تىنىچ ياشاۋاتقان كۈنۈمنىڭ بىرى كەچتە ئۇ بەك كەچ قايتىپ كەلدى. ئىھھھھھھھھھھھھ، ئۇلار قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئالۋاستى (چىشى ئىنسان). ئۇ كۈنى خېلى كەچكىچە ئۇنى ساقلىدىم. بۇ خىل ئەھۋال مەن بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى پەقەت يۈز بېرىپ باقمىغان. شۇڭا ئەنسىرەش ياكى ئەنسىرمەسلىكىمنى بىلمەي يېتىۋەردىم. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۇ ۋە ئۇ كىردى. سىباستىئىن ئادىتى بويىچە ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، ئېڭىكىمنى قاشلاپ قويدى. كەينىدىكى ئالۋاستىمۇ «مۈشۈكىڭىز باركەنغۇ» دەپ چىرقىراق ئاۋازدا گەپ قىلغاچ قولىنى ماڭا ئۇزاتماسمۇ، بېشىمنى ئىتتىك تارتىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتىۋالدىم. ئۇ چىقىراپ سىباستىئىنغا قولىنى ئۇزاتتى «خۇيى سەت ئىكەن. قاراڭا قولۇمنى تارتىۋالدى» سىباستىئىن ئۇنىڭ قولىغا قارىغاچ «پەقەت بۇنداق قىلمايتتى» دېدى. بۇ چاغدا مەن ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا كەينىمنى قىلغىنىمچە سوفىيەدىن ئۆگەنگەن «ئايالىلار دېگەن بىر تېپىشماق» دېگەن رىتىمغا چۈشۈرۈپ ئاستا چايقىلىپ مېڭىپ ھېلىقى نەس باسقان كۆرپىچەكنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. ئالۋاستى بىلەن ئىككىسى بىر ۋاقىتقىچە كىرىسلودا پاراڭلىشىپ قىزىل ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇردى. مەن ئۇلارنىڭ تايىنى يوق گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ ئالۋاستىنىڭ قايتىشىنى كۈتەتتىم. بىر چاغدا ئۇ ئىككىسى سۆزدىن توختىدى. مەن بېشىمنى ئۇلارغا بۇراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇلار باشلىرىنى بىر بىرسىگە ئاستا يېقىنلاشتۇردى. سىباستىئىننىڭ قولى، مېنى سىلايدىغان ئۇزۇن بارماقلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى تۇتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى بىر بىرسىگە ئارىلىشىپ كەتتى...

بۇ كېچە ئالۋاستى مۇشۇ يەردە قونۇپ قالدى. ھېلىقى ئۇ مېنىڭ مەينەت قىلىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرىگەن كارىۋاتتا قونۇپ قالدى. مەن كۆرپىچىكىمدە يىراقتىكى مۇنارغا قارىغانچە بىر كېچە كىرپىك قاقمىدىم. بۇ كېچە مۇنار مېنى توڭلىتالمىدى. ئەكسىنچە مېنىڭ كۆزۈمدىن چىققان سوغۇق نۇردا مۇنار مۇزلىدى بولغاي.

(داۋامى كېلەركى ساندا)

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى*

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا
(ئەنگلىيە)

## VIII Kitâb İdisi Öz Udrin Ayur

## VIII. Kitap Sahibi Kendi Özrünü Söyler

## سەككىزىنچى باب
## مۇئەللىپىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئېيتقانلىقى باياندا

192. Tilekim söz erdi ay bilge bügü,
kedin keldeçike özüm sözlegü
192. Ey âlim hakîm, dileğim benden sonra geleceklere kalacak bir söz söylemek idi.

192 . تىلىگىم ئىدى ئەي ھېكىم، سۆزلىمەك،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغىدەك.

193. Ukuş keldi utru ayur bütrü kör,
sözüŋ bolsa yaŋluk saŋa bolğa kor
193. Anlayış karşı geldi ve: -İyice dikkat et; sözün yanlış olursa, sana zararı dokunur - dedi -

193 . ئەقىل كەلدى قارشى دېدى دىققەت ئەت،
سۆزۈڭ بولسا يېڭىلىش، بولۇر ساڭا سەت.

194. Bodun tili yavlak seni sözlegey,
kişi kılkı kirtüç etiŋni yegey
194. Halkın dili kötüdür, seni çekiştirir; insanın tabiati kıskançtır, etini yer.

194. ياماندۇر خەلق تىلى سېنى سۆزلىگەي،
كىشى خۇلقى قىزغانغاچ، ئېتىڭنى يېگەي.

195. Baka kördüm erse yinik boldı yük,
özüm aydı sözle sözüŋ barı tök
195. Dikkatle bakınca, yüküm hafifledi; kendikendime : - Söyle, içindekileri dök - dedim.

195. قاراپ كۆرگىنىمچە يىنىكلەندى يۈك،
ئۆزۈمگە دېدىم سۆزلە، بار سۆزنى تۆك.

196. Negülük tese sen ayayın saŋa,
eşitgil sözümni ay ersig toŋa
196. Sebebini sorarsan, sana söyleyeyim; ey mert yiğit, sözümü dinle.

196. نېمىشقا دېسەڭ مەن ساڭا ئېيتايىن،
سۆزۈمنى ئەي ھوشيار يىگىت ئاڭلىغىن.

197. Bu yalŋuk atı boldı yalŋluk üçün,
bu yalŋluk uruldı bu yalŋuk üçün
197. Bu yalnguk (insan) adı insana yanıldığı (yangluk) için verildi; yanılmak (yangluk) insan (yalnguk ) için yaratıldı.

* ئەسلەتمە: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى سىزگە ئەسلى تېكست، ھازىرقى تۈركچە ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەرتىۋى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، رېتى ئۆز پېتى ئېلىندى (ئاپتور).

197.كىشى ئاتى يالغۇق[53]، يېڭىلغاق ئۈچۈن،
دېيىلدى ئۇ ياڭلۇق، يېڭىلغان ئۈچۈن.

198. Yaŋılmaz kişi kim ayu ber maŋa,
yaŋılmış tümen miŋ ayayın saŋa

198. Sen bana yanılmayan bir kimse söyleyebilirmısin; ben sana yandan binlerce insan göstereyim.

198.يېڭىلمەس كىشى كىم دېگىن سەن ماڭا،
تۈمەن مىڭ يېڭىلغاننى دەيمەن ساڭا.

199. Biliglig idi az biligsiz üküş,
ukuşsuz üküş bil ukuşluğ küsüş

199. Bilgi sahibi insanlar pek azdır; bilgisiz ise, çoktur; bil ki, anlayışsız insanlar çok; anlayışlılar ise, nâdirdir.

199. بەك ئازدۇر بىلىملىك، تولا بىلىمسىز،
ئەقىلسىز تولادۇر، ئەقىللىق ئەزىز[54].

200. Biligsiz biligligke boldı yağı,
biligsiz biligligke kıldı çoğı

200. Bilgisiz bilgiliye dâima düşman olmuştur; bilgisiz bilgili ile her zaman mücâdele halindedir.

200. بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى.

201. Kişide kişi adrukı bar telim,
bu adruk biligdin ayur bu tilim

201. İnsandan insana çok fark vardır; bu fark bilgiden ileri gelir, sözüm buna dâirdir.

201. كىشىدىن – كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۈزرە بارار.

202. Biligligke sözledim uş bu sözüm,
biligsiz tilini bilümez özüm

202. Bu sözümü bilgili için söyledim, bilgisizin dilini ben de bilemiyorum.

202. بىلىملىككە سۆزلىدىم مەن بۇ سۆزۈم،
بىلىمسىز تىلىنى بىلمەيمەن مەن ئۆزۈم.

203. Biligsiz bile hiç sözüm yok meniŋ,
ay bilge özüm uş tapuğçı seniŋ

203. Benim bilgisiz ile hiç bir sözüm yoktur; ey bilgili, işte ben senin kulunum.

203. بىلىمسىز بىلەن ھېچ سۆزۈم يوق مېنىڭ،
ئەي ئالىم، ئۆزۈم بىر قۇلۇڭمەن سېنىڭ.

204. Sözüm sözlemişke saŋa eymenü,
özüm üdri koldı saŋa uş munu

204. Sözümü sana söylemiş olduğum için, çekinerek, işte böyle senden özür diledim.

204. سۆزۈمنى دېگەلى سەندىن ئەيمىنىپ،
قويارمەن بۇ ئۆزرۈمنى ئۈمىت قىلىپ.

205. Sözüg sözledeçi azar hem yazar,
ukuşluğ eşitse oŋarur tüzer

205. Sözü söyleyen yanılabilir ve şaşırır; anlayışlı isterse, bunu düzeltir ve tashih eder.

205. سۆز ئېيتقان كىشىلەر ئازار، ئالدىرار،
ئەقىللىق ئىشىتسە، تۈزەتىپ بارار.

206. Burundukluğ ol söz teve burnı teg,
barur kança yetse titir boynı teg

206. Söz, deve burnu gibi, yularlıdır; o, dişi deve boynu gibi, nereye çekilirse, oraya gider.

206. بۇرۇندۇقلۇق ئول سۆز تۆگە بۇرنىدەك،
ماڭار نەگە تارتسا ھىڭگان تۆگىدەك.

207. Bilig sözledeçi kişi bar üküş,
anı bildeçi er maŋa ked küsüş
207. Sözü bilerek söyleyen çok kimse var; benim için sözü anlayan adanı azizdir.

207. بىلىپ سۆزلىگۈچى كىشى كۆپ ئېرۇر،
ئۇنى بىلگۈچى ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

208.Kamuğ edgülükler bilig asğı ol,
bilig birle buldı mesel kökke yol
208. Bütün iyilikler bilginin faydasıdır; bilgi ile göğe dahi yol bulunur.

208. پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

209. Bilig birle sözle kamuğ sözni sen,
biligin bedük bil kamuğ özni sen
209. Sen her sözünü bilgi ile söyle; her kesin bilgi ile büyük olduğunu bil.

209. بىلىم بىرلە سۆزلە پۈتۈن سۆزنى سەن،
بۈيۈك بىل بىلىمى بىلەن ئەرنى سەن.

210. Yaşıl köktin endi yağız yerke söz,
sözi birle yalŋuk ağır kıldı öz
210. Söz kara yere mâvî gökten indi; insan kendisine sözü ile değer verdirdi.

210 . يېشىل كۆكتىن ئىندى[55] قوڭۇر يەرگە سۆز،
كىشى تاپتى قىممەت سۆزى بىرلە ئۆز.

211 Kişi köŋli tüpsüz teŋiz tegturur,
bilig yinçü sanı tüpinde yatur
211 İnsan gönülü dibi olmayan bir deniz gibidir; bilgi onun dibinde yatan inciye benzer.

211. كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212. Teŋizdin çıkarmasa yinçü kişi,
kerek yinçü bolsun kerek say taşı
212. İnsan inciyi denizden çıkarmadıkça, o, işter inci olsun işter' çakıl taşı, farketmez.

212. دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

213. Yağız yer katındakı altun taş ol,
kalı çıksa begler başında tuş ol
213. Kara toprak altındaki altın taştan farksızdır; oradan çıkınca, beylerin başında tuğ tokası olur.

213 . قوڭۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج.

214. Biliglig çıkarmasa bilgin tilin,
yarutmaz anıŋ bilgi yatsa yılın
214. Bilgili bilgisini dili ile meydana çıkarmazsa, yıllarca yatsa bile, onun bilgisi muhitini aydınlat-maz.

214. گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

215. Ukuşlı biligli idi edgü neŋ,
kalı bulsa işlet uçup kökke teŋ
215. Anlayış ve bilgi çok iyi şeydir; eğer bulursan, onları kullan ve uçup göğe çık.

215. ئەقىل ۋە بىلىم ئول ئۇز نەرسىدۇر ئەڭ،
ئەگەر بولسا ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.

216. Negü ter eşitgil bu el kend begi,
ukuşka biligke yetürmiş ögi
216. Anlayış ve bilginin ne olduğunu bilen, bu memleket beyi ne der, dinle.

216. نېمە دەيدۇ ئەلنىڭ بېگى ئاڭلىغىن،
ئۇقۇشقا، بىلىمگە يۈگۈرتۈپ ئەقىل.

217. Ajun tutğuka er ukuşluğ kerek,
bodun basğuka ög kerek hem yürek
217. Dünyayı elde tutmak için, insan anlayışlı olmalıdır; halka hâkim olmak için ise, hem akıl, hem cesaret gerektir.

217. جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

218. Ukuş birle tuttı ajun tutğuçı,
bilig birle bastı bodun basğuçı
218. Dünyayı elinde tutan, onu anlayış ile tuttu; halka hükmeden, bu işi bilgi ile yaptı.

218. ئەقىل بىرلە تۇتتى جاھان تۇتقۇچى،
بىلىم بىرلە تۇتتى ئەلنى سورغۇچى.

219. Ajunka apa enmişinde berü,
ukuşluğ uru keldi edgü törü
219. Adem'in dünyaya indiğinden beri iyi nizam dâima anlayışlı insanlar tarafından vaz'edilegelmiştir.

219. قاچانكى جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.

220. Kayu üdte erse bu künde burun,
biligligke tegdi bedükrek orun
220. Hangi çağda olursaolsun, bugüne kadar daha yüksek yer dâima bilgiliye kısmet olmuştur.

220. قايۇ ۋاقىتتا بولسۇن، بۇ كۈندىن بۇرۇن،
بىلىملىككە تەگدى بۈيۈكرەك ئورۇن.

221. Ukuş birle eslür kişi artakı,
bilig birle süzlür bodun bulğakı
221. İnsanların kötüsü anlayış yolu ile asılır; halk arasında çıkan fitne bilgi ile bastırılır.

221. ئەقىللە ئېسىلغاي ئادەم ئەسكىسى،
بىلىملە بېسىلغاي خەلق پىتنىسى.

222. Bu ikin itümese kodğıl bilig,
kılıçka tegürgil sen ötrü elig
222. İşleri bu ikisi ile de halledemezsen, bilgiyi bırak, elini kılıca daya.

222. بۇ ئىككى يول بىلەن ئىش پۈتمىسە ھېچ،
بىلىمنى قويۇپ ئال قولۇڭغا قىلىچ.

223. Bügü bilge begler bodunka başı,
kılıç birle itmiş biligsiz işi
223. Halkı idare eden, hakîm ve âlim beyler bilgisizin işini kılıç ile halletmişlerdir.

223. بىلىملىك، ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى،
قىلىچ بىرلە تۈگەر بىلىمسىز ئىشى.

224. Ajun tutğuka er ukuş bilse ked,
bodun basğuka er bilig bilse ked
224. Dünyayı elde tutmak için, insanin anlayışlı olması ve halkı itaat altına almak için de, bilgili bulunması elzemdir.

224. جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل – يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

225. Bu iki birikse bolur er tükel,
tükel er ajunuğ temâm yer tükel
225. Bu ikisi bir kimsede toplanırsa, o tam insan olur; tam insan dünyanın bütün nimetlerine nail olur.

225. بۇ ئىككى بىرىكسە بولۇر ئەر تولۇق،
تولۇق ئەر جاھان نېمەتىن يەر تولۇق.

226. Apaŋ iki ajun kolur erse sen,
otı edgülük ol kılur erse sen
226. Sen her iki dünyayı arzu ediyorsan, bunun çâresi -iyilik yapmaktır.

226. ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلىمەك.

227. Kalı edgü bolmak tilese özüŋ,
yorı edgülük kıl kesildi sözüŋ
227. Eğer kendin iyilik bulmak istiyorsan, yürü, iyilik et; başka söze ne hacet.

227. ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.

228. Kişi meŋü bolmaz bu meŋü atı,
anın meŋü kaldı bu edgü atı
228. İnsan ebedî değildir, ebedî olan - onun adıdır; iyi kimselerin adı bunun için ebedî kalmıştır.

228. كىشى مەڭگۈ بولماس، كىش مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

229. Özüŋ meŋü ermez atıŋ meŋü ol,
atıŋ meŋü bolsa özüŋ meŋü ol
229. Kendin ebedî değilsin, adın ebedîdir; adın ebedî olursa, kendin de ebedî olursun.

229. ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس، ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ ئۆلسە، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار خام بولىدۇ، ئاش- تاماقنىمۇ ئالدىراپ يېسە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ.

ئالدىراقسانلىق، ۋەھىمە ھەممە ئۈچۈن يامان، بۇ ئادەت ئەگەر بەگدە بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنى سارغايتىدۇ.

«يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجهۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشەنسىڭىز پۇرسەتلەرنى كۆرىسىز، ئىشەنمىسىڭىز توسالغۇلارنى كۆرىسىز.
ۋېين داير (ئامېرىكا)

ھېچكىم ئۆتمۈشكە قايتىپ يېڭىدىن باشلىيالمايدۇ، لېكىن ھەرقانداق ئادەم ھازىرنىڭ ئۆزىدە يېڭىدىن باشلاپ كەلگۈسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.
مارىيا روبىنسون (بىرىتانىيە)

بۈگۈن قىلىپ بولالايدىغان ئىشنى ئەتىگە قويماڭ.
(نامەلۇم)

بىزنىڭ قانداق يىقىلغىنىمىز ئەمەس بەلكى يىقىلغاندىن كېيىن قانداق ئورنىمىزدىن تۇرغىنىمىز مۇھىم.
پەترىك نەس (ئامېرىكا)

بۇ دۇنيادىكى كۆپىنچە مەسىلىلەرنى بەزى كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ت. س. ئەلىيوت (ئامېرىكا)

ۋاقىت بەدەنگە قورۇق سالىدۇ، بەل قويۇۋېتىش روھقا قورۇق سالىدۇ.
دوگلاس ماكارسۇر (ئامېرىكا)

جىمجىتلىقتا كۈچلىمىزمۇ تىنجىيدۇ.
لايلاھ گىفتىي (ئاكىتا گانا)

ھاياتىڭىزدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى قوبۇل قىلىڭ، سىزنى سىز ئارزۇ قىلغان يەرلەرگە باشقا بىرسى ئەمەس ئۆزىڭىز ئاپىرىسىز.
لې براۋن (ئامېرىكا)

ئادەم ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئورنىنى پۇشايمانلار ئالمىغۇچە قېرىغان ھېسابلانمايدۇ.
جون بەررىيمور(ئامېرىكا)

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھۆرمەت نام - ئاتاقتىن مۇھىم.
جۇلىئۇس ئېرۋىڭ (ئامېرىكا)

ئۈچ سائەت بۇرۇن كەلسەڭ كەل، بىر مىنۇت كېچىكمە.
ۋىليام شېكسپىر (بىرىتانىيە)

مۇھەببەت خۇشال بولۇش ئەمەس خۇشال قىلىشتۇر.
گىلبېرت ك. چەستىرتون (بىرىتانىيە)

يالغانچىلىق ئەۋج ئالغان دەۋردە راست سۆزلەش ئىنقىلابىي قىلمىشتۇر.
جورج ئورۋېل (بىرىتانىيە)

زوراۋانلىق بىزگە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.
مارىي مەككارسىي (ئامېرىكا)

ھېچكىم تەردە تۇنجۇقۇپ قالمىغان.
ئەن لەندىرس (ئامېرىكا)

بىر ئىشنى قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشەنگەن ۋاقتىڭىز شۇ ئىشنى قىلالايدىغان ۋاقتىڭىزدۇر.
جوسىق گوردون-لەۋىت (ئامېرىكا)

يۈرىكىڭىزدە غەزەپ - نەپرەت قانچە كۆپ بولسا، مۇھەببەتكە شۇنچە ئاز ئورۇن قالىدۇ.

باربىرا دى ئانگېلىس (ئامېرىكا)

خۇشاللىق ئىچىمىزدىن چىقىدۇ، ھەرگىز سىرتتىن كىرمەيدۇ.

داۋىد دىنوتارىس (ئامېرىكا)

بىر كىشىنى تونۇغىنىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى ئوقۇغان كىتابلارنى تونۇغان بىلەن باراۋەردۇر.

رالف ۋالدو ئېمېرسىن (ئامېرىكا)

شېئىر دەرىجىدىن تاشقىرى خوشاللىق ياكى چىدىغۇسىز ئازابنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

ئا. پ. ج. ئابدۇل كالام (ھىندىستان)

مۇۋەپپەقىيەت ئۇچقۇن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك قىممەت ئۇچقۇن تىرىشىڭ.

ئالبېرت ئېينىشتېين (گېرمانىيە)

بۇ دۇنيادا شەك - شۈبھىسىز نەرسە يوق، ئۆلۈم ۋە باجنى ھېسابقا ئالمىغاندا.

بەنجامىن فرانكلىن (ئامېرىكا)

مېڭىۋاتقان يولىڭىزنى ياقتۇرمىسىڭىز ، يېڭىدىن بىر يول ئېچىڭ.

دوللىي پارتون (ئامېرىكا)

بىز قېرىپ كەتكەچكە ئوينىماس بولمىدۇق، ئويىنىمىغاچقا قېرىپ كەتتۇق.

جورج بېرنارد شاۋ (ئېرلاندىيە)

يىللارنى ھېسابلاپ ئولتۇرماڭ، بەلكى شۇ يىللارنى نوچى ھېسابلانغىدەك ياشاڭ.

جورج مەرەدىس (برىتانىيە)

مەيلى كىشىلىك خاراكتېردا بولسۇن، مەيلى ئەدەپ - ئەخلاق ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا بولسۇن، ئاددىيلىق ئېسىللىقتۇر.

خەنرىي ۋادسۋورس لوڭفەللوۋ (ئامېرىكا)

مەقسەت ۋە نىشان ئېنىق بولمىسا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت - جاسارەت مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىيالمايدۇ.

جون ف. كەننىدي (ئامېرىكا)

ئۇلار بېشىدا سىزنى نەزەرگە ئالمايدۇ، ئاندىن سىزنى مازاق قىلىدۇ، ئاندىن سىز بىلەن قارشىلىشىدۇ، ئاندىن سىز يېڭىسىز.

ماخاتما گاندى (ھىندىستان)

بىرىگە بېلىقتىن بىرنى بەرسىڭىز بىر كۈن باققان بولىسىز، بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتسىڭىز بىر ئۆمۈر باققان بولىسىز.

ئەننى ئىزابەللا تەككىربي رىچى (برىتانىيە)

ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى پۇختا ساقلاڭ، چۈنكى ئۇلارنى يوقىتىپ قويسىڭىز، ھاياتىڭىز خۇددى قانىتى سۇنغان قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.

لەڭستون خيۇس (ئامېرىكا)

غالىبىيەتكە سىلىشتۇرغاندا مەغلۇبىيەتتىن جىقراق نەرسە ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

مورگان ۋۇتتىن (ئامېرىكا)

جەڭنى توختاتالمايدىغان ئادەمگە غەلىبە مەڭگۈ مۇمكىندۇر.

ناپالىئون خىل (ئامېرىكا)

كىشىلىك ئالاقىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە - ئېيتىلمىغان سۆزلەرنى "ئاڭلاشتۇر".

پېتىر دۇرۇككىر (ئاۋسترىيە)

گۈللەر ئېچىلغاندا ھەرىلەر كېلىدۇ.

(نامەلۇم)



# ياش ئىجادكار — ئەدەبىيات كىلەچىكى*

ئىجادىيەتكە ھەۋەس باغلىغان بىرتوپ ياشلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن، 2017 - يىلى ئاپرېلدا ۋۇجۇدقا كەلگەن «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسى دەۋر ئۆلچىمى بىلەن پەرەز قىلىنغاندىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئىشەنچلىك ئېيتالايمىز. «ۋارىس» دەسلەپ تەشكىللەنگەندە بەزىلەر چوڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ياخشى ئۈمىدلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، بەزىلەر چۈشەنمەسلىك ۋە ئىشەنمەسلىك بىلەن سەلبىي پوزىتسىيە كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتماي بولمايدۇ. ھەر ھالدا، ئۆتكەن ئۈچ يىلدىكى قىزغىن ئىجادىيەت ۋە پائالىيەتلەر ۋەتەنپەرۋەر ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئاقلىغان بولسا، «قۇرۇق سۆز» دېگەنلەرنىڭ پىتنىلىرىگە رەددىيە بەردى.

ئەينى ۋاقىتتا 30دىن ئوشۇق ياش ئىجادكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ۋارىس»نى ھەممە ئېتىراپ قىلدى. يەنىلا شۇ بىرزە قېلىپلاشقان ئەپسۇسلىنارلىق ئىللەتكە باغلىق «كىمنىڭ تەشكىلاتى؟»، «كىم بۇنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ؟» دېگەندەك گۇمانلىق كۆز قاراشلارنىڭ بورىنىغا چۈشكەن ياشلار، خالىسلىقى ۋە ئۈملۈكى بىلەن كۆرەلمەس دولقۇنلار چايقىغان كېمىسىنى تۇتقان يولىدىن چەتنەشتۇرمەي ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ.

دەسلەپتە م. ئەۋبىزوۋ «مىراسگاھ»دا يىغىلىپ ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا بىنا ياكى ئىشخانىسى بولمىغانلىقتىن «ۋارىسنىڭ» كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئىمكانىيەتكە قاراپ كافې-ئاشخانىلاردا يىغىلىپ يىغىن، سۆھبەت ۋە كېچىلىكلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن باشلاندى.

ئالمۇتا شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزى ئاياللار كېڭىشىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن «ياشلىق تۇيغۇلىرى» ناملىق ئەدەبىي كېچىلىكى، دەسلەپكى ئىش-پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىمىزگە سەل قارىمايدىغان خەلقىمىز ۋەكىللىرى بىلەن ياش ئىجادكارلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ بىر دىيالوگقا ئايلانغاندى.

بىزنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ئاساسىي ئىشلارغا كۆپ كۈچ چىقارغان بەستىكار سازەندە، ناخشىچى پولات ھېزىموۋنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خەلقىمىز، ناخشىلىرىنى سۆيۈپ تىڭشايدىغان «تارىم» ئانسامبىلى بىلەن بىرلىكتە «گۈلىستان» كافېسىدا ئەدەبىي-مۇزىكىلىق كېچە ئۇيۇشتۇردى. بۇ پائالىيەت جەريانىدا، كۆپلىگەن مىللەتپەرۋەر ئىنسانلار «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسىگە، يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىش خاھىشى بارلىقىنى بىلدۈردى ۋە دېگىنىدەك ئەمىلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆز ۋەدىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

شۇ يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئاستانا شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ رەئىسى رۇستەم ئابدۇسالاموۋنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ھامىيلىقىدا «12 مۇقام» رېستورانىدا يېڭىچە «خۇش

* بۇ خەۋەر قازاقىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان«يېنى ئازىيا»(يېڭى ئاسىيا) گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

دەملەر» ناملىق مۇزىكىلىق-شېئىرىيەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ يەرگە يىغىلغان شېئىرىيەت مۇخلىسلىرىغا ئارامبەخش بەرگۈچى شېئىرلىرىنى ھەدىيە قىلىندى. كېيىنكى يىللاردىمۇ «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى داۋاملىشىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نامىدىكى 153 - مەكتەپ-گىمنازىيەسىدە «ئەدەبىي دوستلۇق - ئەبەدىي دوستلۇق» ماۋزۇسىدا، ياش ئۇيغۇر ۋە قازاق شائىرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى مۇھىم پائالىيەتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداقلا، ئاتاقلىق يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرى تەشەببۇسى بىلەن توپلىنىپ، كېيىنچە تولۇقلىنىپ يورۇق كۆرگەن «ئارزۇ بۇلاقلىرى» كوللېكتىپلىق توپلىمىنىڭ تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئالمۇتىدىكى «دوستلۇق» ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى سېزىملىرىنى ئالاھىدە ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ياش شائىرە ئالبىنا ئەمەتوۋانىڭ تۇنجى شېئىرىي توپلىمىنىڭ تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

«ۋارىس» ئەزاسى مولۇتجان توختاخۇنوۋ قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى خۇشاللىق بىلەن بىللە ياشلارنىڭ ئىنتىلىشىنى ئۇلغايتىپ، يېڭى ياخشى دۇنيالارنى يارىتىشقا دەۋەت قىلدى.

قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشى ۋە «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسى ھەمكارلىقتا، يازغۇچىلار ئۆيىدە «ياشلىقىم-باھارىم» نامىلىق ئەدەبىي-مۇزىكىلىق كېچىلىك ئۇيۇشتۇرۇلدى.

بىرلەشمە ئەزالىرى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جانكۆيەرى، ئاتاقلىق كوللېكتسونېر ئازات ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى. بۇ ئۇچرىشىش ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر، ئىجادنىڭ قىر-سىرلىرى، خەلقىمىز تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلەر بىلەن ياشلارغا ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

شۇنداقلا «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسى، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشى ئەزالىرى ۋە تاشكەنساز يۇرتى پائالىيەتچىلىرىنىڭ قوللىشىدا «تەبىئەت ۋە روھىي تازىلىق شەنبىلىكى» نامىلىق دالا پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نامايەندىلىرىمىز ھېزمەت ئابدۇللىن بىلەن ماخمۇت ئابدۇراخمانوۋنىڭ يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەتراپىنى تازىلاپ، خاتىرە كۆچەتلەر تىكىشتى.

ھازىر ياشاۋاتقان 2020 -يىلىدا، پۈتكۈل ئالەمنى تەشۋىشتە قالدۇرغان تاجىسىمان ۋىرۇس، پىلانلانغان بەزى پائالىيەتلەرنى كېچىكتۈرۈشكە ياكى ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاپرېل ئېيىدا «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىنىڭ ئەزاسى، شائىرە، ئالىمە شائىرەم باراتوۋانىڭ ئۇچراشتۇرۇشىدا، قازاق مىللىي پېداگوگىكىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئىستۇدېنتلىرى ۋە «ۋارىس» ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، ئالىمجان ھەمرايېۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تور-سېمىنار ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداقلا، بۇ يىل، يەنە شۇ مەلۇم سەۋەبلەرگە تۈپەيلىدىن، بىرلەشمە ئەزالىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئالىم ئا.ھەمرايېۋ تەرىپىدىن شېئىرىي ئۆلچەملەر، بەدىئىي ۋاسىتىلەر، قاپىيە، رىتىم ، تۇراق-بەنتلەر توغرىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بويىچە «شېئىر بەدىئىيلىكى »، «شېئىرىيەتتىكى مودېرنىزم»گە ئوخشاش تور-مۇساپىلىق ماھارەت دەرسلىرى ئۇتۇقلۇق ئۆتتى. «قازاقىستان خەلقى بىرلىكى كۈنى» ھارپىسىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي كىتابخانىسى تەشكىللىگەندە ۋە قازاقىستان خەلق ئانسامبىلى ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ قوللىشىدا «ۋارىس» ئەزالىرى «دوستلۇقىمىز مەڭگۈلۈك» تېمىدا ۋىدېوروليك ئەسەر تەييارلىدى ۋە ئەسەرلەرنى جۇمھۇرىيەتلىك تېلېكانالLARدا كۆرسەتتى.

«ۋارىس» ئۇيۇشتۇرغان يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن بىللە ياش قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپ، ياش بولغىنىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ تالانتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن سابىرەم ئەنۋەرووۋانىڭ «ئاق چېچەك» نامىلىق شېئىرلار توپلىمى، ئابدۇلجان ئازنىباقىيېۋنىڭ سېھىرلىك ياشلىقنىڭ تىلسىم قەترىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ياشلىق لىرىكىلىرى» ۋە «يۈرەك ئالبومى»، ئالبىنا ئەمەتوۋانىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن يارقىن ئىپادىلەنگەن «مەجنۇنتال» نامىلىق توپلىمى ياشلار ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر يارقىن كۆرۈنۈشى بولدى. مەزكۇر قۇرلار مۇتەللىپىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «يۇلتۇزلاردا ئارمانلار» بالىلارغا بېغىشلانغان ۋە «قەلبىم ئاسمىنى» توپلاملىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا ئاتالغان توپلاملار نەشرىدىن چىقىشى ئۈچۈن بەلگىلىك مەبلەغنى تەلەپ قىلىدۇ. «ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيت، قەدرى ئاشسۇن» دېمەكچى، بۇ مەسىلىدە خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان سېخى ئىنسانلار قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. مەسىلەن، «ئاق چېچەك» – ئالاتاۋ ناھىيەلىك خانىم-قىزلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئاغچىخان ھەمرايېۋانىڭ، «يۇلتۇزلاردا ئارمانلار» بىلەن «مەجنۇنتال» – مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جانكۆيەرى ئازات ھېكىمبەگنىڭ، «يۈرەك ئالبومى» قازاقىستان خەلقى ئانسامبىلىسى، ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ، «ئارزۇ بۇلاقلىرى» جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزى يېنىدىكى مىزانگۈل ئاۋامىسسمووۋانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «جانان» خانىم-قىزلار فوندىنىڭ ھامىيلىقىدا يورۇق كۆردى.

«ۋارىس» قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «ئازىيا بوگون» گېزىتلىرى، «ئىجادكار »، «ئاخبارات »، «ئىنتىزار» ۋە «غۇنچە » ژۇرناللىرى ياشلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى داۋاملىق يورۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ياش ئىجاتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى قازاقىستاندىلا ئەمەس، بەلكى يىراق ۋە يېقىن چەت ئەللەردە ۋە ئۆزگە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، داۋاملىق نەشر قىلىنماقتا. ئازنات تالىپوۋ، شائىرەم باراتوۋا، گۈلناز سەيدۇللايېۋا، ئابدۇلجان ئازنىباقىيېۋ، ئالىمنا ئەمەتوۋا، مولۇتجان توختاخۇنوۋ، دىلفۇزا روزىيېۋا، سابىرەم ئەنۋەروۋا، خۇرشىدەم ھېزىموۋا، گۈلنارەم ئابلىز قاتارلىق ئىجادكارلارنىڭ شېئىر - ھېكايىلىرى تۈركىيەدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا يورۇق كۆردى. گ.سەيدۇللايېۋانىڭ، مۇشۇ قۇرلار مۇتەللىپىنىڭ شېئىرلىرى تۈركىيەدە تۈرك تىلىدا چىقىدىغان «güncel sanat» ژۇرنىلىدا، ئا.ئازنىباقىيېۋنىڭ شېئىرلىرى قازاق، رۇس، ئۇكرائىن، باشقۇرت، تۈرك، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەر خىل ئەللەر مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلدى. ياش قەلەم ساھىبى شاخناز جاماشېۋانىڭ شېېرلىرى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «قازاق ئەدەبىياتى» ۋە «ژۇلدىز»غا ئوخشاش نەشرلەردە بېسىلدى. ئۇكرائىنا ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى نەپەسىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تەرجىمە ئارقىلىق تونۇشتۇرغان ئابدۇلجان ئازنىباقىيېۋ ئۇكرائىنانىڭ خەلقئارا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي يارلىقى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

دەل ھازىرقى ۋاقىتتا تەقدىر ئوكتيابىروۋ، ئابدا ئەخمەتوۋا، شاخناز جاماشېۋا، گۈلنارەم ئابلىز، قولداش شەمشىدىنوۋ، دىلنۇر ئۆمەروۋا، شۆھرەت ئىلىيېۋ،سۇلايمان ئايداروۋ، گۈلچېھرە روزىيېۋا، ماھارەت ئىمىروۋا، ئارشالىم دەۋلەتوۋ، رۇفات ئابلىزوۋ،نۇرلان روزىيېۋ، پەرھات تېيىپوۋ قاتارلىق ياشلىرىمىز قىزغىن ئىزدىنىش ئۈستىدە ئىجاد قىلىۋاتىدۇ.

«ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسى ئۆز پائالىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا، قۇرۇلغاندىن باشلاپ، تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە ياش ئىجادكارلارنى مەنىۋىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم كۆرسىتىۋاتقان بارلىق ئالىيجاناب ئىنسانلارغا بىرلەشمە نامىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

كېلەچەككە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، «ۋارىس» پەقەتلا زامان تەلىپىگە لايىق بىرلەشمە بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ تەلەپلەرگە يۆنىلىش بېرىدىغان، ئۇلارنى شەكىللەندۈرىدىغان يولنى تۇتۇشى شەرت ئېكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگۈم كېلىدۇ. بۇمۇ يەنە شۇ ھەممىگە ھۆكۈمدار ۋاقىت ئەنچىسىدە...

ۋىليام مولوتوۋ (قازاقىستان)
«ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى.




«ياشلىق باھارىم - ئۆچمەس ئىلھامىم» تېمىلىق پائالىيەت خاتىرىسى




# تۆنجى قېتىملىق «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى (2019)» ئىستانبۇلدا ئېچىلدى

يىغىن 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ( يەكشەنبە ) ئىستانبۇل كۈچۈكچەكمەجە سافاكۆي E5 يان يول 28 - نومۇر سۇس تۈي مەرىكە زالىدا تولۇق بىر كۈن ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسى مەقسىتى مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك- دورىگەرلىكىنى ساقلاپ قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش، يۈكسەلدۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى خەلقئارالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئەنقەرە يىلدىرىم بەيازىت ئۇنىۋېرسىتېتى تېبابەت فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئاشتى نامەتجان مەمەت ياغما، ئىستانبۇل ساغلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت دوكتور مەغپىرەت بوزلان، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىدىن دوكتورلۇق ئېلىپ مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى باشچىلىقىدا ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ۋەخپە تەرىپىدىن ئېچىلغان 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دوكتور مەريەم ئابدۇكېرىم ۋە ئاسپىرانت ئابدۇلمىجىت غاپۇر، ئەنقەرە ھاجى ۋېلى ئۇنىۋېرسىتېتى (گازى ئۇنىۋېرسىتېتى) تارىخ بۆلۈم ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور دوكتور ۋارىس چاكان. ئۇنىڭدىن باشقا پىروفېسسور مۇدىرۋىراچ مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان خوتەندىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىك مۇتەخەسسىسلىرىدىن پەزىلەت ئابلىز، ئابدۇلھەمىد ئەلى ھاجى، مەتقاسىم بىلگى، شەمشىنۇر غوپۇر، ئۆمەرجان ئابابەكرى، ماھىنۇر مۇھەممەت، ئۇبۇلھەسەن ھېبىبۇللا ۋە ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار دوختۇرخانىلاردىكى تۈرۈك پىروفېسسور دوكتور تېببىي پەن مۇتەخەسسىس كەسىپداشلاردىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئامېرىكانىڭ تېببىي دورا تەتقىقات ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىرلەشمە ئىدارىسى – Pfizer دە راك قاتارلىق كېسەللىكلەر دورا تەتقىقات تارمىقىنىڭ باش يېتەكچىسى تەتقىقاتچىسى ۋە كلىنىكىلىق دورىشۇناسلىق تارمىقىنىڭ دىرېكتورى دوكتور رىشات ئابباس، ئامېرىكا ساغلاملىقىنى ساقلاش تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دوكتور ئەلقەم تۇرسۇن قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى باسقۇچلىرى»، « ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە زامانىۋى تېبابەتتە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش»، « روھىي تەكشۈرۈلمىگۈسىزلىق ۋە روھىي جىددىيلىكنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە 2019 – يىلى تۇنجى سان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ماقالىلەر ئىچىدىن ئىلمىي سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان 15 ماقالە تاللىنىپ يىغىندا سۇنۇلدى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەتتە پارچىسى مۇكاپاتلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىلەن مۇھاجىرەتتە تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇپ چىقىلدى. ئىلمىي جەمئىيەتكە 78 كىشى ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر تىبابىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقئارالاشتۇرۇشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ دېگەن تېمىلار ئۈستىدە يۈزتۇرانە يىغىن ئېچىلدى. جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىششى ئۈچۈن ۋاتساپ توپى قۇرۇلدى. كېيىنكى كۈنلەردە مۇھىم تېمىلار ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ھەتتا تور يىغىنلىرى ئېچىش پىلانلاندى.

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (تۈركىيە)

## يىغىندىن خاتىرەلەر





















# ئىككى كۆز، ئىككى يۈز

يېقىندا نورۋېگىيەدە ياشاۋاتقان شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ «ئىككى كۆز، ئىككى يۈز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە ئىككى خىل تىلدا تۈركىيەنىڭ داھىي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب بەلكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چىقىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىككى تىللىق چىققان كىتاب بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئاپتورلىرىمىز تەرىپىدىن تەييارلانغان كۆپ ساندىكى كىتابلار پەقەتلا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى، ھالبۇكى «ئىككى يۈز، ئىككى كۆز» نىڭ بىر كۆزى ئۇيغۇرچە، بىر يۈزى تۈركچە بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇر ۋە تۈرك ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سۇنۇلغان خۇشپۇراق گۈلدەستە ئىدى.

ئۇنداقتا بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى مۇتەللىپ سەيدۇللا كىم؟ مۇتەللىپ سەيدۇللا 1972 - يىلى پايانسىز تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان كېرىيە بوستانلىقىدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئالىي مەكتەپنى شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ نېفىت ئايرىش كەسپىدە ئوقۇيدۇ. ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا ۋەتەندىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئاكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى ۋە نەسرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىنىڭ ئوت يۈرەك بىر ئەزاسى ئىدى. شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللا 2004 - يىلى تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى بىلەن نورۋېگىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ، ئاز كەم 15 يىلنى سۆكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قايتىدىن سەۋدالىق بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ يەنە نورۋېگىيەنىڭ شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان تۈزسىز دېڭىز سۇلىرىغا قاراپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئەسلەيدىغان، ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان نورۋېگىيەنىڭ تاغلىرىغا قاراپ «دادىسىنىڭ دەرەخلىرى»نى ئىزدەيدىغان، ئۆزى نورۋېگىيەدە ياشىسىمۇ ھېس-تۇيغۇلىرى دائىم ئانا تۇپراقتا پەرۋاز قىلىدىغان، «بارلىق ئازابلارنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ، بۇلۇڭدا تازا يىغلايدىغان» شائىردۇر.

«ئىككى كۆز، ئىككى يۈز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شائىرنىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «دېڭىزنىڭ ئېپىتقانلىرى» 2019 - يىلى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئىدى.

ئۇنىڭ «ئىككى كۆز، ئىككى يۈز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 60 پارچە شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركچە تەرجىمىسى، كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرچە ئەسلى بېرىلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدىكى «ئېنىقسىزلىقنىڭ گۈزەل مۇزىكىسى»نى، نامەلۇم شەھەردىكى «قوۋم قەلئە» نىڭ كىرگىلىمۇ بولمايدىغان، چىققىلىمۇ بولمايدىغان سىرلىق مۇمكىنسىزلىكىنى، «يوقۇلۇشنىڭ ۋەھىمىسى»نى ۋە «تەن ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى» (مۇھاجىرەت ھاياتى) قىلغۇزغاندىن كېيىنكى دىن، ئىرق ، رەڭ ۋە ھەممە نەرسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىكى قورقۇنچلىرىنى ، «بىز ئۇنتۇلغاندىن كېيىن» يېزىلمىسىمۇ بولىدىغان «توپا باسقان تارىخ» ھەققىدىكى ئاچچىق ئىزتىراپلىق تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە «ھېچكىمسىز پەسىل» دىكى «مىڭ تال گۈل»نىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرىشىمىز مۇمكىن.

ئەمدى كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىغا كەلسەك، مەزكۇر كىتابنىڭ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىككى خىل تىلدا نەشر قىلىنىشىدۇر. خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر جۈملىدىن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە تاتار ئەدەبىياتىغا قارىغاندا تۈركىيەدە تازا تونۇلۇپ بولالمىدى. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ساناقلىق ئەسەرلەرلا تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى. بۇرۇنقىسىغۇ مەيلى ئۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ بولالمىساق، ھازىر يازغان ئەسەرلەرنى بولسىمۇ تۈرك ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرساق بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. كۆپ قىسىم تۈركلەر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىنمۇ خەۋەرسىز. ئەدەبىياتىمىز كەڭ كۆلەمدە تونۇلسا، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇڭا «ئىككى كۆز، ئىككى يۈز»گە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ۋە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىشىغا ئەگىشىپ تۈرك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئارىسىدىكى بوشلۇق مانا مۇشۇنداق تەرجىمە ئەسەرلەر بىلەن بارغانسېرى كىچىكلىگۈسى.

بىزنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىمىز ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ. بۇ ۋەجىدىن بەلكى كۆپ تىللىق بولۇشىمىز بىزگە بەزى قولايلىقلارنى تۇغدۇرىشىمۇ مۇمكىن. تۈركىيەنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تۈركلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنىڭ يېقىنلىقى بەلكى بىزنىڭ مەۋجۇدىيەت بوشلۇقىمىزنى كېڭەيتىدۇ. شۇڭا ئەسەرلىرىمىزنىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

ئاخىرىدا شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ مەزكۇر توپلىمىدىكى ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرغان شېئىرنىڭ بىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇش بىلەن بىرگە شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن شۇنداقلا كۆچمەنلىك (مۇھاجىرەت) ھاياتىنىڭ ھالسىرىتىشىغا باش ئەگمەي، بۈگۈنگىچە قەلىمىنى تاشلىماي كېلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلار ۋە تەرجىمانلارغا، كىتاب-ژۇرنال چىقىرىۋاتقان تۆھپىكارلارغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

## تەن ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى

1
يوللار قانات چىقارمايدىغان بولىدۇ
دەريالار قايناشتىن توختايدۇ
قۇچىقىمىزدىكى بۇگۈن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن.

2
نىشان بىزدىن يىراقلايدۇ
رىۋايەتلەر ئاسماننىڭ بىپايانلىقىغا ئايلىنىدۇ
ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەۋە كالېنىدارى بولىدۇ

3
تەرتىپسىز پەسىللەر، نىشانسىز ھەم ۋاقىتسىز
ھەممىمىزنىڭ سىماسى ھېچكىمگە ئايلىنىدۇ
بىز تارىخنى ئۇنتۇلغاندىن كېيىن.

4
بىر ئايال ئەرگە ئۆزگىرىدۇ
ئاياللار كوچىدا ئەرلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ
بۇ شەھەرنىڭ چېگراسى، ئېنىقلىمىسى قالمىغاندا.

5
بىر ئادەم ياكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ
دىن، ئىرىق، رەڭ، ھەممە سۆزلۈك سۇدا ئېقىپ كېتىدۇ
تەن ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلغاندا بىر يۈرەك.

ھەسەنجان ئابدۇۋايىت




# پەرھات تۇرسۇن ئەسەرلىرى

يېقىندا ئۇيغۇر يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى «شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى يازغۇچى غۇلام ئوسمان زۇلپىقار ئەپەندى پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى ۋە ماقالىلىرىنى ئۈچ توپلامغا يىغىنچاقلاپ نەشر قىلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدا كىتاب چىقىرىش بىزنىڭ ۋاقتىمىزنى، زېھنىمىزنى خوراتقاننىڭ ئۈستىگە، بىر تىيىنلىق ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماستىن، ئەكسىچە «قىپقىزىل چىقىم» دىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدىغان شارائىت ئاستىدا بۇنداق خالىس ئەمگەكلەرنىڭ روياپقا چىقىشى بىز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز تەلىيىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن غۇلام ئوسمان زۇلپىقار ئەپەندىمىنىڭ غەيرىتىگە، پەرھات تۇرسۇنغا بولغان ئىخلاسىغا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان ئىشتىياقىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن، ئەلۋەتتە.

بەلكى كۆپ قىسىم ئوقۇرمەنلەر پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە پەرھات تۇرسۇن دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنچىۋالا ناتونۇش بولماسلىقى مۇمكىن. سەۋەبى ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن باشلانغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان، پەرھات تۇرسۇننىڭ «خىرىستىيان»لىقى ياكى ئۇنىڭغا چاپلانغان ئاللىقانداق ماركىلار ۋە مەقسەتلىك ھالدا سېپسىتىشلار مەتبۇئاتلاردا، تورلاردا ئىنتايىن كەڭ ئۇچرايدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى كۆپ قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ ئىسمىنى بىلگەن بىلەن، ئەمما ئۇنىڭ قانداق يازغۇچى، ئەسەرلىرىنىڭ قانداق تەمى ۋە پۇرىقى بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئاز بولسا كېرەك.

ئۇنداقتا پەرھات تۇرسۇن كىم؟ ئۇ قانداق يازغۇچى ئىدى؟ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى قانداق ئىدى؟ پەرھات تۇرسۇن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىكى يازغۇچىلارنىڭ قاتارىغا كىرەلمەيدىغان، توغرىسى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ رامكىنى رەت قىلغان يازغۇچىدۇر.

ئادەتتە، قابىلىيەت ۋە ئىش تەقسىماتى ئوخشاش تاناسىپ بولمىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ كۈچى ئىقتىداردىن يۇكسەك، بىلىم ۋە تالانت ئىمتىيازغا باش ئەگكەن بىر جەمئىيەتتە كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىي پىكىر قىلىشى

ناتايىن. بۇنداق جەمئىيەتتە ئەقلىي پىكىر قىلىدىغان ياكى باشقىلاردىن سەل مەلۇماتلىق ئادەملەر، ھەتتا كۆپ سانلىقلارغا سەل ئوخشىمايدىغان، كۆپ سانلىق «ئاۋام» بولۇشنى رەت قىلغان ئادەملەرگە ئاسانلا ھەرخىل ماركىلار چاپلىنىشى، ئىپتىراق بولغاندا يەكلىنىشى ۋە باشقا قىسمەتلەرگە ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن. پەرھات تۇرسۇننىمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات، پەلسەپە، پىسخولوگىيە بىلىملىرى بىلەن بەلكى ئۆز كەسىپداشلىرىنىڭ «سەل كۆزىگە سىغمىغان» بولۇشىنى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن، ئۆزىنىڭ دىنداشلىرى ۋە مىللەتداشلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، گىرۋەكلەشتۈرۈلگەن بىر يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دەبدەبىلىك، ئادەمنىڭ ئىپىدىن چىقمايدىغان ۋەقەلىكلەر يوق. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى نورمال بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، جەمئىيەت تەرىپىدىن نورمال دەپ قوبۇل قىلىنغان قىممەت قاراشلارنىڭ نوپۇزىغا خىرىس قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەت ۋە ئادەملەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، چۈشىنىلمىگەن «يېرىم ساراڭ» ياكى «كېسەل» پېرسوناژلاردۇر.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى پەرھات تۇرسۇن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ساناقلىقلا ئۆزلىرىنىڭ ساغلام بولمىغان بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، بۇنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بىرى بولۇشى مۇمكىن. مىڭ ئەپسۇس، ئۇيغۇر جەمئىيىتى كىتاب ئوقۇش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن، كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل كۆز قارىشى، ئوي-پىكرى شەكىللەنمىگەن كۆپ سانلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، پەرھات تۇرسۇن ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن بايقالمىغان، قىممىتى مۆلچەرلىنەلمىگەن، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلىشنى خالىمىغان بىر بەختسىز يازغۇچى. ماھىيەتتە ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنى دەل ئۇيغۇر جەمئىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېسەك بەلكى خاتالاشماسلىقىمىز مۇمكىن(2017 - يىلدىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن).

پەرھات تۇرسۇن يەنە ئۆزىنىڭ غەرب ئەدەبىياتى ھەققىدىكى مول چۈشەنچىلىرى  بىلەن ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىغا يېڭىلىق ئەكىرگەن، يېڭىچە ئۇسلۇب ياراتقان، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىغا يېڭىچە ئويلىنىش بەخش ئەتكەن، غەرب ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ۋە يۆنىلىشىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتى ھەققىدىكى مۇساپىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى دەڭسىگەن ۋە بۇ مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا جۈرئەت بىلەن ئۇرۇنغان بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پىروزا ساھەسىدىكى بىر ئاقارتقۇچى دېيىشكە بولىدىغان بىر يازغۇچى ئىدى. ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ بۈگۈنكىچە ۋەقەنى مەركەز قىلىپ يېزىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەندىزىسىنىڭ ئەكسىچە ئىنساننىڭ ئادەدىيلىقى، چارىسىزلىقى، مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلىرى، ھەتتا ئىنساننىڭ بەزىدە ئۆزىگە-ئۆزىمۇ زىت كېلىپ قالىدىغان «ساراڭلىقى» نى يېزىش ئارقىلىق، ئىلغار ئەدەبىيات ياكى تەرەققىي قىلغان ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىمپورت قىلغان يازغۇچىدۇر. بۇ نۇقتىنى يەنە ئۇنىڭ تارىم ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىللىق 5-سانىغا بېسىلغان «ئەدەبىياتتىكى مۇكەممەللىك ۋە كەمتۈكلۈك» دېگەن ماقالىسىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن.

ئەمدى پەرھات تۇرسۇننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغا كەلسەك، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەگەشكۈچى ياكى بېقىنغۇچىلىق ئورنىدا بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن يالغۇز پەرھات تۇرسۇنلا ئەمەس باشقا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارغىمۇ لىللا باھا ۋە تېگىشلىك ئورۇن بېرەلمىدى. پەرھات تۇرسۇن ھەققىدە رەسمىي مەتبۇئاتلاردا بىرەر پارچە ئۇزۇنراق ئوبزور ياكى ئۇ ھەققىدە ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق دىيسسېرتاتسىيەلىرىمۇ ياقلانمىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت دائىرىسىگە نېمە ئۈچۈن كىرەلمىگەنلىكىنى راست گەپ قىلسام ئۆزۈمنى قانائەتلەندۈرەلىگۈدەك بىرەر جاۋابمۇ تاپالمىدىم.

ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇر مىللىتى بۈگۈنكىدەك كوللېكتىپ يوقىتىلىشقا دۇچار بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. مۇھاجىرەتتە بولسا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بەلكىم ئەمدىلەتىن بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئەگەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رەسمىي شەكىللىنىپ، بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلالىسا بەلكى شۇ چاغدىلا بىز پەرھات تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

پەرھات تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە دوكتور مەمتىمىن ئەلا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئەترالىق توختالغىنى ئۈچۈن مەن بۇ ھەقتە كۆپ توختىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەلۋەتتە پەرھات تۇرسۇننىمۇ قۇسۇرسىز، مۇكەممەل يازغۇچى ئەمەس، لېكىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دوكتور زۇلپىقار باراتنىڭ مەلۇم ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۈستۈن ئوقۇرمەن » ئۇقۇمى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ شۈبھىسىزكى ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازغۇچىسى ئىدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ئاخىرىدا، پەرھات تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە بىۋاسىتە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەنىلا يېڭىلا نەشردىن چىققان بۇ ئۈچ توملۇق كىتابقا مۇراجىئەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

ھەسەنجان ئابدۇۋايىت






# «نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» ۋە مەن

بىرىپ كېلىشىم ئۈچ‍ۈن ئۈچ سائەتكە يېقىن ۋاقىت كېتىدىغان مېترو يولىدا ئىلگىرىكىدەك توردىكى ئەخلەت ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ ۋاقىتىمنى ئىسراپ قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا دىققىتىمنى تارتقان «نەپەس ھاۋاغا ئايلانغاندا» دېگەن كىتابنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىسىنى ئاڭلاشنى باشلىدىم. بۇ مەن ھاياتىمدا تۇنجى بولۇپ ئۇچراشقان ئاۋازلىق كىتاب ئىدى. كىتابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدىن بىخەۋەر ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ھەرھالدا كىتابنىڭ بەدىئىي ئەسەر ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. بۇ دەل مېنىڭ بۇ كىتابنى تاللاپ ئاڭلىشىمدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. كىتابنىڭ ئىسمى ۋە مۇقاۋا رەسىمىدىن قارىغاندا كىتابنىڭ ۋاقىت ۋە ساغلاملىقنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلاتتىم.

ئاپتور پاۋىل كەلەنىتى كىتابنى ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقتىنى ئەسلەشتىن باشلىغانىدى. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى خۇددى باشقىلاردەك ئۆزىگە خاس بىر شەكىلدە ئۆتكۈزگەن پاۋىل تېزلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كەسىپنى تاللاش دوقمۇشىغا دۇچ كەلدى ۋە دادىسىنىڭ ئۆز كەسپى بولغان دوختۇرلۇققا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىنگلىزتىلى ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇشنى تاللىدى. ئەمما ئوقۇش داۋامىدىكى بىر قاتار ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر توقۇنۇشلىرى ئاخىرىدا ئۇنى يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرلۇقى كەسپىگە باشلاپ كىردى.

ئوقۇش نەتىجىسى ئەسلىدىنلا ئالاھىدە ياخشى بولغان پاۋىل بۇ كەسپىتىكى ئوقۇشىنىمۇ ناھايىتى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، ئۆزىنىڭ ئۆزۈنغا سوزۇلغان پىراكتىكانت دوختۇرلۇق ھاياتىنى باشلىدى. پاۋىلنىڭ قەلىمىدىكى تۇنجى ئوپېراتسىيەنى كۆرۈشتىن باشلانغان، قولىغا تۇنجى پىچاق تۇتۇشتىكى ھاياجانلىق ۋە ۋەھىمىلىك دەملەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، پىراكتىكانت دوختۇرلۇقىنىڭ ئاخىرى بولغان يەتتىنچى يىلىدا ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن نازۇك مېڭە ئوپېراتسىيەسىنى قىلالايدىغان سەۋىيەگە يەتكۈچە بولغان جەريانلارنىڭ تەسۋىرى مېنى بىر تەرەپتىن بۇ سىرلىق ساھەنىڭ چوققىلىرىغا يېتىشىلگەن ئادەمنىڭ شۇنچە ھەۋەس قىلىشىغا قارىماي، بۇ كەسپىتىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە خەتەرگە تولغان كەسكىن قارارلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ھەدېگەندە دوختۇر پاۋىلدىن بەكرەك سوغۇق تەرلىتەتتى.

ئەسلىدە بىمارلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىڭخە ئوپېراتسىيەلىرىنىڭ جەريانى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە دوختۇر پاۋىل يازغان بايانلارنىڭ ئۆزىمۇ مىنىڭ كىتابتىن كۈتكەنلىرىمنى ئېلىشىمغا يېتەرلىك ئىدى. ئەمما 34 يېشىدا، نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرلۇقى كەسپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۇلىشاي دەپ قالغاندا، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز قويۇلغان «ئۆپكە راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى» دېگەن دىياگنوز دوختۇر پاۋىلنىڭمۇ، شۇنداقلا مېنىڭمۇ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى.

پاۋىلنىڭ قەلىمى كەسپىدىكى مىللىمېتىر بىلەن ئۆلچىنىدىغان نازۇكلۇقلارنى، مەسئۇلىيىتى تاغدەك ئېغىر بولغان ھايات-ماماتلىق قارارلارنى چىقىرىشتىكى مۇرەككەپ قىيىنچىلىقلارنى تەسۋىرلەشتىن بىردىنلا توختاپ، ئۆزىنى چاڭگىلىغا ئالغان راكتىن ئىبارەت بۇ «قارا مېھمان»غا قانداق يۈزلىنىشكە بۇرۇلدى.

ئۇتلۇق غايە، قاتتىق تىرىشچانلىق، ئېغىر مەسئۇلىيەت، پارلاق نەتىجە، چېدىغۇسىز ئاغرىق، چەكسىز ئازاب، كۈچسىز دورا، يوقالغان ئۈمىد، تەن بەرمەس قەيسەرلىك، ئۆچمەس مۇھەببەت، رەھىمسىز ئەجەل...

پاۋىلنىڭ ھاياتى مەيلى قايسىلا تەرەپتىن قارىماڭ، خۇددى ئالماسنىڭ قىرلىرى ۋە بۇرجەكلىرىدەك ئىنتايىن نەپىس ۋە ئۆتكۈر، پارلاق ۋە جۇلالىق بولۇپ، بۇنچە كۆپ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەركىبلەرنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھەقدادىغا ھاياجانغا قاتتىق ھەقىقەتەن مېنى يېتىشى ۋە ئېغىر ئويلىنىشقا سالدى.

«ئۈچ ئاي ئۆمرۈم قالغان بولسا دادا بولاتتىم، ئىككى يىل ئۆمرۈم قالغان بولسا كىتاب يازاتتىم، ئون يىل ئۆمرۈم قالغان بولسا ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قايتا قولۇمغا ئالاتتىم». پاۋىلنىڭ بۇ گەپىنى قايتا-قايتا تەكرارلىشىدىن ئۇنىڭ قىپقالغان ھاياتىنى ئەڭ مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك شەكىلدە ئۆتكۈزۈشكە شۇقەدەر ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئۆلۈم بۇرنىغا پۇراپ تۇرغان پاۋىلنىڭ يەنە قانچىلىك قالغىنى نائېنىق بولغان ھاياتىنى بۇنچە كونكرېت ۋە مەنىلىك پىلانلىشى كېلەر يىلى ئەمەس، ھەتتا كېلەر ئايدىمۇ نېمىش قىلىشىمىز ئېنىق بولمىغان نۇرغۇنلىرىمىز بىلەن نەقەدەر روشەن سېلىشتۇرما ھە؟!

توقۇلما بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابتا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن ۋەقەلىكلەردىكى تەپسىلاتلارنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن ھەيران قالاتتىم. كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدا پاۋىلنىڭ ئايالى لۇسىي يازغان «پاۋىل بۇرۇندىن تارتىپلا خاتىرە يېزىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى، ئۇ جىددىي ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلاردىن خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭاتتى» دېگەن قۇرلاردىن بۇ ھەيرانلىقىمغا جاۋاب چىقتى.

«مارافونچە يۈگۈرۈش مەن ئۈچۈن ئەمدى ئەسلىمە بوپقالغانىدى...»، «بۇ قېتىم ۋېلسىپىتنى ئاران ئالتە مىل (تەخمىنەن ئون كىلومېتىر) ھەيدىيەلىدىم، بۇ ئەسلىدىكى 30 نەچچە مىللىق مۇساپەمگە سېلىشتۇرغاندا يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى...». كېسەلدىن يىقىلىپ، كۈچ-ماغدۇرىدىن تامامەن ئايرىلغان پاۋىل دەسلەپكى داۋالاشتا بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن شۇنداقلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئەسلىمىلەردىن پاۋىلنىڭ ئەسلىدىكى بەدەن ساپاسىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولۇپلا قالماي، چېنىقىشىنىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئەپچىققان يەنە بىر ئالاھىدىلىكىنىمۇ بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ ئۈچۈرلار نەزىرىمدىكى بۇ ئالماسقا يەنە بىر قىرنى زىيادە قىلغانىدى.

پاۋىلنىڭ كېسىلى مەن ئۈچۈن قانداق تۇيۇقسىز بىلىنگەن بولسا، ئۆلۈمىمۇ شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردى. ئۇ تېخى ئۆلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇنمۇ بۇ كىتابىنى يېزىۋاتاتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە خۇددى جان-جىگەر دوستۇم ئۆلۈپ كەتكەندەك ئىچىم شۇقەدەر ئاچچىققا تولدى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. پاۋىلنىڭ تىرىشچانلىقلىرى چېچەكلەپ، ئەمدى مېۋە بېرەي دېگەندە ئۈششۈك تېگىپ، ۋاقىتسىز ئاخىرلاشقان ھاياتىغا تولىمۇ ئېچىندىم.

«راك كېسىلى بىمارلىرىنى چۈشىنىشكىلار ئۈچۈن بۇ كىتابنى يازدىم» دەپ يازىدۇ پاۋىل كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئەسكەرتىپ. ئەمما پاۋىل پەقەت راك بىمارلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇرمەننى ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، ئۈتۈق ۋە ئوڭۇشسىزلىق، ساقلىق ۋە كېسەللىككە ئوخشاش ئېغىر تېمىلار ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بىر نادىر ئەسەر يېزىۋاتقىنىنى بىلسە ئىدى، بۇ كىتابنىڭ قىممىتىدىن تېخىمۇ سۆيۈنگەن ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر رازىمەنلىك تۇيغۇلىرىغا چۆمەر بولغىيتتى...

قوشۇمچە: كىتاب تەرجىمىسىنىڭ راۋانلىقى مېنى كىتاب تولۇقلىغىچە ھېچبىر دوقمۇشتا تەمترەتمەي، مەنزىلگە قانچە راھەت ئۇلاشتۇرغان بولسا، كىتابنى ئوقۇغۇچىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشتىكى ماھارىتى ۋە ئوقۇشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبىمۇ مېنى شۇنچە ھوزۇرلاندۇردى. بۇ ئەمگەككە كۈچ قوشقان ھەربىر مېھنەتكەشتىن تولىمۇ مىننەتدارمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ئابدۇراخمان سادىق

2020 - يىلى 27 - ئىيۇل، شىۋىتسىيە، ستوكھولم.






# «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىستانبۇلدا نەشرى قىلىندى

بۇ ژۇرنال 2017 - يىلى 7 - ئايدا ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ۋەخپە» تەرىپىدىن، ۋەتەن سىرتىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان «خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلماي مۇھاكىمە يىغىنى (2019)» ھارپىسىدا، 2019 - يىلى تۇنجى سانى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن ئىبارەت قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى.

«ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ۋەخپە» تەرىپىدىن چىقىرىلغان يېرىم يىللىق تىببىي پەن ژۇرنىلىدا، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تىبابەت مەدەنىيىتى، تارىخى نەتىجىلىرى، نەزەرىيە تەتقىقاتى، كىلىنىكىدا داۋالاش ۋە دورىگەرچىلىك تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. مۇھاجىرەتتە تىبابىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ خەلقئارالاشتۇرۇش مەقسىتىدە نەشر قىلىندى.

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» ئەينى ۋاقىتتا مۇھاجىرەتتە نەشر قىلىنغان تىبابەت ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي ژۇرنال بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن باشقا يەرلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئوخشاش مەزمۇندىكى ژۇرناللار بىلەن تەڭ سەۋىيەدە. بارلىق ماقالىلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، ئاچقۇچلۇق سۆزلىرى، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە ئىككى خىل تىلدا بېرىلگەن. ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىمۇ ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە ئىككى خىل تىلدا تەييارلانغان.

ئىلمىي ماقالىلەردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مىللىي تىبابەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان 30 دىن كۆپ تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى سۈرەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ خەلقئارا ۋە ئانا ۋەتەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرمۇ بېرىلگەن بولۇپ، سۈرەتلەر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھىم پاكىتلار ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرىگە مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى يىلدا ئىككى سان چىقىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتى، غەرب تېبابىتى ۋە دورىگەرلىك ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇھاجىرەتتە ياشاپ بۇ ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلاردىن ئەسەر ئەۋەتىپ بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

بارلىق ئەسەرلەر تۈرلىرى بويىچە، مەخسۇس بىلىم ئەھلىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن كېيىن ئۇيغۇن كۆرۈلدىغى تەقدىردە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدۇ. تۈركىيە سىرتىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈركچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك (ئىسىم ۋە قىسقىچە مەزمۇنى قاتارلىقلار) قىسمى تەھرىراتىمىز تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلىدۇ. تەپسىلىي ئۈچۈرلار ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى بىلەن ئالاقە قىلسا بولىدۇ.

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى

Email: tum.emchi@gmail.com











«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە مۇندەرىجىلىرى. شۇنداقلا ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالە، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تارىختا ئىز قالدۇرغان شەخسلەر تونۇشتۇرۇلۇشىدىن ئۈرنەكلەر.





مىسكەرلەر





ئەتلەس ئۇستىسى



كۆسەن تاغلىرى



تۇيۇق غوجام مازىرى، پىچان ناھىيەسى